ئىسرائىلىيە دۆلىتىنىڭ قۇرۇلۇشىغا ئاساس سالغان كىتاب

# يەھۇدىي دۆلىتى



تېئودور ھېرزل

# یەهۆدیی دۆلتی

تێئۆدور هێرزل

**يەھۇدىي دۆلىتى**

تېئودور ھېرزل

ئىنگلىزچىدىن تەرجىمە قىلغۇچى:

د. ئابدۇشۇكۇر ئابدۇرېشىت

تەھرىرلەر:

د. ئادىلجان ئەرئۇيغۇر

پىروف. ئالىمجان ئىنايەت

مەسئۇل مۇھەررىر:

ئۇيغۇر كۆكئارت

2025-يىلى 12-نويابىر، بىرىنچى نەشرى

# ئىنگلىزچە نۇسخىسىنىڭ نەشرى ھەققىدە

بۇ نەشرى 1988-يىلى تۇنجى قېتىم نەشر قىلىنغان بولۇپ، ئەسلىدە 1946-يىلى ئامېرىكا زىئونىست جىددىي ئىشلار كېڭىشى تەرىپىدىن نيۇيوركتا نەشر قىلىنغان ئەسەرنىڭ قىسقارتىلمىغان، ئۆزگەرتىلمىگەن قايتا نەشرىدۇر. بۇ نەشر 1943-يىلى سكوپۇس نەشرىيات شىركىتى تەرىپىدىن نيۇيوركتا نەشر قىلىنغان تەرجىمىگە ئاساسلانغان. بۇ تەرجىمە بولسا ئۆز نۆۋىتىدە «يەھۇدىي دۆلىتى» نىڭ تۇنجى ئىنگلىزچە نەشرىگە- يەنى، سىلۋى د'ئاۋىگدور (Sylvie d'Avigdor) تەرىپىدىن تەرجىمە قىلىنىپ، 1896-يىلى لوندوندىكى ناتت نەشرىياتىدا چىققان نۇسخىسىغا ئاساسەن تەييارلانغان. ھېرزل بۇ ئەسەرنى ئەسلىدە «دېر جۇدېنستاتت»(Der Judenstaat) يەنى «يەھۇدىي دۆلىتى» دېگەن ماۋزۇ بىلەن 1896-يىلى ۋيېنادا نەشر قىلغان.

«يەھۇدىي دۆلىتى» ئامېرىكا زىئونىست جىددىي ئىشلار كېڭىشى تەرىپىدىن ئۆزىنىڭ تەركىبىي تەشكىلاتلىرى ئۈچۈن «دېر جۇدېنستاتت» نىڭ 1896-يىلى 14-فېۋرالدا ۋيېنادا نەشر قىلىنغانلىقىنىڭ 50 يىللىق خاتىرىسى مۇناسىۋىتى بىلەن نەشر قىلىنغان. «يەھۇدىي دۆلىتى» نىڭ سكوپۇس نەشرىيات شىركىتى تەرىپىدىن چىقىرىلغان قايتا تەكشۈرۈلگەن تەرجىمىسى، بۇ كىتابنىڭ مۇھەررىرى جاكوب م. ئالكوۋ تەرىپىدىن قايتا تەھرىرلەنگەن. تەرجىمىھال ئالېكس بېيىننىڭ «تېئودور ھېرزل» ناملىق كىتابىدىن قىسقارتىلغان بولۇپ، ئۇنى ئامېرىكا يەھۇدىي نەشرىياتى جەمئىيىتى نەشر قىلغان. بىبلىيوگرافىيە ۋە يىلناملىرى زىئونىست ئارخىپ ۋە كۇتۇپخانىسى تەرىپىدىن تەييارلانغان.

ئامېرىكا زىئونىست جىددىي ئىشلار كېڭىشى لوئىس لىپسكى ئەپەندىگە ۋە يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان بارلىق تۆھپىكارلارغا چوڭقۇر مىننەتدارلىق بىلدۈرىدۇ.

# مۇندەرىجە


**ئىنگلىزچە نۇسخىسىنىڭ نەشرى ھەققىدە ..... 1**

**كىرىش سۆز ..... 7**

**ھېرزل تېئودور ..... 19**


## يەھۇدىي دۆلىتى


**سۆز بېشى ..... 17**

**1ـباپ: كىرىش ..... 77**

**2ـباپ: يەھۇدىي مەسىلىسى ..... 90**

ئىلگىرىكى ھەل قىلىش ئۇرۇنۇشلىرى ..... 92

ئانتى-سېمىتىزمنىڭ سەۋەبلىرى ..... 94

يەھۇدىي دۇشمەنلىكىنىڭ تەسىرلىرى ..... 96

پىلان ..... 97

پەلەستىن ياكى ئارگېنتىنا؟ ..... 100

تەلەپ، ۋاستە، سودا-سېتىق ..... 101

**3ـباپ: يەھۇدىي شىركىتى ..... 103**

قىسقىچە مەزمۇنى ..... 103

كۆچمەس مۈلۈكلەر ..... 103

يەر سېتىۋېلىش ..... 105

بىنالار ..... 106

ئىشچىلارنىڭ تۈرلىرى ........ 106
تېخنىكىسى بولمىغان ئىشچىلار ........ 107
يەتتە سائەتلىك خىزمەت كۈنى ........ 108
ئەمگەك ئارقىلىق ياردەم ........ 110
سودا-سېتىق ........ 112
باشقا خىلدىكى تۈرلەر ........ 113
يۆتكەشنىڭ بەزى تۈرلىرى ........ 114
شىركەتنىڭ كاپالەتلىرى ........ 117
شىركەتنىڭ بەزى پائالىيەتلىرى ........ 120
سانائەتنى ئىلگىرى سۈرۈش ........ 121
تېخنىكىلىق ئىشچىلارنىڭ تەمىنلىنىشى ........ 122
كاپىتال توپلاش يوللىرى ........ 123
**4-باپ: يەرلىك گۇرۇپپىلار يەھۇدىلارنىڭ كۆچۈشى ........ 127**
گۇرۇپپىلار بويىچە كۆچۈش ........ 128
ھاخاملارنىڭ رولى ........ 129
يەرلىك گۇرۇپپىلارنىڭ ۋەكىللىرى ........ 130
شەھەرلەرنىڭ پىلانلىرى ........ 131
ئوتتۇرا قاتلام كىشىلىرىنىڭ كۆچۈشى ........ 132
توپ-توپ ئادەملەر ھادىسىسى ........ 133
يەھۇدىلارنىڭ ئىنسانىي ماتېرىيالى ........ 138
ئادەتلەر ........ 139
**5-باپ: يەھۇدىيلار جەمئىيىتى ۋە يەھۇدىي دۆلىتى ........ 141**
مۇزاكىرە خىزمىتى ........ 141
يەھۇدىيلارنىڭ ۋەكىلى ........ 145
يەرنىڭ ئىگەللىنىشى ........ 147

ئاساسىي قانۇن ..... 149
تىل ..... 151
تېئوكراتىيە ..... 152
قانۇنلار ..... 153
ئارمىيە ..... 153
بايراق ..... 153
ئۆزئارا كېلىشىم ۋە جىنايەتچىلەرنى قايتۇرۇش شەرتنامىلىرى ..... 154
يەھۇدىيلارنىڭ كۆچۈپ كېتىشىنىڭ پايدىلىرى ..... 155
**6-باپ: خۇلاسە ..... 159**
**پايدىلانغان ماتېرىياللار: ..... 164**
**تېئودور ھېرزىل ھەققىدە ..... 165**
**يىلنامە ..... 166**

# كىرىش سۆز

**لۇيىس لىپسكي**

تېئودور ھېرزل يەھۇدىي مەسىلىسىنى خەلقئارالىق مەسىلە سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا قويغان تۇنجى يەھۇدىي ئىدى. ئەللىك يىل ئىلگىرى يېزىلغان «يەھۇدىي دۆلىتى»، زامانىۋىي تىلدا زامانىۋىي[1] بىر يەھۇدىي تەرىپىدىن ئىپادىلەنگەن تۇنجى ئاشكارا باياناتتۇر. بۇ باياناتتا مەسىلىنىڭ ھەل قىلىنىشىنى قانداق تېزلىتىش ۋە ئىككى مىڭ يىلدىن بۇيان يەھۇدىيلارنىڭ خاتىرىسىدە ئۇخلاپ ياتقان قەدىمكى يەھۇدىي ئۈمىدىنى قانداق ئەمەلگە ئاشۇرۇش توغرىسىدا ئاكتىپ چۈشەنچە بېرىلىدۇ.

1882-يىلى، ئودېسسالىق يەھۇدىي تېۋىپ لېئو پىنسكېر، 1881-يىلدىكى يەھۇدىي قىرغىنچىلىقىدىن[2] بىئارام بولۇپ، يەھۇدىيلارنىڭ ئەھۋالىنى ئەستايىدىل تەھلىل قىلىدۇ. ئۇ ئانتى-سېمىتىزمنىڭ[3]

[1] ئۇيغۇر تىلىدا مودېرن دەپمۇ ئېلىنىدۇ.

[2] پروگروم (Pogrom): پروگروم سۆزى رۇسچىدىن (“погром”) كەلگەن. بۇ سۆز 1880-يىللاردا چار رۇسىيە ئىمپېرىيىسى دەۋرىدە يەھۇدىيلارنى قىرىپ تاشلاشنى ئىپادىلەش ئۈچۈن پەيدا بولغان. سۆزمۇ-سۆز مەنىسى بويىچە، پوگروم «ۋەيران قىلىش» ياكى «ئاۋارىچىلىق» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. گېرمانىيەدە، پوگروم تېرمىنى 1938-يىلى 9-10-نويابىر كۈنلىرىدە يۈز بەرگەن ۋەقەلەرنى ئىپادىلەشتە كەڭ تارقالغان ئاتالغۇ بولۇپ قالغان

[3] يەھۇدىيلارنى يامان كۆرۈش (ئانتىسېمىتىزم) يەھۇدى خەلقىگە قارشى بىر تەرەپلىمە قاراش ياكى نەپرەت شەكلىدە ئىپادىلىنىدىغان بىر چۈشەنچىدۇر. يەھۇدىيلارغا قارشى بۇ نەپرەت، يەھۇدى قىرغىنچىلىقىنىڭ (ھولوكاۋست) ئاساسىنى تەشكىل قىلغان. لېكىن يەھۇدىيلارنى يامان كۆرۈش قانداقتۇر ھولوكاۋست بىلەن يەنى قىرغىنچىلىق بىلەن باشلانغان ياكى ئاخىرلاشقان دېيىلمەيدۇ. ئانتىسېمىتىزم مىڭلىغان يىللاردىن بېرى مەۋجۇت بولۇپ

بىر خىل پسىخىك كېسەل ئىكەنلىكىنى ۋە داۋالىغىلى بولمايدى-غانلىقىنى، ئۇنىڭ سەۋەبى يەھۇدىي ھاياتىنىڭ نورمال بولمىغان ئەھۋالى ئىكەنلىكىنى، ۋە بۇنىڭ بىردىنبىر چارىسى ئۆز-ئۆزىگە ياردەم ۋە ئۆز-ئۆزىنى ئازاد قىلىش ئارقىلىق سەۋەبىنى يوقىتىش ئىكەنلىكىنى بايان قىلدى. يەھۇدىي خەلقى مۇستەقىل بىر مىللەت بولۇشى، ئۆز زېمىنىغا ماكانلىشىشى ۋە نورمال خەلققە ئوخشاش ھايات كەچۈرۈشى كېرەك. موزېس خېس[1] ئۆزىنىڭ «رىم ۋە يېرۇسالېم»[2] ناملىق ئەسىرىدە يەھۇدىي مەسىلىسىنى فرانسىيە ئىنقىلابىدىن ئىلھاملانغان مىللەتچىلىك كۈرەشلىرىنىڭ بىرى دەپ تەرىپلىگەن. پېرېز سمولېنسكىن ۋە ئې. بېن-يەھۇدا[3] ئىبرانىي تىلىنى قايتا جانلاندۇرۇش ۋە پەلەستىنغا قايتا ماكانلىشىشنى يەھۇدىي خەلقىنىڭ قايتا تۇغۇلۇشىنىڭ ئاساسى دەپ تەكىتلىگەن. ھېرزل بۇ ئەسەرلەرنىڭ مەۋجۇتلۇقىدىن بىخەۋەر ئىدى. ئۇنىڭ دىققىتى بۇمەسىلىگە ئوخشاش ئۇسۇلدا بۇرالمىغان ئىدى. ئۇ «يەھۇدىي دۆلىتى»نى يازغاندا، پارىژدا ياشايدىغان بىر ژۇرنالىست بولۇپ، ۋېينانىڭ يېتەكچى گېزىتى «نېئۇ فرېي پرېسسە»گە[4] ماقالىلىرىنى ئەۋەتىپ تۇراتتى. ئۇ كۆپ خىل تېمىلاردا يازاتتى. ئۇ يەھۇدىي ھاياتىنى ئۆزگەرتىۋاتقان دۇنيادىكى بىر ھادىسە سۈپىتىدە كۆرۈشكە باشلىدى. ئۇ پۈتۈن ھاياتقا دۇنياۋى كۆز قاراش بىلەن ماسلاشقان ئىدى. ئۇنىڭ تىرىشچانلىقلىرى ئارقىلىق، يەھۇدىي مەسىلىسى خەلقئارالىق مەسىلە دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلدى. ئۇنىڭ قارىشىچە، بۇ مەسىلە ئوچۇق پىكىرلىك دۆلەت ئەربابلىرى تەرىپىدىن مۇلاھىزە قىلىنىشى كېرەك ئىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ كىچىك ھەجىملىك كىتابىغا دىققەتنى تارتىدىغان ماۋزۇ بېرىشكە مەركەزلەشتى. ئۇ «يەھۇدىي دۆلىتى»نى بىئاراملىق كەيپىياتىدا يېزىپ چىقتى. ئۇنىڭ ئىدىيەلىرى ئۆزلۈكىدىن يۈز بەرگەن تەبىئىي بىر «ۋەھىي» قوينىغا تاشلاندى. كۆرۈنگەن مەنزىرە ئۇنى ھەيران قالدۇردى ۋە كۆزلىرىنى

---

كەلمەكتە. بۇ چۈشەنچە ئادەتتە يەھۇدىيلارغا قارشى سىستېمىلىق ئايرىمچىلىق ۋە زۇلۇم شەكلىدە ئۆزىنى نايامەن قىلغان

[1] Moses Hess

[2] Rome and Jerusalem

[3] Perez Smolenskin, E. Ben Yehuda

[4] Neue Freie Presse

قاماشتۇردى. ئالېكس بېين[1] ئۆزىنىڭ تەرجىمىھالىدا، ھېرزلنىڭ «كۆندىلىك خاتىرىلىرى»دىن «يەھۇدىي دۆلىتى»نىڭ قانداق تۇ- غۇلغانلىقى ھەققىدە قىزىقارلىق بايانلارنى بەرگەن. بۇ بىر روھانىي مەنزىرە بولۇپ، «پەيغەمبەرلىك» چاقماقلىرى ۋە يۇقىرى پەردىلىرى بىلەن بىللە نامايان بولغان «ۋەھىي» ئىدى. بېين مۇنداق دەيدۇ:

«تۇيۇقسىزلا بوران ئۇنىڭغا ھۇجۇم قىلىدۇ. بۇلۇتلار ئېچىلىدۇ. گۈلدۈرماما گۈلدۈرلەيدۇ. چاقماق ئۇنىڭ ئەتراپىدا چاقنايدۇ. مىڭلىغان تەسىراتلار ئۇنىڭغا بىرلا ۋاقىتتا ئۇرۇلىدۇ- شۇنچىلىك ھەيۋەتلىك مەنزىرە. ئۇ ئويلىيالمايدۇ؛ ئۇ ھەرىكەتلىنەلمەيدۇ؛ ئۇ پەقەت يازالايدۇ؛ نەپەسسىز، ئويلانماي، ئۆزىنى كونترول قىلالمىغان ياكى تەنقىدىي ئىقتىدارىنى جارى قىلدۇرالمىغان ھالدا، پارتىلاشنى توسۇپ قالماسلىق ئۈچۈن، ئۇ قەغەز پارچىلىرىغا ئوي-پىكىرلىرىنى تاشلايدۇ-مېڭىۋاتقاندا، ئۆرە تۇرغاندا، ياتقاندا، كوچىدا، ئۈستەلدە، كېچىدە-خۇددى ئۈزلۈكسىز بۇيرۇق ئاستىدا بولغاندەك ھەرىكەت قىلىدۇ. ئۇنىڭ خىياللىرىنىڭ شارقىراتمىسى ئۇنىڭدىن شۇنچىلىك تېز ئېقىپ ئۆتتىكى، ئۇ ئۆزىنىڭ ساراڭ بولۇپ قالىدىغانلىقىنى ئويلىغانىدى. ئۇ قانداقتۇر ئىدىيەنى روياپقا چىقارمىدى، ئىدىيە ئۇنى روياپقا چىقاردى. ئەگەر بۇ باشتىن ئاخىرغىچە ئەقىل بىلەن يورۇتۇلمىغان بولسا، بۇ بىر فانتازىيە بولاتتى، خالاس.»

بۇ سېھىرلىك ماۋزۇ شۇ دەۋردىكى زىيالىيلار ئارىسىدا كەڭ قىزىقىش قوزغىغانلا بولماستىن، يەنە يەھۇدىيلارنى بۇلۇڭ-پۇچقاقلاردىكى تۇرالغۇ-جايلىرىدىن چىقىرىپ، ئۇلارنى ئۆزلىرىنىڭ كېلىپ چىقىشى ۋە تەقدىرى توغرىسىدا ئويلىنىدىغان قىلدى. بۇ ئۇلارغا ئۆزلىرىنىڭ ئىلگىرى ياتلارغا ھېچقاچان سۆزلەپ باقمىغان دەۋاسى ئۈچۈن قولغا كەلتۈرگىلى بولىدىغان بىر دۇنيا بارلىقىنى ھېس قىلدۇردى. ھېرزل ئارقىلىق، يەھۇدىيلار ئۆزلىرىنىڭ مىللىي ئەركىنلىكىنى تەلەپ قىلىدىغان خەلقئارالىق ھەرىكەتنىڭ ئاقىۋەتلىرىدىن قورقماسلىقنى ئۆگەندى. شۇنىڭدىن كېيىن، ئۇلار ئەركىنلىك ئارزۇسى ۋە ئىشتىياقى تۈرتكىسىدە زىئونىست قۇرۇلتىيىدا مىللىي فوندلار، مىللىي مەكتەپلەر، بايراق ۋە مىللىي مارش، ۋە ئۆز زېمىنلىرىنى قۇتقۇزۇش توغرىسىدا

[1] Alex Bein

دادىللىق بىلەن سۆزلەيدىغان بولدى. ئۇلارنىڭ روھلىرى ئازاد بولدى ۋە تەسەۋۋۇرىدا ئەمدى شەھەرنىڭ بۇلۇڭ-پۇچقاقلاردا ياشىمايدىغان بولدى. ھېرزل ئۇلارغا بۇلۇڭ-پۇچقاقلاردا يوشۇرۇنماسلىقنى ئۆگەتتى. بىرىنچى قۇرۇلتايدا ئۇ مۇنداق دېدى: «بىزنىڭ سۆيىقەست، مەخپىي ئارىلىشىش ياكى ۋاستىلىك ئۇسۇللار بىلەن كارىمىز يوق. بىز مەسىلىنى خەلقئارا سەھنىگە قويۇشنى ۋە ئەركىن ئاممىۋى پىكىرنىڭ باشقۇرۇشى ئاستىغا قويۇشنى خالايمىز.» يەھۇدىيلار ئۆزلىرىنىڭ ئەركىنلىكىدە ئاكتىپ رولى ئوينىشى كېرەك ئىدى، ۋە ئەگەر ھەقىقەتەن ئۇنى خالىسا، «يەھۇدىي دۆلىتى»دە تەسەۋۋۇرلەنگەن نەرسە چۈش ئەمەس، رېئاللىق بولاتتى.

يەھۇدىي قايتا جانلىنىشىنىڭ باشلىنىشى «يەھۇدىي دۆلىتى»نىڭ پەيدا بولۇشىدىن بىر نەچچە ئون يىل ئىلگىرى بولغان. رۇسىيە يەھۇدىيلىرىنىڭ ھەر بىر قاتلىمىدا ۋە يەھۇدىيلار ئۆزلىرىنىڭ ئىبرانىي مىراسىغا چىڭ ئېسىلغان ھەر قانداق يەردە، ئاكتىپ زىئونىست ھايات بار ئىدى. قايتا تۇغۇلغان ئىبرانىي تىلى ھەممىگە تەسىر كۆرسىتەتتى. ئونلىغان ئىبرانىي مەكتەپ ۋە ئاكادېمىيەلەر بار ئىدى. يۇقىرى سۈپەتلىك ئىبرانىي ژۇرناللىرى كەڭ تارقالغان ئىدى. 1881-يىلدىكى يەھۇدىي قىرغىنچىلىقىدىن باشلاپ، پىنسكېر، سمولېنسكىن ۋە گوردوننىڭ[1] ئىدىيەلىرى زور قىزىقىش ۋە چوڭقۇر چۈشىنىش بىلەن مۇھاكىمە قىلىنغانىدى. رۇسىيەدە، پولشادا، رۇمىنىيەدە، گالىتسىيەدە ۋە ھەتتا ئامېرىكا قوشما شتاتلىرىدا نۇرغۇن زىئونىست جەمئىيەتلەر بار ئىدى. «يەھۇدى دۆلىتى» دېگەن ئەسىرىدە ھېرزل يەھۇدى دۆلىتىنىڭ تىلى مەسىلىسىگە ئىشارە قىلىپ، ئىبرانىي تىلىنى ئۇنچىۋالا چوڭ ئەھمىيەتكە ئىگە ئەمەستەك تەسۋىرلەيدۇ. ئۇنىڭ يەھۇدىيلارنىڭ ئورتاق تىلى بولغان يىددىش[2] ھەققىدە تېخىمۇ ناچار پىكرى بار بولۇپ، ئۇنى «مەھبۇسلارنىڭ يوشۇرۇن تىلى» دەپ قارايدۇ. بۇ ئېنىقلا بىر كۆڭۈل بۆلمەسلىك ئىدى. ھالبۇكى، ھېرزلنىڭ كېلىشى بىلەن، زىئونىزم پەقەت ئىچكى يەھۇدىي مەسىلىسىلا، زىئونىست يىغىنلىرىدا مۇھاكىمە قىلىنىدىغانلا، شۇنداقلا يەھۇدىي يازغۇچىلارنىڭ روھىنى قىزدۇرىدىغان

[1] Pinsker, Smolenskin, Gordon

[2] Yiddish

مەسىلىلا ئەمەس ئىدى. ئۇ ئەمدى يەھۇدىيلارنىڭ سۈرگۈن مەسىلىسى ئەمدى خەلقئارالىق ئىشلار كۈن تەرتىپىدە ئورۇن ئالىدىغان بولدى.

ھېرزل نۇرغۇن رۇسىيە زىئونىستلىرى دەسلەپتە پەرەز قىلغاندەك ئۆز خەلقىدىن ئۇنچە يىراق ئەمەس ئىدى. ئۇ ئاۋستىرىيە ۋە گېرمانىيەدىكى ئىجتىمائىي ئانتى-سېمىتىزم بىلەن تونۇش ئىدى. ئۇ رۇسىيەدىكى يەھۇدىيلارنىڭ قىيىنچىلىقلىرىنى بىلەتتى. ئۇنىڭ ماقالىلىرىدا يەھۇدىيلارغا مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەرگە نۇرغۇن ئىشارەتلەر بار. ئۇ ئېيۇگېن دۇرىڭ تەرىپىدىن يېزىلغان «يەھۇدىي مەسىلىسىگە ئىرق، ئەخلاق ۋە مەدەنىيەت مەسىلىسى سۈپىتىدە قاراش»[1] دېگەن ئانتى-سېمىتىزمگە دائىر كىتابنى ئوقۇغان. ئۇنىڭ ئەڭ يېقىن دوستلىرىنىڭ بىرى يەھۇدىي كومىتېتىغا ۋاكالىتەن برازىلىيەگە بېرىپ، يەھۇدىيلارنىڭ جەنۇبىي ئامېرىكىنىڭ شۇ قىسمىدا ماكانلىشىش ئىمكانىيىتىنىڭ بار يوقلۇقى ئۈستىدە تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغان. 1892-يىلى ئۇ فرانسىيەدىكى ئانتى-سېمىتىزم ھەققىدە بىر ماقالە يازدى. بۇ ماقالىدا ئۇ زىئونغا[2] قايتىشقا دائىر ھەل قىلىش چارىسىنى مۇلاھىزە قىلدى ۋە ئۇنى رەت قىلغاندەك كۆرۈندى. ئۇ «يەھۇدىي دۆلىتى» ناملىق ئەسىرىنى يېزىشتىن ئىككى يىل ئىلگىرى «يېڭى نامراتلار رايونى»نى[3] يازدى. ئۇ 1894-يىلى دېكابىردا ئالفرېد درېيفۇسنىڭ[4] سوتىغا قاتناشتى. ئۇ سوتتا درېيفۇسنىڭ ھاقارەتلىنىشىگە شاھىت بولدى ۋە پارىژ كوچىلىرىدا «يەھۇدىيلارنى يوقىتىش كېرەك» دېگەن ۋارقىراشلارنى ئاڭلىغان. ئۇ ئېدۇئارد درۇمونتنىڭ[5] ئانتى-سېمىتىك ژۇرنىلى «لا فرانس جۇئىۋ»[6]يەنى «فرانسىيە يەھۇدىيلىرى» نى ئوقۇغان ۋە «مېنىڭ ھازىرقى يەھۇدىي مەسىلىسى ھەققىدىكى ئەركىنلىك چۈشەنچەمنىڭ كۆپ قىسمى ئۇچۇن درۇمونتقا رەھمەت ئېيتىشىم كېرەك» دېگەن. ئۇ پارىژدا تۇرغاندا، يەھۇدىيلارنىڭ ئېچىنىشلىق

---

[1] The Jewish Problem as a Problem of Race, Morals and Culture

[2] Zion

[3] New Ghetto

[4] Alfred Dreyfus

[5] Edouard Drumont

[6] «La France Juive

ئەھۋالىنىڭ ئوچۇق پىكىرلىك دۆلەت ئەربابلىرىنىڭ ھەمكارلىقىنى تەلەپ قىلىدىغان بىر مەسىلە ئىكەنلىكىنى چۈشەندى ۋە بۇ ئۇنى ئىلگىرى بولۇپ باقمىغان دەرىجىدە ھاياجانلاندۇردى. ئۇنى ئەڭ غەلىتە بىر تەرىقىدە ھاياجانلاندۇرغان ئەھۋال بولسا، يەھۇدىيلارنىڭ ئۇنىڭغا نىسبەتەن مەۋجۇت ۋەزىيەتنىڭ تەھدىتى بولۇپ كۆرۈنگەن ئەھۋالغا قارىتا ئىزاھلىغىلى بولمايدىغان بىپەرۋالىقى ئىدى. ئۇ ھەر بىر زېمىندىكى يەھۇدىيلارنىڭ دۈشمەنلەر بىلەن قورشالغانلىقىنى، ئۇلارغا بولغان دۈشمەنلىكنىڭ ئۇلارنىڭ سانىنىڭ كۆپىيىشى بىلەن ئېشىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ يەتتى. ئۇ دەسلەپتە يەھۇدىي خەير-ساخاۋەتچىلەر ھەققىدە ئويلىدى. ئۇ 1895-يىلى ماي ئېيىدا بارون مائۇرىس دې خىرش[1] بىلەن كۆرۈشۈشكە تىرىشتى. ئۇ روتسچىلدلارغا[2] بىر مۇراجىئەتنامە تەييارلىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ ئىدىيەلىرى ھەققىدە ئەدەبىيات ساھەسىدىكى دوستلىرى بىلەن سۆزلەشتى. ئۇنىڭ زېھنى ئۇنىڭغا ئارام بەرمەيدىغان غايەت زور مەسىلە بىلەن بەند ئىدى. ئۇ «ۋەھىي»نىڭ پەردىلىرىنى تېشىپ ئۆتۈشكە تىرىشىۋاتاتتى. ئۇ يەھۇدى خەلقىنىڭ مىللىي ھەرىكەت ئۈچۈن تايانچ نۇقتىسى كەمچىل بولغان بىر دۇنيانى كۆردى ۋە شۇ سەۋەبتىن بۇنى خەير-ساخاۋەت يولى بىلەن بەرپا قىلىشقا ئىنتىلدى. ئۇنىڭدا ھەيران قالارلىق چاققان ۋە تېز ئويلىنىش ئىقتىدارى بار ئىدى . ئۇ مۇناسىۋەتلىك ئىدىيەلەرنى دەڭسىدى، تەڭپۇڭلاشتۇردى، كېرەكسىزلىرىنى تاشلىدى، ئويلاندى، قايتا قاراپ چىقتى، زىددىيەتلەرنى ئەپلەشتۇرۇشكە تىرىشتى ۋە ئاخىرىدا ئۇنىڭغا ئەقىل ۋە ھېس-تۇيغۇغا مۇۋاپىق كەلگەن ئىدىيەنىڭ ھېكمىتىنى تونۇپ يەتتى.

ئېنىقكى، «يەھۇدى دۆلىتى» ناملىق ئەسەر دوگماتىك ئاخىرقى يەكۈن ئەمەس ئىدى. ئۇنىڭدىكى ماكانلىشىش ۋە كۆچۈش پىلانلىرىنىڭ كۆپىنچىسى ۋاقىتلىق تەدبىرلەر ئىدى. بۇ كىچىك كىتاب ئىنچىكە پىلان لايىھەسى ياكى نۇسخا ئەمەس. گەرچە بۇ كىتابنىڭ بەزى قىسىملىرى ئۇتوپىيەدەك تەسىرات بەرسىمۇ، ئۇنىڭ ئۇتوپىيە بىلەن بەك ئالاقىسى يوق. ئۇنىڭ بەلگىلەنگەن تەقدىرى بار ئىدى، ئەمما مەھكەم سىزىق بىلەن باغلانمىغان. ئۇ بىر ئاكتىپ ۋە چوڭقۇر ئويلاش

---

[1] Baron Maurice de Hirsc

[2] Rothschilds

ۋە پىكىرنىڭ يورۇقلىقى ئىدى. ئۇ ئارزۇنىڭ ئەمەلگە ئېشىشىغا تۇرتكە بولىدۇ دېگەن ئۈمىد بىلەن يورۇقلۇققا ئەگەشتى. ئايلانما يوللار ۋە ئۆزگىرىشلەر ئۇچۇن ئورۇن بار ئىدى. ئۇنىڭ بىلىشىچە، بۇ قايتا يېزىلىشى كېرەك ئىدى، ئەمما ئۇنىڭ ئاپتورى تەرىپىدىن ئەمەس، بەلكى ئەركىنلىككە قاراپ قەدەم تاشلىغان يەھۇدى خەلقى تەرىپىدىن يېزىلىشى كېرەك ئىدى.

دەرۋەقە، زىئونىست ھەرىكىتى خەلقئارالىق سەۋىيەدە تەشكىللەنگەن پەيتتىن تارتىپلا بۇ قايتا تۈزىتىلدى. «يەھۇدىيلار جەمئىيىتى» نىزامنامىلىرى، ئىجرائاتلىرى، ئاممىۋى ھاياجىنى ۋە تالاش-تارتىشلىرى قاتارلىق ئالاھىدىكلىرى بىلەن زىئونىست تەشكىلاتىغا ئايلاندى. «يەھۇدىي شىركىتى» بانكا بولدى؛ ئاندىن تېخىمۇ ئالاھىدە ھالدا، يەھۇدىي مۇستەملىكە ئىشەنچى بانكىسى ۋە كېيىنچە ئانگلو-پەلەستىن بانكىسى بولدى. كىچىك كىتابنىڭ ئاخىرقى بابىدا كۆزگە چېلىقىدىغان گېستورنىڭ[1] تەسۋىرىگە قايتا دىققەت ئاغدۇرۇلمىدى، ئەمما ئەمەلىيەتتە ئۇ شەكىللىنىۋاتقان-دۆلەت ئىدىيەسىگە قوشۇپ كىرگۈزۈلدى. ئۇنىڭ قانۇنىي ۋارىسى پەلەستىن ھۆججىتىدە[2] تىلغا ئېلىنغان يەھۇدىي ئاگېنتلىقىدۇر. ئۇ دەسلەپتە سۇلتان ئارقىلىق ئىمتىيازنامىگە ئېرىشىش يولىنى تاللىدى، ئارقىدىن پادىشا ۋىلھېلمنىڭ سۇلتانغا گەپ ئۆتكۈزۈشىگە ئىشىنىپ ھەرىكەتكە ئۆتتى. ئەمما ئىككى پادىشاھنىڭ ئۇنى ئۈمىدسىزلەندۈرۈشى بىلەن، ئۇ ئەنگلىيە ۋە جوزېف چامبېرلايندىن[3] مەدەت تىلىدى ۋە ئۇنىڭ ئۇگاندا تەكلىپىگە قوشۇلدى. گەرچە لايىھە زىئونىست قۇرۇلتىيى تەرىپىدىن ئەمەلىيەتتە رەت قىلىنغان بولسىمۇ، بۇ ھېرزلنىڭ بىردىنبىر سىياسىي مۇۋەپپەقىيىتى ئىدى. ئەمما ئەنگلىيە بىلەن بولغان بۇ ئالاقە بىر ھۆججەت ھۆكمىدە بولۇپ، زىئونىستلار ئىچىدە نۇرغۇن مۇلاھىزىلەرگە سەۋەب بولدى ۋە زىئونىست پىكرىنى گېرمانىيە ۋە تۈركىيەدىن يىراقلاشتۇرۇپ، باشقا تەرەپكە بۇرىدى. بۇ دوكتور چاييىم ۋېيزماننى ئەنگلىيەنى ئۆزىنىڭ ماكانى قىلىشقا ۋە زىئونىست ئىدېئالىغا ئەنگلىيەنىڭ ھېسداشلىقىنى

[1] Gestor

[2] Mandate for Palestine

[3] Joseph Chamberlain

قولغا كەلتۈرۈشكە تۈرتكە بولدى. جوزېف چامبېرلايننىڭ ئىزباسارى ئارتۇر جەيمس بالفور[1] ئىدى. ھېرزل چامبېرلايننىڭ ئىشكىنى ئاچقاندا، زىئونىزمنىڭ بالفورنىڭ ئەنگلىيەسىگە كىرىشى تېخىمۇ ئاسانلاشتى.

ھېرزل سىياسىي سەھنىدە تۈنجى قېتىم كۆرۈنگەندە، ئۇ سارايدىكىلەر ۋە دۆلەت ئەربابلىرى، شاھزادىلەر ۋە پادىشاھلار توغرىسىدا ئويلىدى. ئۇ ئۇلارنىڭ ھەقىقەت ياكى مۇقىملىق ئۈچۈن تايانغىلى بولمايدىغانلىقىنى بايقىدى. ئۇلار ئۆزلىرىنى ياقتۇرىدىغان ۋە يالانما كىشىلەر بىلەن قورشالغان ئىدى. چوڭ مەسئۇلىيەتلەر ئۇلارنىڭ زىممىسىغا يۈكلەنگەن بولسىمۇ، ئۇلار بۇ مەسئۇلىيەتلەرگە نىسبەتەن قىمارۋازلاردەك ياكى ھەۋەسكارلاردەك مۇئامىلە قىلغاندەك كۆرۈنەتتى. ھېرزل تېزلا بۇلارنىڭ ئەڭ كىچىك بېسىم ئاستىدا سۇنۇپ كېتىدىغان ئاجىز قومۇشلار ئىكەنلىكىنى چۈشىنىپ يەتتى. ئۇ يەھۇدىي خەلقىگە ئىشىنىش يولىنى تاللىدى ۋە ئۇلار ئەركىنلىك ئۈچۈن بىردىنبىر ھەقىقىي كۈچ مەنبەسى ئىدى. ئۆزلىرىگە بولغان ئىشەنچ ئۇلارغا تۈرمە تاملىرىنى بۆسۈپ ئۆتۈش كۈچىنى بېغىشلايتتى. ئۇنىڭ ئاقسۆڭەكلەر جۇمھۇرىيىتى دېموكراتىك ھەرىكەتكە ئايلىنىشى كېرەك ئىدى. شۇڭا پەقەت «يەھۇدى دۆلىتى» دىلا سىز بىر «بەلگىلەنگەن پروگراما» نى قوللايدىغان يەھۇدىلارغا ئاساسلانغان ھەرىكەتكە ئائىت كۆنتەرتىپلەرنى ۋە مەسىلىلەرنى تاپالايسىز، ئاندىن ئۇلار رەھبەرلىكىنىڭ «ئىنتىزامى ۋە باشقۇرۇشى» ئاستىدا ئەزا بولىدۇ. ھېرزل بىرىنچى قۇرۇلتايدا زىئونىزمنىڭ بۇ چۈشەنچىسىنىڭ يەھۇدىي خەلقىنىڭ تەبىئىتى ۋە خاراكتېرىگە ياتلىقىنى كۆردى. شەكەل[2] بىر ئىسىمنىڭ خاتىرىسى ئىدى. ئۇ زىئونىست ھەرىكىتىدە شەخسلەرنىڭ كۆتۈرۈلۈشىگە يول باشلىدى، دەسلەپتە ئەمەلگە ئاشۇرۇشنى «خالايدىغان» دېموكراتىك قوشۇننىڭ ئەزاسى سۈپىتىدە، ئاندىن كېيىن پەلەستىنگە ماكانلىشىپ ۋەتەننى قۇرغان قوللارغا ئايلاندى. دېموكراتىيەنىڭ ساۋۇتىغا پۈركەنگەن زىئونىست ھەرىكىتى پىنسكېرنىڭ ئۆز-ئۆزىنى ئازاد قىلىش ئىدېئالىنى ھېرزلنىڭ قەلبىدە ياشاتتى. بىر قانچە قۇرۇلتايلاردا، «دىي ۋېلت» يەنى

[1] Arthur James Balfour

[2] ئىسرائىلىيە پۇلىنىڭ نامى

«دۇنيا» دىكى ماقالىلىرىدا، ھېرزل ئۇ ئىدىيەنىڭ گەرچە ئۇنىڭ دەسلەپكى پىكىرلىرى پۈتۈنلەي باشقا يۆنىلىشتە بولسىمۇ، قانداق قىلىپ ئۇنىڭ ھاياتىنىڭ ئايرىلماس بىر قىسمىغا ئايلانغانلىقىنى كۆرسەتتى. ئەمما ئۇنىڭ ئانتى-سېمىتىزمنى تەھلىل قىلىشى ۋە مەسىلىگە قانداق قارايدىغانلىقى گىتلېردىن كېيىن كۈنىمىزدىمۇ، درېيفۇستىن كېيىن ئۇ چاغدا ھەقىقەت بولغىنىدەك يەنىلا ھەقىقەتتۇر. بۇ ئۇنىڭ ئاخىرقى كۈنلىرىدە زېھنىدە مۇقىملاشقان ھەقىقىي «ۋەھيي» ئىدى. يەھۇدىي خەلقىنىڭ ماكانسىزلىقى ۋە ۋەتەنسىزلىكى ئاياغلىشىشى كېرەك. بۇ تراگېدىيە بىر دۇنياۋى مەسىلىدۇر. بۇ ئويغانغان يەھۇدىي خەلقى بىلەن ھەمكارلىقتا دۇنياۋى دۆلەت ئەربابلىرى تەرىپىدىن ھەل قىلىنىشى كېرەك. بۇ ئۇلارنىڭ تارىخىي ۋەتىنىدە ئەركىن يەھۇدىي دۆلىتىنى قۇرۇش ئارقىلىق ھەل قىلىنىشى كېرەك. ھېرزل ئۆزىنىڭ ئۆز خەلقىنىڭ تەقدىرى بىلەن تولۇق بىرلىكىنى ئۇگاندا قۇرۇلتىيىدا ئاسىي رۇسىيە زىئونىستلىرىغا خىتاب قىلىپ ئۇلارغا تەسەللىي سۆزلىرىنى سۆزلىگەندە ۋە زىئونغا بولغان سادىقلىقىنىڭ كاپالىتىنى بەرگەندە نامايان قىلدى. ئۇ بىر نەچچە ئاي كېيىن ۋاپات بولدى.

«يەھۇدىي دۆلىتى» ھېرزل تەرىپىدىن ئەدەبىيات ئەسىرى دەپ قارالمىغان. بۇ سىياسىي ھۆججەت ئىدى. بۇ سىياسىي ھەرىكەتنىڭ كىرىش قىسمى سۈپىتىدە خىزمەت قىلىشى كېرەك ئىدى. بۇ سىياسىي ھاياتتىكى يېتەكچىلەرنى ئۆزگەرتىشكە يېتەكلىشى كېرەك ئىدى. بۇ يەھۇدىي دۆلىتى ئىدىيەسىگە قوشۇلغۇچىلارنى سەپكە قوشۇشى كېرەك ئىدى. گەرچە دەسلەپتە تارتىنچاق ئادەم بولسىمۇ، ئۇ كاتتىلارنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈشتىن ۋە تىلەمچىنىڭ خورلۇقلىرىغا بەرداشلىق بېرىشتىن تارتىنمىدى. ئۇ ۋىللىيام خ. خەچلېر[1] ئىسىملىك كۆزگە كۆرۈنگەن خىرىستىيان دوستى ئارقىلىق، ئۇ بادېننىڭ كىنەزى بىلەن كۆرۈشتى؛ ئۇ گېرمانىيە دۆلەت ئەربابلىرىدىن گراف زۇ ئويلەنبۇرگ، تاشقى ئىشلار مىنىستىرى ۋون بۇلوۋ ۋە رېيچ كانسلېرى خوخېنلوخې بىلەن سۆھبەتلەشتى؛ ئاندىن ئۇ سۇلتان ئابدۇلھەمدنى قورشاپ تۇرغانلار ۋە سۇلتاننىڭ ئۆزى بىلەن كۆرۈشتى. ئۇ ئۆزىنىڭ دراماتىك شەخسلەرنى سەھنىگە ئېلىپ چىقتى. پىلاندا تۈرك قەرزى، شەرقتىكى

[1] Reverend William H. Hechler

گېرمانىيەنىڭ مەنپەئەتلىرى، رۇسلارنى رىغبەتلەندۈرۈش ۋە پاپانى زىيارەت قىلىش قاتارلىقلار بار ئىدى. ئاۋۋال ئۇنىڭ سىياسىي پائالىيەتلىرى كاتتا بىر يازغۇچى سۈپىتىدە، كېيىنچە خەلقنىڭ يېتەكچىسى سۈپىتىدە ئېلىپ بېرىلدى. ئۇ ئۆزىنىڭ يېتەكچىلىكىنى ھېس قىلىپ، ئۆز رولىنى ئەھمىيەتلىك رول سۈپىتىدە ئوينىدى. ئۇنىڭ ئۆزگىچە مۇئامىلە قىلىش ئۇسۇلى ۋە مېتودلۇق ئىش قىلىش ئۇسۇللىرى بار ئىدى. ئۇ خان-پادىشاھلاردەك ئوبرازنى پەيدا قىلدى؛ ئۇنىڭ ئالىيجاناب قىياپىتى ئۇنىڭ ئىككىلىنىش ۋە قورقۇنچلىرىنى يوشۇردى. ئۇ سۇلتان بىلەن ئەڭ دىققەتكە سازاۋەر نەتىجىلىك بىر دىپلوماتىيە ئويۇنىنى ئويناشقا مۇۋەپپەق بولدى. ئۇ بىر بىرىگە پايدىلىق مەنپەئەت ھاسىل بولغانلىقىنى كۆرگەندىن كېيىن، گەرچە سۆزلەۋاتقان ۋاقىتتا ئۇنىڭ ھېچقانداق مەبلىغى بولمىسىمۇ مەبلەغلەرنى تاپالايدىغانلىقىغا ئىشەنگەن. ئۇ ھىيلىگەر تۈرككە ماسلىشىپ، تەلەپلىرىنى ئۆزگەرتىپ، ئازايتىشقا مەجبۇر بولدى ۋە ئاخىرىدا، ئاشكارىلىنىش گىردابىغا يېقىنلاشقاندا، سۇلتاننىڭ دىققىتىنى فىرانسۇزلارغا يۆتكىدى. نەتىجىدە ئۇلاردىن مەبلەغ ئېلىش ئارقىلىق قىيىن ئەھۋالدىن قۇتۇلۇپ قالدى. ئۇ ۋىلھېلم بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىدە، ئۇنىڭ ئەرتىسلىك قابىلىيىتى بارلىقىنى، ۋىلھېلمنىڭ چوڭ پىلانلار ۋە مەقسەتلەر توغرىسىدا گەپ قىلىدىغانلىقىنى، ئەمما ھېچقانداق جاسارىتى يوقلىقىنى ۋە توسالغۇلار ئالدىدا تېزلا بەل قويىۋېتىدىغانلىقىنى چۈشەندى.

ھېرزل ئالاقە قىلغان دۇنيا ئۆتۈپ كەتتى. ئوسمان تۈرك ئىمپېرىيەسى ھازىر يېقىن شەرقنىڭ كىچىك بىر قىسمىنى ئىگىلەيدۇ. ئۇنىڭ بۇرۇنقى ۋىلايەتلىرى ھازىر «مۇستەقىل» دۆلەتلەر بولۇپ، ئۆز ئارا ئىناقلىق ئورنىتىش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلماقتا ۋە يۇرتىغا قايتىۋاتقان يەھۇدىي خەلقىگە بولغان ئۆچمەنلىك بىلەن ئوزۇقلانماقتا. دىپلوماتىيە ئۇسۇللىرى ئۆزگەردى. ئاۋازنى يۇقىرى كۆتۈرۈش ئەمدى تەرتىپسىزلىك ئەمەس. ھەر قانداق خەلقئارالىق يىغىندا ئوچۇق-ئاشكارا سۆزلەش ۋە ۋەھشىيلىكنى كۈتۈشكە بولىدۇ. ھازىر بۇرۇنقىدەك ھېس قىلىنمىغان بىر ئەھۋال شۇكى، سىياسىي رەھبەرلەر، ھۆكۈمدارلار، شاھزادىلەر، دۆلەت ئەربابلىرىنىڭ ئارقىسىدا خەلقلەر ئالغا ئىلگىرىلەۋاتىدۇ ۋە پات يېقىندا خەلقلەرنىڭ مۇناسىۋەتلىرىنى ئويۇن ۋە قىمار، ھوقۇق كۈرىشىگە ئايلاندۇرۇۋاتقانلارنىڭ چەتكە قېقىلىدىغانلىقى مەلۇم بولماقتا.

«يەھۇدىي دۆلىتى» ئەسىرى ئوخشاش تېمىدىكى، ئوخشاش ئاپتور تەرىپىدىن يېزىلغان كىتابلار توپلىمىنىڭ بىرى دەپ قارىلىشى كېرەك. بىرىنچىسى «يېڭى نامراتلار رايونى»(1894) بولۇپ، بۇ ۋېنادىكى يەھۇدىيلارنىڭ يۇقىرى قاتلىمىنىڭ ئىجتىمائىي ھاياتى توغرىسىدىكى بىر ئەسەر ئىدى. ئاندىن «روتسچىلدلارغا خىتاب»[1] ناملىق ئەسەر ۋۇجۇدقا كەلدى. بۇ يەھۇدىي خەير-ساخاۋەتچىلىرىگە خىتاب قىلىنغان بىر مېمورانىدۇم ئىدى. «يەھۇدىي دۆلىتى» بولسا قىيىنلىنىش ۋە ئىڭراش ئىچىدىكى كاللىنىڭ ئۈچىنچى قېتىملىق زور تىرىشچانلىقى بولۇپ، ئۇتوپىيە ياكى نەزىرىيە ئوتتۇرىسىدا تەۋرىنىپ تۇراتتى ۋە يەھۇدىي مەسىلىسىنىڭ سىياسىي ھەل قىلىش چارىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى. ئەسلى تېمىنىڭ ئاخىرقى ۋارىيانتى «ئالتنويلاند»[2] رومانى ئىدى. بۇ ئەسەردە ئۇ زىئونىزم ھەرىكىتى باشلانغاندىن 20 يىل كېيىن ۋەدە قىلىنغان زېمىننىڭ قانداق ھالەتكە كېلىدىغانلىقىنى تەسۋىرلەپ بېرىدۇ. بۇ ئارىلىقتا، ئۇ زىئونىزم قۇرۇلتايلىرىنىڭ ھاياجانلىق سەھنىلىرىدە رول ئوينىدى. ئۇ خانزادىلەرگە ۋە ئۇلارنىڭ ھەمراھلىرىغا ھۆرمىتىنى بىلدۈردى. ئۇ يەھۇدىي مۇستەملىكە ئىشەنچ فوندى ۋە يەھۇدىي دۆلەت فوندىنى تەشكىللەشتە يېتەكچى بولدى. ئۇ سىياسىي نۇتۇقلارنى سۆزلىدى ۋە سىياسىي مۇنازىرىلەرگە ئارىلاشتى. ئۇ «يەھۇدىي دۆلىتى» ناملىق ئەسەرنى يازغاندىن كېيىن ئۆزىنىڭ «كۈندىلىك خاتىرىلىرى» نى يېزىشنى باشلىدى. ئۇنىڭ پۈتۈن كىشىلىك خاراكتېر ئالاھىدىلىكلىرى بۇ دىققەتكە سازاۋەر كىتابتا ئەكس ئەتكەن. بۇ كىتابتا سىز ئۇنىڭ ئىدىيەلىرىنىڭ روشەنلىشىش جەريانىنى، ئۆتكۈر ۋە كۈچلۈك ئىنكاسلىرىنى كۆرىسىز؛ ئۇنىڭ ئۈمىدلىرىنىڭ، ئۈمىدسىزلىكلىرىنىڭ، مۇداپىئەسىز ئورۇن ۋە مەغلۇبىيەتتىن كېيىن ۋۇجۇدقا چىققان پايدىلىق ۋەزىيەتكە يۈتكىلىشىنىڭ ئەكسىنى كۆرىسىز. بۇ كىتابتا يەنە سىز ئۇنىڭ تايىنىشقا مەجبۇر بولغان زىئونىزم سەھنىسىدىكى ئامىللارنىڭ چوڭقۇر تەھلىل قىلىنىشىغا شاھىت بولىسىز. ئۇنىڭدىن باشقا ئۇنىڭ گۇمانلىرىنى، ئۆلۈمدىن قورقۇشلىرىنى ھېس قىلىسىز. ئۇ ھاياتىدا ئۆزىنى ئۆلۈم سايىسى بىلەن قورشالغاندەك ھېس قىلدى. ئەسەردە سىز

[1] Address to the Rothschilds

[2] Altneuland

ئۇنىڭ چوڭ ئالدىراشلىقىنىڭ سەۋەبىنى، ئۇنىڭ نېمە ئۈچۈن ئۆزىنىڭ ئۈمىد ۋە ئارزۇلىرىنىڭ بىر قىسمى بولۇپ كېلىۋاتقان زېمىنغا چەمبەرچەس باغلىق بولۇشىنى تەقەززا قىلسىمۇ، يەھۇدىي خەلقىگە ئەمەلىي رېئاللىقنىڭ بىر قىسمىنى ئېلىپ كېلىشكە بەك ئالدىراۋاتقانلىقىنىڭ چۈشەندۈرۈلۈشىنى تاپىسىز. «كۈندىلىك خاتىرىلەر» چەكلىمىسىز بولۇپ، چەكلىك ۋاقىتتا ئالدىراشلا يېزىلغان. ئۇلار «يەھۇدىي دۆلىتى»دە ئۆزىنىڭ پەقەت بىر قىسمىنىلا كۆرسەتكەن ئۇلۇغ شەخسىنىڭ قانداق تاۋلانغانلىقىنى نامايەن قىلىپ بېرىدۇ. ئۇلار يەنە يازغۇچىنىڭ ئۇلۇغ ۋە ئەبەدىي رىۋايەتنىڭ قەھرىمانى سۈپىتىدە قانداق باش كۆتۈرگەنلىكىنى گەۋدىلەندۈرىدۇ. بۇ ئەسەر ئۇنىڭ خەلقى ئىككى مىڭ يىلدا قولغا كەلتۈرەلمىگەننى سەككىز يىلدا قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن بولغان كۈرىشىنىڭ بىر قىسمى بولۇپ، ئۇ بۇنى روياپقا چىقىرىش ئۈچۈن پۈتۈن ھاياتىنى بېغىشلىدى.

# هېرزل تېئودور

## ئالېكس بېيننىڭ ئەسرى ئاساسىدا تۈزۈلگەن تەرجىمھال

تېئودور هېرزل 1860-يىلى، 2-ماي چارشەنبە كۈنى بۇداپېشت شەھىرىدە تۇغۇلغان. ئاتىسىنىڭ ئۆيىگە يېقىن جايدا لىبېرال-ئىسلاھات تۈسىنى ئالغان ئىبادەتخانا بار ئىدى. كىچىك هېرزل شابات[1] ۋە مۇقەددەس كۈنلىرى دادىسى بىلەن مۇنتىزىم هالدا مۇشۇ ئىبادەتخانىغا باراتتى. ئۆيدىمۇ دىنىي مۇراسىمنىڭ ئاساسلىق قىسىملىرى ئىجرا قىلىناتتى. تېئودور كىچىك ۋاقتىدا ئۆگەنگەن بىر مۇراسىم ئۇنىڭدا ئىزچىل ساقلىنىپ قالدى؛ هەر قېتىملىق مۇھىم ۋەقە ۋە قارار ئالدىدا ئۇ ئاتا-ئانىسىنىڭ بەخت تىلىشىنى ئىزدەيتتى. بىراق، بۇلاردىن كۈچلۈكرەك بولغىنى ئانىسىنىڭ تەسىرى ئىدى. ئۇنىڭ تەلىم-تەربىيەسى پۈتۈنلەي نېمىسچە ئىدى؛ ئۇنىڭ نېمىس ئەدەبىياتى، بولۇپمۇ كلاسسىك ئەسەرلەر بىلەن ئۆتمەيدىغان بىر كۈنىمۇ يوق ئىدى. يەھۇدىي دۇنياسى ئۇنىڭغا يات ئەمەس ئىدى، لېكىن ئۇ بۇ دۇنياغا تولۇق يۈزلىنەلمىگەن ئىدى؛ ئۇنىڭ ئاساسلىق تىرىشچانلىقلىرى بالىلىرىغا گېرمان مەدەنىيەت مىراسىنى سىڭدۈرۈشكە قارىتىلغان ئىدى. تېخىمۇ

[1] «Sabbaths» سۆزى مەزمۇنغا قاراپ ئوخشىمىغان مەنالارنى ئىپادىلىشى مۇمكىن، لېكىن ئادەتتە دىنىي ياكى تارىخىي مەزمۇندا قوللىنىلىدۇ. ئەڭ كۆپ ئۇچرايدىغان مەنىسى، ئىبرانىيچە «שַׁבָּת» (شەبات) سۆزىدىن كەلگەن بولۇپ، يەھۇدىيلىقتا ھەپتىنىڭ يەتتىنچى كۈنى بولغان شەنبە كۈنىنى كۆرسىتىدۇ. شەبات يەھۇدىيلار ئۈچۈن مۇقەددەس دەم ئېلىش ۋە ئىبادەت كۈنى بولۇپ، بۇ كۈندە ئىشلەش چەكلىنىدۇ ۋە بۇ كۈن خۇداغا بېغىشلانغان . خىرىستىيانلىقتا بولسا «Sabbath» ئادەتتە يەكشەنبە كۈنى ئۆتكۈزۈلىدىغان دىنىي دەم ئېلىش كۈنى دەپ چۈشىنىلىدۇ، لېكىن بۇ مەزھەپلەرگە قاراپ ئوخشىماسلىقى مۇمكىن. بۇنىڭدىن باشقا، «Sabbaths» كۆپلۈك شەكلى بىر نەچچە شەبات كۈنىنى ياكى كەڭ مەنىدە دىنىي بايراملارنى ئىپادىلەيدۇ

چوڭقۇر ئەھمىيەتكە ئىگە بولغىنى ئۇنىڭ ئوغلىدا بالدۇر نامايان بولغان غۇرۇرغا كۆڭۈل بۆلۈش، تۇيغۇداشلىق ، ئۇنىڭغا يۇرۇش-تۇرۇش، نازاكەتلىك ۋە ئاددىي گۈزەللىك تۇيغۇسىنى سىڭدۇرۇشتىكى ماھارىتى ئىدى.

تەخمىنەن ئون ئىككى يېشىدا، ئۇ نېمىسچە بىر كىتابتا نۇرغۇن يەھۇدىيلار كۇتۇۋاتقان ۋە كەمبەغەللەرنىڭ ئەڭ نامراتلىرىغا ئوخشاش بىر ئېشەككە مىنىپ يۈرۈيدىغان پادىشاھ- مەسىھكە دائىر مەزمۇنلارنى ئوقۇدى. كېيىن چىقىش تارىخى ۋە پادىشاھ-مەسىھ تەرىپىدىن ئەركىنلىككە ئېرىشتۈرۈلۈش ئەپسانىسى بالىنىڭ زېھنىدە بىرمۇ بىر جانلىنىپ، ئۇنىڭدا ئەدەبىي شەكىلگە كەلتۈرۈشكە بىھۇدە تىرىشقان ھەيران قالارلىق بىر ھېكايە تېمىسىنى ئۇرغۇتتى. شۇنىڭدىن كېيىن بىرئاز ۋاقىت ئۆتۈپ، ھېرىزل مۇنداق بىر چۈش كۆردى: «پادىشاھ-مەسىھ كەلدى، ئۇلۇغ ۋە ھەيۋەتلىك ياشانغان بىر ئادەم، مېنى قوللىرى بىلەن قۇچاقلىدى ۋە شامالنىڭ قاناتلىرىدا مېنى ئېلىپ ئۇچتى. رەڭدار بۇلۇتلارنىڭ بىرىدە بىز مۇسانىڭ سىماسىنى ئۇچراتتۇق. ئۇنىڭ ئالاھىدىلىكلىرى بالىلىق دەۋرىمدە مىكېلانجېلونىڭ[1] ھەيكىلىدىن كۆرگەنلىرىمگە ئوخشايتتى. مەسىھ مۇساغا: مەن مۇشۇ بالا ئۈچۈن دۇئا قىلغان ئىدىم، دەپ توۋلىدى. بىراق ماڭا ئۇ: بارغىن، يەھۇدىيلارغا مەن پات ئارىدا كېلىدىغانلىقىمنى ۋە ئۆز خەلقىم ھەم پۈتۈن دۇنيا ئۈچۈن ئۇلۇغ مۆجىزىلەر ۋە ئۇلۇغ ئىشلارنى قىلىدىغانلىقىمنى جاكارلىغىن، دېدى.»

بۇ دەۋر (ئۇنىڭ بار مىتزۋاھ مۇراسىمى دەۋرى) [2] -ئۇنىڭدا يەھۇدىيلىق ھېسسىياتىنىڭ قايتا ئويغىنىشى، چوڭلارنىڭ ئۈمىدلىرىگە بولغان كۈچلۈك جاۋاب قايتۇرۇش ۋە يەھۇدىي تارىخى تەتقىقاتلىرىغا قارىتا يېڭىدىن باش كۆتۈرگەن قىزىقىش دەۋرى بولۇشى مۇمكىن – ئۇنىڭدىكى يەھۇدىيلارغا بېغىشلانغان ھايات ئارزۇسى شەكىللەنگەن دەۋر بولۇشى مۇمكىن. شۇنىڭدەك، «بار مىتزۋاھ مۇراسىمى» ئۈچۈن سېمىلىندىن يولغا چىققان قىرى بوۋىسىنىڭ پېستقا كەلگەنلىكى ئېنىق. بۇ مەزگىلدە يەنە بىر قېتىم، دېگۈدەك ئۇنتۇلغان زىئونىست ئالكالاي،

[1] Michelangelo

[2] Bar Mitzvah

ئاخىرقى قېتىم پەلەستىنغا بارىدىغان سەپىرىدە ۋېيىنا ۋە بۇداپېشتتىن ئۆتكەن. بۇ ئەھۋاللارنىڭ ھەر بىرى كىچىك ھېرزلغا بىۋاسىتە تەسىر كۆرسىتىش-كۆرسەتمەسلىكىدىن قەتئىينەزەر، پۈتۈن ھېكايە «ئۇنىڭ بار مىتىزۋاھ» ھاياتىنى مەسىھ ئىدىيەسى بىلەن قورشايدۇ ۋە ئەلۋەتتە، ئۇنىڭدا بىر ئۇلۇغ تەشەببۇسقا باغلىنىش ھېسسىياتىنىڭ ئويغىنىشى ئۈچۈن ئىمكانىيەت يارىتىپ بەرگەن.

ھېرزلنىڭ ئون بەش يېشىدا ئەدەبىياتقا قاراتقان دىققىتى، ئېنېرگىيەسى ۋە ۋاقتى، ئۇنىڭ ئۆزگە بولغان مەھلىيالىقى، مەكتەپ ئەدەبىيات جەمئىيىتىدىكى پائالىيەتلىرى ئەلۋەتتە ئۇنىڭ مەكتەپ ئىشلىرىغا تېخىمۇ ئاز ۋاقىت ئاجرىتىشىغا سەۋەب بولدى. ئۇ پەن ئۈچۈن ھېچقانداق ۋاقىت تاپالمىدى؛ يەھۇدىي مەسىلىلىرىمۇ ئۇنىڭ قىزىقىشلىرىدىن يوقالدى؛ ئۇ پۈتۈنلەي نېمىس ئەدەبىيات مەدەنىيىتىگە غەرق بولدى. ئانتىسېمىتىزمنىڭ داۋاملىق كۈچىيىپ بارغانلىقىنى نەزەرگە ئالغىنىمىزدا، بۇ تېخىمۇ ھەيران قالارلىق ئىش ئىدى. چوڭ بولغان ھېرزل، ئۇنىڭ بىر ئوقۇتقۇچىسىنىڭ «بۇتپەرەس» سۆزىنى ئېنىقلىغاندا «بۇتقا چوقۇنغۇچىلار، مۇھەممەدىيلەر(مۇسۇلمانلار) ۋە يەھۇدىيلارغا ئوخشاش» دېگەنلىكىنى ئەسلىيەلەيتتى. بۇ ۋەقە ئۇنى بەرداشلىق بېرەلمىگۈدەك دەرىجىدە غەزەپلەندۈرگەنمۇ - چوڭ بولغان ئادەمنىڭ خاتىرىسى ھەر دائىم شۇنداق دەپ تۇرسىمۇ - ياكى بارغانسېرى ناچارلىشىۋاتقان مەكتەپتىكى ئەمەلىي ئەھۋالىمۇ ، ياكى ھەر ئىككى ئەھۋالنىڭ بىرلىشىشىمۇ، 1875-يىلى 4-فېۋرالدا ھېرزلنىڭ تېخنىكا مەكتىپىنى تاشلاپ كەتكەنلىكى بىر پاكىت.

ئون ئالتە يېشىدىن ئون سەككىز يېشىغىچە ئوتتۇرا مەكتەپتە، ئۇ ئۆزىنىڭ نېمە دېمەكچى بولغانلىقىنى تېخىمۇ ئېنىق تونۇپ يېتىش ئۈچۈن ھەر خىل ئەدەبىي سەنئەت شەكىللىرىنىڭ ئاساسىي پرىنسىپلىرى بىلەن تولۇق تونۇشۇپ چىقىش ھەتتا بېكىتىش چىقىش ئۈچۈن پۈتۈن كۈچى بىلەن ھەرىكەتكە ئۆتتى. ئۇ مەكتىپىدىكى ئوقۇغۇچىلار تەرىپىدىن قۇرۇلغان «گېرمان ئۆزىنى تەربىيەلەش جەمئىيىتى» نىڭ خىزمىتىگە ئاكتىپ قاتناشتى.

جەمئىيەتتىكى تۆۋەن ئورنى بىلەن ھەر دائىم ئۇنىڭ غۇرۇرىنى يارىلاندۇرۇپ كېلىۋاتقان، جەمئىيەتتىن ئايرىم ياشاشتا تەرسالارچە چىڭ

تۇرۇپ كېلىۋاتقان ۋە بۇ قىلمىشى ئۇنىڭغا نىسبەتەن تولىمۇ مەنىسىز بىلىنىدىغان يەھۇدىي دۇنياسى ئۇنىڭ ئۆيلىرىدىن بارغانسېرى يىراقلىشىپ كەتتى. ئون سەككىز يېشىدا، بىردىنلا يەنە بىر سىڭلىسىنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن، ئائىلىسى ۋېياناغا كۆچۈپ كەتتى، ئۇ يەردە هېرزل قانۇن ئۆگىنىش ئۈچۈن ئۇنىۋېرسىتېتقا كىردى. ئۆزىنى لىبېرال ۋە ئاۋستىرىيە ۋەتەنپەرۋىرى دەپ ئويلايدىغان هېرزل، چوڭ بىر ئوقۇغۇچىلار مەدەنىيەت بىرلەشمىسىنىڭ پائالىيەتلىرىگە قىزغىنلىق بىلەن قاتناشتى، ئۇنىڭ مۇنازىرىلىرىگە ئىشتىراك قىلدى ۋە ئەدەبىي سۆهبەتلىرىگە يېتەكچىلىك قىلدى. ئۇ يەردە، ئۇنىڭ نەزىرىدە هەر خىل هەرىكەتلەرگە بولغان سادىقلىقنى چەكتىن ئاشقان ئىشتىياق نامايان قىلغان بەزى يەهۇدىي هەمراهلىرىنى مەسخىرە قىلىش پۇرسىتى بولدى. ئەنە شۇ كۈنلەردە، هېچ بولمىغاندا سىرتتىن، ئۇنىڭ يەهۇدىي مەسىلىسى بىلەن بەند بولۇش دەرىجىسى مۇشۇ سەۋىيەدە ئىدى. ئۇ ئەتراپىدىكى دۇنياغا سىڭىشنى ئىزدەۋاتقان رەسمىي يەهۇدىي دۇنياسى بىلەن ئاز ياكى هېچقانداق كارى بولمىدى. ئۇ سىناگوگقا كام باراتتى.

ئۇ ناهايىتى كۆپ ئوقۇيتتى. ئۇنىڭ كىتابلار هەققىدىكى ئالاهىدە بىلىمى ئۇنىڭ سۆهبىتىدە نامايەن بولاتتى، چۈنكى ئۇ ئېسىگە ئاسان كېلىدىغان نەقىللەر بىلەن سۆزىنى بېزەشنى ياقتۇراتتى. هېرزل يۈگېن دۇهرىڭنىڭ «يەهۇدىي مەسىلىسى ئىرق، ئەخلاق ۋە مەدەنىيەت مەسىلىسى» ناملىق كىتابىنى ئوقۇدى - بۇ كىتاب ئاشۇ كۈنلەردە (1881) پۈتۈن ياۋروپانى قاپلاۋاتقان ئانتىسېمىتىزمغا ئىلمىي، پەلسەپىۋى، بىئولوگىيەلىك ۋە تارىخىي ئاساس تېپىشنىڭ تۇنجى ۋە ئەڭ مۇهىم تىرىشچانلىقى ئىدى. دۇهرىڭ يەهۇدىي مەسىلىسىنى پەقەتلا ئىرقىي مەسىلە دەپ قارىدى ۋە ئۇنىڭغا نىسبەتەن يەهۇدىي ئىرقىنىڭ هېچقانداق قىممىتى يوق ئىدى. ئىنسانىيەتنىڭ يالغان هېس-تۇيغۇسى سەۋەبىدىن يەهۇدىيلارنىڭ ئۆزلىرى بىلەن باراۋەر ۋە بەزىدە هەتتا ئۈستۈن هوقۇقلار بىلەن ياشىشىغا يول قويغان خەلقلەر، زىيانلىق بېسىپ كىرگۈچىلەر ئازات قىلىنىشى، يەهۇدىيلاشتۇرۇشتىن تازىلىنىشى كېرەك ئىدى.

بۇ كىتابنى ئوقۇش ئۇنىڭغا كۆزلىرىگە ئۇرۇلغان زەربىدەك تەسىر قىلدى. كۈندىلىك خاتىرىسىگە خاتىرىلەنگەن جۈملىلەردە غەزەپ ئىپادىلەنتتى: «تولىمۇ رەزىل بىر كىتاب... ئەگەر شۇنچە كۆپ ئىنكار

قىلغىلى بولمايدىغان ئىدىيەنى شۇنچە كۆپ ئۇنىۋېرساللىق بىلىمى بىلەن بىرلەشتۈرگەن دۇھرىڭ مۇشۇنداق يازالايدىكەن، نادان ئاممىدىن نېمىنى كۈتۈشىمىز كېرەك؟» بۇ دۇھرىڭنىڭ كىتابىغا بولغان ھەسرەتلىك ئىنكاسى بىزگە ئۇنىڭ قانچىلىك چوڭقۇر تەسىرگە ئۇچرىغانلىقىنى ۋە يەھۇدىي مەسىلىسىنىڭ يوقىلىش نۇقتىسىدا تۇرۇپتۇ دېگەن ئېتىقادىدا قانچىلىك قورقۇنچلۇق تەۋرەنگەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. بىز بۇ تەجرىبىنىڭ ئەكس-ساداسىنى «يەھۇدىي دۆلىتى» نىڭ بەتلىرىدىن تاپىمىز. بىراق، ھازىرچە ئۇ ئۆز ئىنكاسلىرىنىڭ لوگىكىلىق نەتىجىلىرىدىن چېكىنىپ چىقتى. ئۇنىڭ ئىچكى غۇرۇرى ئۆزىنى قۇرۇشقا باشلىدى.

تېخىمۇ بىۋاسىتە ئىنكاس شۇبھىسىزكى، قېرىنداشلار جەمئىيىتىدىكى ھەمراھلىرىغا بولغان ئۆتكۈرلەشكەن چۈشەنچىسى ۋە باھاسى ئىدى. ھېرزل جەڭگى -جېدەللىك قېرىنداشلار جەمئىيىتىگە قوشۇلۇپ ئۇنىڭدا ئاكتىپ رول ئوينىغان ئىدى. بۇ يەردىمۇ ئانتىسېمىتىزم باش كۆتۈرۈۋاتاتتى: ئوقۇغۇچىلار شوئېنېرېرنىڭ[1] يەھۇدىيلارنى قوغلاپ-سۈرۈشكە دائىر سۆزلىرىگە مايىل بولۇپ ئۆزىنى ئىپادىلەيتتى، ئۇ ئۇنىۋېرسىتېت ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ كۆڭلىنى ئۇتۇشقا ئالاھىدە تىرىشچانلىق كۆرسىتىۋاتاتتى. قېرىنداشلار جەمئىيىتىدىكى مۇنازىرىلەردە ھېرزل بۇنداق ھېسداشلىقنىڭ ھەرقانداق ئوچۇق ياكى يوشۇرۇن نامايەندىسىگە قارشى ئۆزىنى كەسكىن ئىپادىلىدى. بىراق ئۇ تىلىنىڭ ئۆتكۈرلۈكى ۋە كۆز قاراشلىرىنىڭ ئۆزگىچىلىكى بىلەن تونۇلغان ئىدى. لېكىن ئۇ قېرىنداشلار جەمئىيىتىگە تەۋە ئاز ساندىكى دىنداشلىرىنىمۇ، نېمىس ئوقۇغۇچىلارنىڭ كۆپ قىسمىنىمۇ ئۆزىگە تارتالمىدى.

ئۇ گېزىت خەۋەرلىرىدىن قېرىنداشلار جەمئىيىتىدىكى ۋاگنېرنى خاتىرىلەش يىغىنىنىڭ بىر ئانتىسېمىتىك نامايىشقا ئايلاندۇرۇلغانلىقىدىن خەۋەر تاپقاندى. شۇڭا ئۇنىڭ قېرىنداشلار جەمئىيىتى ئۆزىنى ئەركىنلىككە ئىشەنگۈچى بولۇش سۈپىتى بىلەن، ھەتتا ئۇ يەھۇدىي بولمىغان بولسىمۇ، ئەيىبلەشكە مەجبۇر بولغان بىر ھەرىكەت بىلەن ماسلاشتۇرغان ئىدى. ھېرزل «شۇنىسى ئېنىقكى، سېمىتىزمىم

[1] Schoenerer

بىلەن چەكلەنگەن ھالدا (بۇ سۆز مەن كىرگەن ۋاقىتتا تېخى مەلۇم ئەمەس ئىدى)، مەن بۈگۈن ماڭا رەت قىلىنىشى مۇمكىن بولغان ئەزالىقنى قوغلىشىشتىن ئۆزۈمنى تارتاتتىممۇ؛ ھەر بىر ياخشى ئادەمگە شۇمۇ ئېنىق بولۇشى كېرەككى، بۇ ئەھۋال ئاستىدا مەن ئەزالىقىمنى ساقلاشنى خالىيالمايمەن.» دەيدۇ. ھېرزل شۇنداق قىلىپ تەشكىلاتتىن چىقىپ كەتتى.

1884-يىلى 30-ئىيۇل، ھېرزل ۋېيانادا ئادۋوكاتلىققا قوبۇل قىلىندى. ئۇنىڭ ئوقۇغۇچىلىق كۈنلىرى ئاخىرلاشتى. ئۇنىڭغا نىسبەتەن دۇنياغا جاكارلايدىغان ۋە يېڭى بىر نەرسە ۋۇجۇدقا چىقىرىشنىڭ مۇمكىن بولۇپ بولمايدىغانلىقىنى ئىسپاتلاشتىن ئىبارەت زور بىر قىيىنچىلىق ئاستىدا، ئۇنىڭغا يېڭى بىر دەۋر ئېچىلدى. ئاۋغۇستتا، ئۇ دۆلەت ئورگىنىدا ھوقۇق پىراكتىكىسىنى باشلىدى ۋە ئۇزۇن ئۆتمەيلا سالزبۇرگ سوتىغا يۆتكەلدى. گەرچە ئۇ ۋاقىتتا ئۇ يەھۇدىيلىقتىن شۇنچىلىك يىراقلاشقان بولسىمۇ، پەقەت غۇرۇر ۋە ئاتا-ئانىسىنىڭ ھېس-تۇيغۇلىرىغا بولغان ھۆرمەت ئۇنى ئارىسالدى قىلىپ قويغانىدى، ئۇ يەھۇدىي بولغانلىقتىن يۇقىرى دەرىجىلىك دۆلەت خىزمىتى قاتلىمىنىڭ ئۆزىگە توسالغۇ بولۇپ قالىدىغانلىقىنى ھېس قىلماي تۇرالمايتتى. 1885-يىلى 5-ئاۋغۇست، ئۇ يازغۇچى سۈپىتىدە داڭق ۋە بايلىق ئىزدەشكە بەل باغلاپ، خىزمەتتىن چېكىندى. ئۇ ئۈمىدكە تولۇپ تاشقان ھالدا ئۆزىنىڭ ئەدەبىي ھاياتىغا قەدەم قويىدىغان بىر سەپەرگە چىقتى. ئۇ بېلگىيە ۋە گوللاندىيەنى زىيارەت قىلدى ۋە بېرلىندا مۇھىم ئالاقىلەرنى ئورناتتى ھەمدە بىر قانچە مۇھىم گېزىتلارنىڭ مۇنتىزىم خادىمى بولدى. شۇنداق قىلىپ ئۇنىڭ ئالاقە ۋە مۇناسىۋەتلىرىنىڭ دائىرىسى يىلدىن-يىلغا كېڭەيدى ۋە ئۇ قايتا سەپەر چىققاندا، ئۇنىڭ تەسىراتلىرى ۋە بايقاشلىرىنى كۈتىدىغان بارغانسېرى كېڭىيىۋاتقان كىشىلەر توپى بار ئىدى.

ھېرزلنىڭ ژۇرنالىست سۈپىتىدىكى مۇۋەپپەقىيىتىنىڭ دەسلەپكى يىللىرىدا نەشر قىلىنغان ماقالىلار توپلىمىدا يەھۇدىيلارغا جەمئىي يەتتە ياكى سەككىز قۇر بېغىشلانغان. ئۇنىڭ رىمدىكى نامراتلار رايونى توغرىسىدىكى تەسىراتلىرى مۇنداق: «شۇنچىلىك ئېغىر بىر بۇلغىنىش ئىچىدىكى ھاۋا، شۇنچىلىك كۆپ كوچا! سانسىز ئوچۇق ئىشكلەر ۋە دېرىزىلەر ،سان-ساناقسىز تاتىرىپ ۋە چارچاپ كەتكەن سولغۇن يۈزلەر

بىلەن لىق تولغان. نامراتلار مەھەللىسى! بۇ بىچارىلەر داۋاملىق نەپرەت نەزىرى بىلەن قارىلىپ پەقەت دىننىغا سادىق بولۇش جىنايىتى ئۈچۈنلا زۇلۇم كۆرۈشتى. بىز ئاشۇ زامانلاردىن بۇيان ئۆزۈن يول باستۇق: ھازىر يەھۇدىي پەقەت ئىلمەك بۇرنى بولغانلىقى ئۈچۈن، ياكى بىر كەمبەغەل بولسىمۇ بايلار تەبىقىسىدىن بولغانلىقى ئۈچۈن كۆزگە ئىلىنمايدۇ ياكى خورلىنىدۇ.» بۇ قۇرلاردا ئىچ ئاغرىتىش ۋە ئەلەم تولۇپ تاشقان بولسىمۇ، ئەمما ئۇلار بىتەرەپ تاماشىبىن تەرىپىدىن يېزىلغانىدى. ئۇ ئۆزىگە تىرىك رېئاللىقنى ئەمەس، بەلكى ھاماقەتلىكنى تەقدىم قىلغان دۇنيادىن يىراقلىق ھېسسىياتىدىمۇ ئۆزىدە قانچىلىك يەھۇدىي بارلىقىنى بىلمەيتتى.

1892-يىلىغا كەلگەندە، ھېرزل دراماتىست ۋە ژۇرنالىست سۈپىتىدە چوڭ مۇۋەپپەقىيەتلەرگە ئېرىشكەن ئىدى؛ ئۇنىڭ ئويۇنلىرى ۋېيانانىڭ ئالدىنقى قاتاردىكى تىياتىرخانىلىرىنىڭ سەھنىلىرىدە قويۇلغان ۋە ئۇنى يۇقىرى پەللىگە كۆتۈرۈپ «نويې فرېيې پرېسسې» گېزىتىنىڭ[1] يەنى ياۋروپادىكى ئەڭ ئاتاقلىق گېزىتلاردىن بىرىنىڭ خادىمى بولۇشقا تەكلىپ كەلگەن.

ئوكتەبىرنىڭ بېشىدا ئۇ ”نويې فرېيې پرېسسې“ گېزىتىدىن پارىژ مۇخبىرلىقى ۋەزىپىسىنى قوبۇل قىلامدۇ-يوق دەپ سورىغان بىر تېلېگراممىنى تاپشۇرۇۋالدى. ئۇ دەرھال ئىجابىي جاۋاب بەردى ۋە شۇ ئاينىڭ ئاخىرىدا فرانسىيە پايتەختىگە يولغا چىقتى. ئۇ ئاتا-ئانىسىغا: ”پارىژ مۇخبىرىنىڭ ئورنى چوڭ ئىشلارغا سەكرەيدىغان تاختا، ۋە مەن ئۇلارنى ئىشقا ئاشۇرىمەن، مېنىڭ قەدىرلىك، سۆيۈملۈك ئاتا-ئانامنىڭ چوڭ خۇشاللىقى ئۈچۈن“ دەپ يازدى.

ھېرزل ئۆزىنىڭ بۈيۈك ئۆلگىلىرى ۋە سەلەپلىرى بىلەن سېلىشتۇرغاندا مۇۋەپپەقىيەتلىك بولدى. ئۇسلۇب ۋە مەزمۇن جەھەتتە ئۇنىڭ دوكلاتلىرى ۋە ماقالىلىرى ئۆز تۈرىدىكى شاھ ئەسەرلەر ئىدى. ئۇ ئۆز ۋەزىپىسىگە مۇكەممەل فېيلېتونچى سۈپىتىدە كەلدى؛ ئۇنىڭ قەلەم خېتى سىلىق ۋە مېلودىيىلىك ئىدى؛ ئۇ تەبىئىي مەنزىرىنى بىر نەچچە گۈزەل، ئېنىق سىزىقلار بىلەن تەسۋىرلەش ۋە ئەڭ ئاز تىل بىلەن

[1] Neue Freie Presse

كەيپىياتنى تولۇق كۆرسەتمەي، پەقەت ئىشارەت قىلىش قابىلىيىتىگە ئىگە ئىدى. ھەممە نەرسە ئۇ يەردە ئىدى، ئارقا كۆرۈنۈش، كەيپىيات ۋە ھەرىكەتنىڭ راۋاجلىنىشى ياخشى يۇغۇرۇلغان ئىدى. پەقەت ھازىر، بۈيۈك پۈرسەت ئۇنى ئەڭ يۇقىرى تىرىشچانلىقا ئۈندىگەندە، شاگىرتلىق يىللىرىنىڭ بارلىق ساۋاقلىرى كۆپ قىرلىق مۇكەممەللىكنى شەكىللەندۈردى. ئۇ ژۇرنالىستلىق ساھەسىگە ئۆزىنى بېغىشلىدى. ئۇ ئەتراپىدىكى بارلىق ئىشلارنى دىققەت بىلەن كۆزەتتى ۋە ئۆتكۈرلەشكەن قۇلاقلىرى بىلەن ئاڭلىدى. ئەمما ئۇنىڭ روھىي دۇنياسىدىكى ھەققىي ۋەزىيىتىنى ئاشكارىلاش ۋاقتى تېخى كەلمىگەن ئىدى. لېكىن ئۇ يولدا ئىدى؛ تەييارلىق جەريانى باشلانغان ئىدى. بۇنداق كەيپىياتتا، ئۇ قانداقمۇ يەھۇدىي مەسىلىسى بىلەن توقۇنۇشتىن ساقلىنالىسۇن؟ ئىسپانىيەگە سەپەر قىلغان ۋاقتىدىن باشلاپلا، ئۇ ئائىلىۋى ۋە روھىي ئازاپلىرىدىن شىپالىق ئىزدىگەندە، مەسىلە تەبىئىيلا ئۇنىڭ ئالدىدا چىققان ۋە بەدىئىي ئىپادىلىنىشىنى تەلەپ قىلغان ئىدى. پارىژغا چاقىرىلىشى، بەلكىم، ئۇنىڭ يەھۇدىيلار رومانىنى يېزىشىنى كېچىكتۈرۈشكە باھانە بولغاندۇ - شۇنداقلا ئۇ ئېھتىمال بۇنداق بىر تەشەببۇس ئۈچۈن يېتەرلىك دەرىجىدە پىشمىغان ئىدى. ئەمدى پارىژدا، نەزەر دائىرىسىگە ئىجتىمائىي جەريانغا تولۇق يەتكەن يەردە، ئۇ روھىي جەھەتتىن يەھۇدىي ھەمراھلىرىغا يېقىنلىششقا ۋە ئۇلارغا ئىلگىرىكىدىن ئىللىقراق، خاتىرجەم ۋە تۇسالغۇسىز قاراشقا باشلىدى. ئۇ ئۇلارنى ئىلگىرىكىگە ئوخشاش ئېستېتىك جەھەتتىن قىيىن دەپ قارايتتى، ئەمما ئۇلارنىڭ خاراكتېرى ۋە ماھىيىتىنى چۈشىنىش ئۈچۈن قاتتىق تىرىشتى ۋە ئۇلارنى بىر تەرەپلىمە باھالاشقا تىرىشتى.

ھېرزل پارىژغا كەلگەندە، يەھۇدىي دۈشمەنلىكى ياكى ئانتىسېمىتىزم، درۇمونتنىڭ تىرىشچانلىقلىرىغا ۋە ئۇنىڭ 1892-يىلى قۇرۇلغان گېزىتى «لا لىبرە پارولە»غا[1] قارىماي، ھەقىقىي ھەرىكەت دەرىجىسىگە يەتمىگەن ۋە گېرمانىيەدىكىدەك بىر ھەرىكەت بولۇشقا مۇيەسسەر بولالمىغان ئىدى. ئەمما ئۇ ھەر خىل نارازىلىق ۋە رەنجىشلەرنىڭ نىشانى بولۇپ خىزمەت قىلاتتى؛ بەزى جىددىي تەنقىدىي قەلەم ئىگىلىرىنىمۇ ئۆزىگە جەلپ قىلدى؛ ئۇنىڭ تەسىرى كۈندىن-كۈنگە ئاشتى، لېكىن

[1] la Libre Parole

يەھۇدىيلارنىڭ ئورنى بارغانسېرى تۆۋەنلەشكە قاراپ يۈزلەندى.

ھېرزلىنىڭ يەھۇدىي دۈشمەنلىكى بىلەن ئالاقىسى ئىجتىمائىي سىياسىي ھەرىكەت تۈسىدىكى ئوقۇغۇچىلىق دەۋرىدە باشلىنىدۇ. گەرچە بۇ ئالاقە ھېچقاچان جىددىي ئىچكى كۈرەشكە ئايلانمىغان ياكى ئۇنى ئىپادىلەشكە مەجبۇرلىمىغان بولسىمۇ، ئۇ يازغۇچى سۈپىتىدە ئۇنىڭدىن خەۋەردار ئىدى، ئەمدى ئۇ دۈھرىڭنى ئوقۇغاندەك درۇمونتنى ئوقۇدى. تەسىرات يەنە چوڭقۇر بولدى. ئەسەردە ئۇنىڭغا ئەڭ تەسىر قىلغان پىكىر بولسا يەھۇدىيلارغا قارشى دۈشمەنلىككە ئاساسلانغان دۇنيا سۈرىتىنىڭ بىر پۈتۈنلۈكى ئىدى.

راين رايونىدىكى كساntەن شەھىرىدە دىنىي قۇربانلىق-قەتل سوتى داۋاملىشىۋاتاتتى. 1892-يىلى 31-ئاۋغۇست، ھېرزل كۈنتەرتىپتىكى تېمىلار بىلەن بىرگە بۇ مەسىلىگىمۇ يېقىندىن كۆڭۈل بۆلۈپ ، «فرانسۇز يەھۇدىي دۈشمەنلىكى» دېگەن ئۇزۇن دوكلاتتا ئومۇمىي ۋەزىيەتنى خۇلاسىلىدى. بۇ ۋاقىتتا ھېرزل ئەمدى پاكىتلارنى قوبۇل قىلىش بىلەن چەكلەنمەي، يەھۇدىيلارغا قارىتىلغان ئۇنىۋېرسال دۈشمەنلىكنىڭ چوڭقۇر مەنىسىنى ئىزدەۋاتاتتى. دۇنيا ئۇچۇن بۇ بىر چاقماق ئۆتكۈزگۈچ مەنىسى بىلدۈرەتتى. ئەمما بۇ پەقەت ئەدەبىي زىددىيەتتىن باشقا ھېچنەرسە بىلەن ئاخىرلاشمايدىغان روھىي پەرق ئېتىشنىڭ ئىشارىتى ئىدى. ھالبۇكى، شۇنىڭدىن كېيىن بۇ ئەھۋال ئۇنى ئارامىدا قويمىدى.

1892-1983 يىللار ئۆتكىلىدە ئۇنىڭ ئىدىيەلىرىدە كەسكىن ئايدىڭلىشىش بەرپا بولدى. ئۇ ئاۋستىرىيە پارلامېنتىدىكى ئېھتىياتچان مۇنازىرىلەرنى دىققەت بىلەن كۆزىتىۋاتقانىدى. بۇ مۇنازىرىلەر مەسىلىنى دىن مەسىلىسىگە ئايلاندۇرۇش ئارقىلىق رېئاللىقتىن مەڭگۈ قېچىشقا مەركەزلەشكەنىدى. «بۇ ئەمدى - ۋە ئۇزۇن ۋاقىتتىن بېرى - بىر تېئولوگىيەلىك مەسىلە ئەمەس. ئۇنىڭ دىن ۋە ۋىجدان بىلەن ھېچقانداق مۇناسىۋىتى يوق» دېدى ھېرزل. «بۇنىڭدىن تاشقىرى، ھەممە بۇنى بىلىدۇ. يەھۇدىي مەسىلىسى مىللەتچىلىك ياكى دىنى مەسىلە ئەمەس. بۇ بىر ئىجتىمائىي مەسىلىدۇر.»

1894-يىلى ياز كەلدى ۋە ياز ئاخىرىدا ھېرزل زۆرۈر بولغان دەم ئېلىشقا چىقتى. ئۇ سېنتەبىر ئېيىنى ۋىيانا يېقىنىدىكى بادېندا،

«نويە فرېيە پرېسسە» گېزىتىدىكى ھەمكارى فېيلېتونچى، لۇدۋىگ سپېيدېل بىلەن بىللە ئۆتكۈزدى. ھېرزل دەم ئېلىش جەريانىدا ئۆتكۈزۈلگەن سۆھبەتنىڭ خاتىرىسىنى قالدۇرغانىدى. ئۇ سپېيدېلگە دېگەنلىرى ئاساسەن ئۇنىڭ كۆپ يىللار بۇرۇن، دۇھرىڭنى ئوقۇغاندىن كېيىن ھېس قىلغانلىرى ئىدى. ئۇ يەھۇدىيلارنى پۇل بىلەن باغلايدىغان يەھۇدىي دۈشمەنلىكى ئەيىبلىشىنىڭ ماھىيىتىنى ئېتىراپ قىلدى؛ ئۇ يەھۇدىيلارنى يەھۇدىيلار مەسئۇل بولمىغان ئۇزۇن تارىخىي جەرياننىڭ قۇربانى سۈپىتىدە ئاقلىدى. «بۇ بىزنىڭ خاتالىقىمىز ئەمەس، يەھۇدىيلارنىڭ خاتالىقى ئەمەس، بۇ ئۆزىمىزنى ھەر خىل مىللەتلەر ئارىسىدا يات بەدەنلەر رولىغا مەجبۇرلانغان ھالىتىمىزدىن بولدى. بىز شەكىللەندۈرمىگەن نامراتلار مەھەللىرى، بىزدە مۇئەييەن ئىجتىمائىيلىققا قارشى خۇسۇسىيەتلەرنى يېتىلدۇردى.... بىزنىڭ ئەسلى خاراكتېرىمىز ھەيۋەتلىك ۋە مەغرۇر بولۇشتىن باشقىچە بولماسلىقى كېرەك؛ بىز ئۇرۇشقا قانداق يۈزلىنىشنى ۋە دۆلەتنى قانداق قوغداشنى بىلىدىغان ئادەملەر ئىدۇق؛ ئەگەر بىز مەۋجۇدلۇقىمىزنى بۇنداق تالانت ئىگىلىرى بىلەن باشلىمىغان بولساق، ئىككى مىڭ يىللىق ئۈزۈلمەس زىيانكەشلىككە قانداقمۇ بەرداشلىق بېرەلەيتتۇق؟».

ئۇ چاغدا ھېرزل زىئونىزملىق ھەل قىلىش چارىسىگە دۇچ كەلدى ۋە ئۇنى قەتئىي رەت قىلدى. ئۇ بىر كۈنى كىچىك دۇمانىڭ «فېممە دە كلاۋدەنىڭ رەپىقىسى»[1] رومانىنى كۆرۈۋېتىپ، رومانىنىڭ پېرسوناژلىرىدىن بىرى ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: «ياخشى ئادەم بولغان يەھۇدىي دانىيال ئۆز ئىرقىنىڭ ۋەتىنىنى قايتا تېپىشنى ۋە چېچىلىپ كەتكەن قېرىنداشلىرىنى ئۇنىڭغا يىغىشنى ئارزۇ قىلىدۇ. ئەمما دانىيالغا ئوخشاش بىر ئادەم يەھۇدىيلارنىڭ تارىخىي ۋەتىنىنىڭ ئۇلارغا نىسبەتەن ھېچقانداق قىممىتى قالمىغانلىقىنى چوقۇم بىلەتتى. بۇ ۋەتەننىڭ جۇغراپىيەلىك ئورنىنى ئىزدەش باللارچە ئىش ۋە ئەگەر يەھۇدىيلار راستىنلا بىر كۈنى ’ئۆيگە قايتسا‘، ئۇلار ئەتىسىلا ئۆزلىرىنىڭ بىر-بىرىگە تەۋە ئەمەسلىكىنى بايقايدۇ. ئەسىرلەردىن بېرى ئۇلار ھەر خىل مىللەتلەردە يىلتىز تارتتى؛ ئۇلار گۇرۇپپا-گۇرۇپپا بويىچە پەرقلىنىدۇ؛ ئۇلاردا ئورتاق بولغان بىردىنبىر نەرسە ئۇلارنى بىر-

[1] Femme de Claude

لەشتۈرىدىغان بىسىمدۇر. بارلىق خورلانغان خەلقلەردە يەھۇدىي ئالاھىدىلىكلىرى بار ۋە بىسىم يوقالغان ھامان ئۇلار ئازاد بولغان ئادەملەردەك ئىنكاس قايتۇرىدۇ.»

مەنىۋى ئويغىنىش ھېرزلغا تېخىمۇ يېقىنلىشىۋاتاتتى. 1894-يىلى ئۆكتەبىردە، ھېرزل ھەيكەلتاراش سامۇئېل فرىدرىخ بېئېرنىڭ ئىشخانىسىدا ئىدى، ئۇ ھېرزلنىڭ بىر باش ھەيكىلىنى ياساۋاتاتتى. سۆھبەت يەھۇدىي مەسىلىسىگە ۋە ھېرزل بىلەن بېئېرنىڭ ئۆز ۋەتىنى بولغان ۋېيانادا يەھۇدىي دۈشمەنلىكى ھەرىكىتىنىڭ ئەۋج ئېلىشىغا بۇرۇلدى. ھېرزل بىر يەھۇدىيغا نىسبەتەن سەنئەتكار بولۇشنىڭ ۋە ئۆزىنى پۈلدىن ئايرىشى پايدىسىز ئىكەنلىكىنى دېدى ۋە سۆزىنى مۇنۇ جۈملە بىلەن ئاخىرلاشتۇرى: «چاپلىشىپ تۇرغان بەلگە بىلەن بىز گېتتودىن [نامراتلار مەھەللىسىدىن] قېچىپ كېتەلمەيمىز.» ھېرزلنىڭ ۋۇجۇدىنى كۈچلۈك ھاياجان قاپلىدى ۋە ئۇ ئىشخانىدىن چىقىپ، ئۆيگە قايتىش يولىدا ئىلھام ئۇنىڭغا بولقا زەربىسىدەكلا كەلدى. ئىلھام شۇنچىلىك كەلدىكى، «بازالت تاش پارچىسىدەك» بىر درامىنىڭ بىر پۈتۈن لايىھەسى ئىدى.

كۈچلۈك ئىلھام تۈرتكىسىدىكى بۇ دراما بىلەن ھېرزل ئىچكى جەھەتتىن ئۆز خەلقىگە قايتىشىنى تاماملىدى. شۇ چاغقىچە، بۇ مەسىلىگە بولغان بارلىق ھېسسىي جەلپ قىلىنىش تۈرتكىسىدە، ئۇ يەھۇدىي مەسىلىسىگە كۆزەتكۈچى، ئوقۇغۇچى، ئايدىڭلاشتۇرغۇچى، ياكى ھەتتا قوغدىغۇچى سۈپىتىدە سىرتتا تۇرۇپ مۇئامىلە قىلىپ كەلگەنىدى. ئۇ بۇ مەسىلە ئۈچۈن دۇنيا-تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈش تەييارلاپ مەسىلىگە دىياگنوز قويۇپ كەلگۈسى ئۈچۈن ئالدىن بىشارەت بەرگەن ئىدى. ئەمدى ئۇ يەھۇدىي مەسىلىسىگە پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن كىرىپ ئۇنىڭ بىلەن چەمبەرچاس باغلانغانىدى.

ئۇ باشقا ھەقسىزلىككە ئۇچرىغان قۇربانلىرىنىڭ باياناتچىسى ۋە ئادۋوكاتى بولغاندەك، يەھۇدىي مەسىلىسىنىڭ باياناتچىسى ۋە ئادۋوكاتى بولۇپ چىققان ئىدى. درامىدىكى باش قەھرىمانىنىڭ كەسپى ۋە قىزىقىشىنىڭ ئادۋوكات بولۇشى تاسادىپى ئەمەس ئىدى. چۈنكى بۇ قەھرىمان ھېرزلنىڭ ئۆزى ئىدى ۋە دوكتور ياكۇپ سامۇئېلدا يۈز بەرگەن ئۆزگىرىش تېئودور ھېرزلدىمۇ يۈز بېرىۋاتقان ئۆزگىرىش ئىدى.

ئۇ پۈتۈنلەي يەھۇدىيلارغا تەۋە ئىدى؛ ئۇلار ئۆچۈن كۈرەش قىلىدۇ ۋە ئۆلۈم ئالدىدىمۇ ئۆزىنى ئۇلارنىڭ كەلگۈسى ئۈچۈن كۈرەشچى دەپ كۆرىدۇ. ياكۇپ سامۇئېل ئۆلۈم پەيتىدە يەھۇدىيلار ئۈچۈن كەلگۈسىنى ئالدىن كۆرگەنلىكى ئېنىق ئەمەس ئىدى. ھېرزلىنىڭ ئۆزىمۇ بۇرۇن يەھۇدىيلار بىلەن يەھۇدىي ئەمەسلەر ئوتتۇرىسىدا ئۆز-ئارا چۈشىنىش چوڭقۇرلاشسا مەسىلە ۋە زىددىيەتنىڭ ھەل بولىدىغانلىقىغا ئىشىنەتتى.

ئەمما ھازىر ھېرزل ئەتىراپىدىكىلەردىن پۈتۈنلەي پەرقلىق يول تۇتۇپ ماڭغانلىقى ئۈچۈن ، ئۇنىڭ يەھۇدىيلار بىلەن يەھۇدىي ئەمەسلەرنى «ياراشتۇرۇش» تەرەپدارى بولۇشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ھەقىقەتەن، ئۇنىڭ دراممىسى ئىنسانىي مۇناسىۋەتلەردە ئۆز-ئۆزىنى ھۆرمەتلەشنى بىرىنچى شەرت قىلىپ تەكىتلىدى. «ئەگەر ئۆزۈڭگە ساداقەتسىزلىك قىلساڭ» دەيدۇ دراممىدىكى چېچەن ئانا ئوغلىغا، «باشقىلارنىڭ ساڭا ساداقەتسىزلىك قىلىشىدىن شىكايەت قىلما.» بۇ سۆز قاراڭغۇ ئۆينىڭ بوغۇلۇپ قالغان ھاۋاسىغا تۇيۇقسىزلا كىرگەن يېڭى شامالدەك ئۆينىڭ ھاۋاسىنى ئۆزگەرتتى. بۇ يېڭى ئىزدىنىش ئىدى: ھەققانىي غۇرۇر!

ئىجادىيەتنىڭ سىھرىيلىك ئېگىزلىكىدىن ئاددىي كۈندىلىك ئىش بىلەن بەند بولۇش تولىمۇ زور كۈچ تەلەپ قىلاتتى. ھازىر ئۇ نەچچە ھەپتىدىن بېرى قىلىپ كېلىۋاتقان ئادەتتىكى خىزمەت ئۇنى يىرگىنىش سېزىمغا ئېلىپ بارغانىدى. شۇڭا ئۇ «يېڭى نامراتلار مەھەللىسى» ئۈستىدە ئىشلەۋاتقان ۋاقىتىدا پايدا چىققان دىرېيفۇس سودىسىنىڭ دەسلەپكى خەۋەرلىرى ئۇنىڭغا ئالاھىدە تەسىر قىلمىدى. بۇ بىر سىرتقى دۆلەتنىڭ ئۆز جاسۇسى ئارقىلىق فرانسىيە ئارمىيىسىنىڭ مەخپىي ھۆججەتلىرىنى سېتىۋالغان ئىپلاس جاسۇسلۇق ئىشىغا ئوخشاش كۆرۈندى، كېيىن مەلۇم بولدىكى، بۇ سىرتقى دۆلەت گېرمانىيە ئىكەن، مايور فون شۋارتسكوپەن ئارقىلىق ئىش تۇتىۋاتقانىكەن. . ئالفرېد دىرېيفۇس ئىسىملىك بىر ئوفىتسېر گۇناھكار دەپ ئاتالدى. گەرچە درۇمونتنىڭ "ئەركىن سۆز" گېزىتى بۇ كىشىنىڭ يەھۇدىي ئىكەنلىكىدىن پايدىلانغان بولسىمۇ، ھېچكىم ئۇنىڭ گۇناھكار ئىكەنلىكىدىن شەك قىلىشقا سەۋەب كۆرمىدى. ئەمما دىرېيفۇسنىڭ رەسۋا قىلىنىشىدىن كېيىن، ھېرزل ئۇنىڭ گۇناھسىزلىقىغا بارغانسېرى ئىشەنچ قىلدى. «باش قوماندانلىقتا ئوفىتسېر بولۇپ، دەسلەپ شەرەپلىك كەسپىي يول تۇتقان يەھۇدىي مۇنداق جىنايەت سادىر

قىلالمايدۇ... ئۇزۇن ۋاقىتتىن بىرى ئىززەت ۋە ئابرويسىز ھالەتتە مەھكۇم قىلىنغان يەھۇدىيلار، قانداقمۇ بولمىسۇن ئىززەت-ئابرويغا كېسەللىك دەرىجىسىدە تەشنا ئىدى. بىر يەھۇدىي ئوفىتسېر بۇ جەھەتتە ئالاھىدە يەھۇدىي خاراكتېرىنى ئىپادىلەيدۇ.»

ئۇ «درېيفۇس داۋاسى ساددا بىر ئەدلىيە خاتالىقىدىن ئارتۇق مەنا ئىپادىلەيدۇ» دەپ يازىدۇ ۋە داۋاملاشتۇرىدۇ: «بۇ فرانسىيەلىكلەرنىڭ كۆپىنچىسىنىڭ بىر يەھۇدىيغا ھۆكۈم چىقىرىش ھەمدە بۇ يالغۇز يەھۇدىي ئارقىلىق بارلىق يەھۇدىيلارنى مەھكۇم قىلىش ئارزۇسىنىڭ ئىپادىسىدۇر. مايورنىڭ ھەربىي فورمىسىدىن ئوردىنلار يۇلۇپ تاشلىنىۋاتقاندا ئولتۇرغانلار 'يەھۇدىيلارغا ئۆلۈم!' دەپ توۋلىدى... قەيەردە؟ فرانسىيەدە بولدى. جۇمھۇرىيەتچى، زامانىۋى، مەدەنىيەتلىك فرانسىيەدە، ئىنسان ھەق ھوقۇقلىرى باياناممىسىدىن يۈز يىل ئۆتكەندىن كېيىن فرانسىيەدە يۈز بەردى. فرانسىيە خەلقى ياكى ھېچ بولمىغاندا ئۇلارنىڭ كۆپ قىسمى، ئىنسان ھەق ھوقۇقلىرىنىڭ يەھۇدىيلارغا تەدبىق قىلىنىشىنى رەت قىلدى. گويا ئۇلۇغ ئىنقىلابنىڭ پەرمانى بىكار قىلىنغاندەك.“

بۇ تارىخىي ھادىسە ھېرزلنىڭ شۇ چاغدىكى «ئالاھىدە ھاياجىنىنى»نى ئېنىق چۈشەندۈرىدۇ. «ئاۋۋال كۆپىمىز يەھۇدىي مەسىلىسىنىڭ بولۇپمۇ ئىنسانىيەتنىڭ ئومۇمىي ئىلگىرىلىشى بىلەن بىللە كېلىشىنى سەۋرچانلىق بىلەن كۈتەتتۇق. ئەمما ھەر جەھەتتىن شۇنچە ئىلغار ۋە يۇقىرى مەدەنىيەتلىك خەلق مۇشۇنداق يولدىن چىقىپ كېتەلەيدىغان بولسا، يۈز يىل بۇرۇن فرانسىيەنىڭ يەتكەن دەرىجىسىگىمۇ يەتمىگەن باشقا مىللەتلەردىن نېمىنى كۈتكىلى بولىدۇ؟»

ھەربىي مەكتەپ دەرۋازىسىنىڭ سىرتىدىكى بىر توپ كىشىلەرنىڭ ھۆكىرىگەن ئاۋازىنى ئاڭلىغان شۇ ھالقىلىق پەيتتە، ھېرزلنىڭ قەلبىدە بىر ھەقىقەت چاقماقتەك چاقتى: ئانتى-سېمىتىزم خەلق قەلبىگە چوڭقۇر يىلتىز تارتقان ئىكەن، ئۇنىڭ پاي يېقىندا يوق بولۇشىدىن ئۈمىد قىلىش ئىمكانسىزدۇر. دەل ئۆزىنىڭ يەھۇدىي شەرىپىگە شۇنچىلىك سەزگۈر قارايدىغانلىقى، شۇنداقلا «يېڭى نامراتلار مەھەللىسى»دە ئىنسانىيەت ئامانلىقى دەستۇرىنى جاكارلىغانلىقى ۋە ئۆز يەھۇدىي كىملىكىدە چىڭ تۇرۇش قارارىنى قىلغانلىقى ئۈچۈن، شۇ

قىش سەھەرنىڭ دەھشەتلىك مەنزىرىسى ئۇنىڭغا چوڭقۇر تەسىر قىلغان بولسا كېرەك. گويا پۈتىنىڭ ئاستىدىكى زېمىن ئۆلتۈرۈشۈپ كېتىپ قالغاندەك ئىدى. شۇڭا ھېرزل كېيىنچە درېيفۇس داۋاسىنىڭ ئۆزىنى بىر رەسمى بىر زىئونىزمچىغا ئايلاندۇرغانلىقىنى دادىللىق بىلەن ئېيتالىغانىدى.

ئۇ ئۆز ئەتراپىدا لاۋۇلداۋاتقان يەھۇدىي دۈشمەنلىكىنىڭ تېخىمۇ كۈچلۈك يالقۇنىنى كۆردى. فرانسىيە پارلامېنتىدا پارلامېنت ئەزاسى دېنىس دۆلەتنىڭ سىياسىي باشقۇرۇشىدىكى يەھۇدىيلارنىڭ نوپۇزى ھەققىدە سوئال قويدى. ۋېيانادا پارلامېنتتىكى بىر يەھۇدىي ئەزا سۆزلەش ئۈچۈن ئورنىدىن تۇرغاندا، ۋارقىراپ توسۇۋېلىندى. 1895-يىلى 2-ئاپرېلدا، ۋېيانادا شەھەر سايلاملىرى ئۆتكۈزۈلدى ۋە يەھۇدىي دۈشمەنلىكى بىلەن تونۇلغان شەھەر كېڭەش ئەزالىرىنىڭ سانىدا زور ئېشىش كۆرۈلدى.

ھېرزلنىڭ كاللىسىدا ھەر خىل پىلانلار جانلىنىۋاتاتتى. ئۇ «يەھۇدىيلار ئەھۋالى» ھەققىدە رۇسىيە، گالىتسىيە، ۋېنگرىيە، بوھېمىيە، شەرقتىكى يەھۇدىي مۇستەملىكىلەشتۈرۈش ئۇرۇنۇشلىرى ۋە ئۇنىڭ بىر تۇغقىنىدىن ئاڭلىغان پەلەستىندە يېڭىلا قۇرۇلغان تۇرالغۇلار ھەققىدىكى دوكلاتلاردىن تەركىب تاپقان بىر كىتاب يازماقچى بولدى. ئۇنىڭ بىلەن پۈتۈن مەسىلىنى مۇزاكىرە قىلىپ بولغان داڭلىق فرانسۇز يازغۇچىسى ئالفونسي دائوودېت[1]، ھېررزلنى بىر رومان يېزىشى كېرەك دەپ ئويلايتتى؛ بۇ رومان بىر تىياتىر ئەسىردىن بەكرەك تەسىر قوزغايتتى، خۇددى «توم تاغىنىڭ كەپىسى» ناملىق رومانغا ئوخشاش.

ئۇ پارىژدىكى «نويە فرېيە پرېسسە»[2] گېزىتىدىكى خىزمىتىگە چاقىرىلغان چاغدا تاشلاپ قويغان يەھۇدىيلار ھەققىدىكى رومانىنى يېزىشتىن ئىبارەت ئىلگىرىكى پىلانىغا قايتتى. ئۇنىڭ ئۆلىۋالغان دوستى كانا ئەمدى ئاساسلىق پېرسوناژ بولماسلىقى كېرەك ئىدى. ئۇنىڭ ئورنىغا ئۇ «قەھرىمانىنىڭ سۆيۈملۈك دوستى بولغان ئاجىزراق بىرى» بولۇشى كېرەك ئىدى ۋە بىر قاتار بەختسىزلىكلەردىن كېيىن

[1] Alphonse Daudet

[2] Neue Freie Presse

ئۆلۈمنى تاللىغان بولاتتى، بۇ ئەسنادا ۋەدە قىلىنغان زېمىنلار بايقىلاتتى ياكى يېڭىدىن بەرپا قىلىناتتى. ئۇنى ۋەدە قىلىنغان زېمىنغا ئېلىپ بارىدىغان كېمىدىكى قەھرىمان، دوستىنىڭ تەسىرلىك ۋېدالىشىش خېتىنى تاپشۇرۇۋالغاندا، ئۇنىڭ قورقۇنچىدىن كېيىنكى تۇنجى ئىنكاسى غەزەپ بولاتتى: "ئەخمەق! هاماقەت! بىچارە، ئۈمىدسىزلىككە تولغان ئاجىز! بىزگە تەۋە بولغان يوقىتىپ قويۇلغان بىر هايات!»

بىز بۇنىڭدىن زىئونىزم ئىدىيەسىنىڭ ئاپىرىدە بولۇشىنى كۆرەلەيمىز. ئۇنىڭ سىرتقى كۆرۈنۈشى تېخىچە ئېنىقسىز، ئەمما مەركىزى ئىدىيە ئېنىق كۆرۈنىدۇ؛ پەقەت كۆچۈش ئارقىلىقلا بۇ توغرا ئىنسان تىپى ئۆزىنى نامايان قىلىش پۇرسىتىگە ئېرىشەلەيدۇ. «يېڭى نامىراتلار مەھەللىسى»دە ياكوب سامۇئېل بىر قەھرىمان چۈنكى ئۇ ئىززەتلىك ۋە شەرەپلىك ئۆلۈمنى قانداق تاللاشنى بىلىدۇ. ئەمدى پايدىلىق بىر ئادەمنىڭ ئۆلۈمى جىنايى ئىسراپچىلىق، چۈنكى ئۇنىڭ قىلىدىغان چوڭ ۋەزىپىلىرى بار.

ئەمەلىيەتتە ئالدىمىزدا تۇرغىنى قانداقتۇر قىممەتسىز سۆزلەر ئەمەس، بەلكى هەرىكەتتۇر. هېرزلنى سۆزدىن ئەمەلىي هەرىكەتكە يۆتكىگەن ئاخىرقى تۈرتكە نېمە ئىكەنلىكىنى ئېيتىش تەسرەك، ئۇ بۇنىڭغا ئۆزىمۇ جاۋاب بېرەلمىگەن بولاتتى. قاچانكى بىر ئادەم هېرزلدەك مەقسەتكە ئىگە بولغان بولسا، كىچىك ئىشلار چوڭ ئىشلاردىن ئەهمىيەتسىز بولمىغان ئەهۋالدا رول ئوينىشى مۇمكىن.

مايى ئېيىنىڭ دەسلەپكى كۈنلىرىدە، هېرزل بارون دې هىرشقا[1] (ئارگېنتىنادىكى يەهۇدىي مۇستەملىكىچىلىكىنىڭ هامىيسى) ئۆزىنىڭ يەهۇدىي سىياسىي هاياتىنى باشلىغان خەتنى يازدى. ئۇنىڭ سۆهبەت ئۆتكۈزۈش تەلىپى قوبۇل قىلىندى. هېرزل سۆهبەت جەريانىدا مۇهىم نەرسىلەرنى ئۇنتۇپ قالماسلىق ئۈچۈن كۆزقاراشلىرىنىڭ ئاساسىي مەزمۇنىنى خاتىرىلەپ تەييارلىدى. بۇ خاتىرىلەردە ئۇ مۇنداق يازىدۇ: «ئەگەر يەهۇدىيلار مۇۋاپىق ۋاقىت ئىچىدە، مەسىلەن ئون ياكى يىگىرمە يىل، هەتتا قىرىق يىل ئىچىدە – مۇسا پەيغەمبەرگە كېرەك بولغان ۋاقىت ئارىلىقى – كۈچلۈك خاراكتېرلىك ئادەملەرگە ئايلاندۇ-

---

[1] Baron de Hirsch

رۇلماقچى بولسا، بۇنى كۈچ بولماي تۇرۇپ ئەمەلگە ئاشۇرغىلى بولمايدۇ. كىم بۇگۈنكى شارائىتلارنىڭ كۈچۈشكە تېگىشلىك دەرىجىدە ناچار ياكى ياخشى ئىكەنلىكىنى قارار بېرىدۇ؟ شۇنداقلا ۋەزىيەتنىڭ ناچار ئىكەنلىكىگە كىم قارار بېرىدۇ؟ سىز (يەنى ھىرش) ئاۋغۇستىنىڭ بىرىنچى كۈنى شىۋېتسارىيەدىكى بىر مېھمانخانىدا چاقىرغان قۇرۇلتايمۇ؟ سىز بۇ مۆتىۋەرلەر قۇرۇلتىيىغا رىياسەتچىلىك قىلىسىز. سىزنىڭ چاقىرىقىڭىز دۇنيانىڭ ھەممە جايلىرىدا ئاڭلىنىدۇ ۋە جاۋاب قايتۇرۇلىدۇ.

ھەمدە يىغىلغان ئادەملەرگە نېمە ئۈچۈر بېرىلىدۇ؟ ‘سىلەر پارىيالار! سىلەر ھەق ھوقۇقلىرىڭلاردىن مەھرۇم قىلىنىدىغانلىقىڭلاردىن ۋە ئىگىلىكلىرىڭلاردىن ئايرىلىدىغانلىقىڭلاردىن قورقۇپ ياشاشقا مەجبۇرسىلەر. سىلەر كوچىدا يۈرگىنىڭلاردا ھاقارەتلىنىسىلەر. ئەگەر نامرات بولساڭلار، ئىككى ھەسسە ئازاب چېكىسىلەر. ئەگەر باي بولساڭلار، بۇنى يوشۇرۇشقا مەجبۇر بولىسىلەر. سىلەر ھېچقانداق ئېتىبارلىق كەسىپكە قوبۇل قىلىنمايسىلەر، ئەگەر پۇل بىلەن ئىش قىلساڭلار، ئالاھىدە كەمسىتىلىش نىشانىغا ئايلىنىسىلەر.... ۋەزىيەت ياخشىلىنىش ئەمەس، بەلكى تېخىمۇ ناچارلىششقا قاراپ كېتىۋاتىدۇ.... پەقەت بىرلا چىقىش يولى بار: ئۇ بولسىمۇ ۋەدە قىلىنغان زېمىنغا كىرىش.»

ۋەدە قىلىنغان زېمىنىنىڭ قەيەرگە جايلاشقانلىقى، قانداق ئېلىنىدىغانلىقى، تېخى تىلغا ئېلىنمايدۇ. ھېرزل بۇ مەسىلىنى ھەل قىلغۇچ ئەھمىيەتكە ئىگە دەپ ئويلىمىغاندەك كۆرۈنىدۇ؛ بۇ پەنئىي ماھىيەتتىكى مەسىلە ئىدى. ئۇنىڭ دىققىتىنى تارتقىنى كۈچۈشنى تەشكىللەش، كۈچلۈك دۆلەتلەر ئارىسىدىكى سىياسىي تەييارلىقلار، گېزىت، كىتاب، كىتابچە، لېكسىيە، رەسىم، ناخشىلار ئارقىلىق تەربىيەلەش، كۈچلۈك تەشۋىقات، پىكىرنى ئاممىۋىلاشتۇرۇش ئارقىلىق ئامما ئارىسىدا ئېلىپ بېرىلىدىغان دەسلەپكى ئۆزگىرىشلەر ئىدى. بارون دې ھىرش بىلەن سۆھبەتلەشكەن كۈنى، ھېرزل ئۇنىڭغا ئۇزۇن بىر خەت يازدى، بۇ خەتتە ئۇ ئۈچرىشىش نەتىجىسىدە ھاسىل بولغان ئۈچۈر ۋە تەسىراتلارنى تولۇقلاشقا تىرىشتى: «ئىشىنىڭ، بىر پۈتۈن خەلقنىڭ سىياسىي ھاياتى – بولۇپمۇ ئۇ خەلق پۈتۈن دۇنياغا تارقالغان بولسا – پەقەت ھاۋادا ئۈچۈپ يۈرگەن ئۆلچىگىلى بولمايدىغان نەرسىلەر بىلەنلا

ھەرىكەتكە كەلتۈرگىلى بولىدۇ. سىز گېرمان ئىمپېرىيەسىنىڭ نېمىدىن كېلىپ چىققانلىقىنى بىلەمسىز؟ چۈشلەر، ناخشىلار، خىياللار ۋە ئوقۇغۇچىلار تاقىغان ئالتۇن-قارا لېنتىلاردىن. ھەمدە قىسقا ۋاقىت ئىچىدە. سىز ئۆلچىگىلى بولمايدىغان نەرسىلەرنى چۈشەنمەمسىز؟ دىن نېمە؟ يەھۇدىيلارنىڭ ئىككى مىڭ يىل بۇ خىيالنىڭ يولىدا نېمىلەرگە بەرداشلىق بەرگەنلىكىنى ئويلاڭ...»

«ۋەدە قىلىنغان زېمىنغا قەدەم بېسىش ، زامانىۋى دۇنيادا تەڭدىشى يوق غايەت زور تىرانسپورت كارخانىسى سۈپىتىدە نامايان بولىدۇ. قانداق تىرانسپورت؟ بۇ بىز بىر-بىرىگە چىش چاقلىرىدەك ماسلاشتۇرىدىغان بارلىق ئىنسانىي كارخانىلارنىڭ بىر مۇرەككەپ بىرلىكىدۇر. ھەمدە كارخانىنىڭ ئەڭ دەسلەپكى باسقۇچلىرىدا خەلقىمىزنىڭ ئەڭ قىزغىن ياشلىرىغا خىزمەت تېپىپ بېرىمىز، بارلىق ئىنژېنېرلار، بىنىكارلار، تېخنىكا خادىملىرى، خېمىيەگەرلەر، دوختۇرلار ۋە ئادۋوكاتلار، ئوتتۇز يىل ئىچىدە يەھۇدىي نامراتلار مەھەللىسىدىن چىققان ۋە يەھۇدىي تىجارەت بىمەنىلىكلىرىنىڭ رامكىسى سىرتىدا نان ۋە ئازراق ئىززەت ئابروي قازىنالايدىغانلىقىغا ئىشەنگەنلەر ئۈچۈنمۇ شۇنداق. بۈگۈن ئۇلار ئۈمىدسىزلىك بىلەن تولغان بولۇشى كېرەك، ئۇلار ھەددىدىن زىيادە تەربىيەلەنگەن پرولېتارىياتنىڭ ئاساسىنى تەشكىل قىلىدۇ. لېكىن مېنىڭ بارلىق مۇھەببىتىم ئۇلارغا تەۋە، سىز ئۇلارنىڭ سانىنى ئازايتىشقا تىرىشىشقىنىڭىزنىڭ ئەكسىچە، مەن ئۇلارنىڭ سانىنى كۆپەيتىشكە تىرىشىمەن. مەن يەھۇدىي خەلقىنىڭ يوشۇرۇن كۈچىنى ئۇلاردا بايقايمەن. قىسقىسى، ئۇلار مېنىڭ پۇشتۇم.»

1895-يىلى 3-ئىيۇندىكى بۇ خەتتە، ھېرزل تۇنجى قېتىم ئۆزىنىڭ يېڭى يەھۇدىي سىياسىتىنى يات بىرىگە يەتكۈزدى. ئۆز كۆز قاراشلىرىنى يېزىش، شۇنداقلا بۇ مەسىلە ھەققىدىكى سۆھبىتى، ھىرشقا قارىغاندا ئۆزىگە كۈچلۈكرەك تەسىر كۆرسەتكەن ئىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ يېڭى ۋە ئىنقىلابىي تەكلىپلىرىنىڭ خاراكتېرى ھەققىدە روشەن چۈشەنچىگە ئېرىشكەن ئىدى. شۇ كۈنى ياكى ئۇنىڭدىن كېيىنلا ئۇ «يەھۇدىي مەسىلىسى» دېگەن تېما بىلەن كۈندىلىك خاتىرە يېزىشقا باشلىدى.

«ئۇزۇندىن بۇيان، مەن سۈپەتلىگۈسىز چوڭلۇقتىكى بىر ئىش بىلەن شۇغۇللىنىپ كەلمەكتىمەن. مەن بۇنى ئاخىرلاشتۇرالارمەنمۇ-يوق،

تېخى بىلمەيمەن. بۇ ماڭا بىر كۈچلۈك چۈشتەك تۇيۇلىدۇ. لېكىن بۇ ئىش مېنى تامامەن چىرمىۋالغىنىغا كۈنلەر ۋە ھەپتىلەر بولدى، ئۇ مېنىڭ ئاڭسىز مەۋجۇدلۇقۇمغا كىردى، ئۇ مەن قەيەرگە بارسام مەن بىلەن بىللە، ئۇ مەن داۋاملاشتۇرۇشقا مەجبۇر بولغان كۈلكىلىك ۋە كىچىك ژۇرنالىستلىق خىزمىتىمنىڭ ئۈستىدىن نەزەر تاشلاپ تۇرىدۇ. ئۇ مېنى پاراكەندە قىلىدۇ ۋە مەست قىلىدۇ.»

ئاندىن تۇيۇقسىز ئۇنىڭغا بوران يوپۇرۇلۇپ كېلىدۇ. بۇلۇتلار ئېچىلىدۇ، گۈلدۈرماما گۈلدۈرلەيدۇ ۋە چاقماق ئۇنىڭ ئەتراپىدا چاقنايدۇ. مىڭلىغان تەسىراتلار ئۇنىڭغا بىرلا ۋاقىتتا ئۇرۇلىدۇ، غايەت زور كۈچ. ئۇ ئويلىيالمايدۇ، ھەرىكەت قىلالمايدۇ، ئۇ پەقەت يازالايدۇ؛ تىنىقسىز، ئويلانماستىن، ئۆزىنى كونترول قىلالمايدۇ، پارتلاشنى توسۇپ قويۇشتىن ئەنسىرەپ تەنقىدىي قابىلىيىتىنى ئىشلىتەلمەيدۇ، ئۇ ئۆزىنىڭ ئوي-پىكىرلىرىنى قەغەز پارچىلىرىغا دەرھال يازىدۇ ـ ماڭغاندا، ئۆرە تۇرغاندا، ياتقاندا، كوچىدا، داستىخاندا، كېچىدە ـ خۇددى توختىماس بۇيرۇق ئاستىدا.

ئاندىن گۇمانلار چوڭقۇرلۇقتىن كۆتۈرۈلىدۇ. ئۇ ياخشى تۇرمۇشلۇق، تەربىيەلىك، ئېزىلگەن ئادەملەر بىلەن كەچلىك تاماق يەيدۇ، ئۇلار ئانتىسېمىتىزم مەسىلىسىگە تامامەن ئامالسىز ھالدا يۈزلىنىدۇ: ئۇلار گۇمان قىلمايدۇ، ئەمما ئۇلار گېتتو تەبىئەتلىك، تىنچ، ئەدەپلىك، قورقۇنچاق. كۆپىنچىمىز شۇنداق. ئۇلار ئەركىنلىك ۋە ئەرلىككە بولغان چاقىرىقنى چۈشىنەلەمدۇ؟ مەن ئۇلاردىن ئايرىلغاندا روھىيىتىم بەك تۆۋەن ئىدى. يەنە، مېنىڭ پىلانىم ماڭا ساراڭلىقتەك تۇيۇلدى. ئاندىن دەرھال، بۈگۈن مەن يەنە پولاتتەك مۇستەھكەم، دەپ كېلىدۇ. ئۇ ئەتىسى ئەتىگەندە خاتىرىلەيدۇ. تۈنۈگۈن ئۇچراشقان كىشىلەرنىڭ بوشاڭلىقى ماڭا تېخىمۇ كۆپ ھەرىكەت قىلىش ھاياجىنى ۋە ئىمكانىيىتى بېرىدۇ.»

ئۇنىڭ ئۆزى ۋە خەلقى ئالدىدىكى تارىخىي ۋەزىپىسى ھەققىدىكى مەنزىرە تېخىمۇ ئېنىق ئايدىڭلاشتى. «مەن بىر قېتىم يەنە خەلقىمىزنىڭ ئۈزۈلگەن ئەنئەنىسىنىڭ يىپىنى قولغا ئالدىم. مەن ئۇنى ۋەدە قىلىنغان زېمىنغا باشلايمەن.»

«ۋەدە قىلىنغان زېمىن، ئۇ يەردە بىز ئىلمەك بۇرۇنلارغا، قارا ياكى قىزىل ساقاللارغا ۋە ئەگرى پۇتلارغا ئىگە بولالايمىز، بۇنىڭ ئۈچۈن

كەمسىتىلمەيمىز؛ ئۇ يەردە بىز ئاخىرى ئۆز تۇپرىقىمىزدا ئەركىن ئادەملەر سۈپىتىدە ياشىيالايمىز ۋە ئۆز ۋەتىنىمىزدە تىنچ ئۆلەلەيمىز. ئۇ يەردە بىز چوڭ ئىشلار ئۈچۈن شەرەپ مۇكاپاتىنى كۈتەلەيمىز، شۇنداق قىلىپ 'يەھۇدىي!' دېگەن ھاقارەتلىك چۇقان، نېمىس، ئىنگلىز، فرانسۇزغا ئوخشاش ـ قىسقىسى، بارلىق مەدەنىيەتلىك خەلقلەردەك، شەرەپلىك ئۇنۋانغا ئايلىنىدۇ؛ شۇنداق قىلىپ بىز ئۆز دۆلىتىمىزنى قۇرۇپ، خەلقىمىزنى ھازىر تېخى كۆز ئالدىمىزدىن يىراق بولغان ۋەزىپىلەر بىلەن تەربىيەلىيەلەيمىز. چۈنكى ئەگەر ئىنسانىيەت تارىخىدا بىزگە مەلۇم بىر رول بېكىتىلمىگەن بولسا، تەڭرى بىزنى شۇنچە ئۇزۇن ھايات ساقلىمىغان بولاتتى.» ئۇ قوشۇمچە قىلىدۇ: «يەھۇدىي دۆلىتى دۇنيانىڭ ئېھتىياجىدۇر.» ئۇ ئۆزى ئۈچۈن مەنتىقىلىق خۇلاسە چىقىرىدۇ: «مەن ئىشىنىمەنكى، مەن ئۈچۈن ھايات ئاخىرلاشتى ۋە دۇنيا تارىخى باشلاندى.»

ئۇ تۇنجى بوراننىڭ ئۆتۈپ كېتىشىگە يول قويىدى، ئۈستۈن ئىرادىسىگە بويسۇندى، ئىلھامغا بۆسۈپ كىرمەسلىك ئۈچۈن ئۇنىڭ غەزىپىنى توسۇشقا ھېچقانداق ئۇرۇنۇش قىلمىدى. بوران ئۆز يولىنى تاپقاندىن كېيىن، ئۇ ئۆزىنى قايتىدىن قولغا ئالدى ۋە ھەر نەرسىنى مەنتىقىلىق ۋە رەتلىك شەكىلدە قايتا قۇرۇش ئۈچۈن كۈچىنى يىغدى. ئۇ ئۆزىنىڭ تارىخىي ۋەزىپىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتىن ئىلگىرى ئۆلۈم ئۇنىڭغا كېلىپ قېلىشىدىن قورقاتتى. شۇنداق قىلىپ، بەش كۈن ئىچىدە، ئۇ كۈندىلىك خاتىرىسىگە ئاتمىش بەش بەتلىك بىر بايان قوشتى - ئەمەلىيەتتە «دېر يۇدېنستات» (يەھۇدىي دۆلىتى) نىڭ ئاساسىي شەكلى - ئۇنى «روتسچىلدلارغا خىتاب» دەپ ئاتىدى.

خىتابىدا ئۇ مۇنداق يازىدۇ: «مەن يەھۇدىي مەسىلىسىنىڭ ھەل قىلىش چارىسىنى تاپتىم. بۇنىڭ ساراڭلاردەك ئاڭلىنىدىغانلىقىنى بىلىمەن؛ ۋە دەسلەپ مەن بىر قېتىمدىن كۆپرەك ساراڭ دەپ ئاتىلىمەن ـ تاكى مەن ئېيتقان ھەقىقەتنىڭ ھەققىي كۈچى تونۇپ يېتىلگۈچە ياكى ھېس قىلىنغۇچە.»

ئۇ بىسماركقا يەھۇدىي مەسىلىسىنى ھەل قىلىش پىلانىنى تەقدىم قىلىش ئۈچۈن سۆھبەت ئېلىپ بېرىشنى سوراپ خەت يازدى، بىراق ئۇ

ھېچقانداق جاۋاب ئالمىدى. ئۇ ۋېيانانىڭ باش خاھامى[1] گۈدېماننىڭغا خەت يازدى، بۇ ۋاقىتتا ۋېيېنادا يەھۇدىيلارغا قارشى ئاشقۇنلۇقلار يۈز بەرگەن ئىدى. «بۇ پىلان ... تېخىمۇ يامان كۆنلەرگە قارشى بىر زاپاس ۋە تەييارلىق خاراكتېرىگە ئىگە.»

ھېرزل، ئەنگلىيەگە بولغان تۇنجى زىيارىتىدە، يازغۇچى ئىسرائىل زانگۋىل بىلەن كۆرۈشتى ۋە سۆزلەشتى، ئۇنىڭغا تەسىر كۆرسەتتى بىراق ئۇنى تولۇق يېنىغا تارتىپ بولالمىدى. لېكىن زانگۋىل ئۇنىڭ كۆزگە كۆرۈنگەن، نوپۇزلۇق يەھۇدىيلاردىن بىر قانچە كىشى بىلەن كۆرۈشۈشىگە ئىمكانىيەت يارىتىپ بەردى، ھېرزل بۇلارنى دەرھال ئۆزىگە جەلپ قىلدى. ئۇلارنىڭ ھېچقايسىسى ئارگېنتىنا ھەققىدە ئۇچۇر بىلىشنى خالىمىدى، لېكىن بۇ نۇقتىدا ئەمەلىيراق ئادەملەر بىلەن خىيالپەرەسلەر بىرلەشكەن ئىدى: يەھۇدىيلار مىللەت سۈپىتىدە مەركەزلىشىدىغان يېگانە جاي پەلەستىن ئىدى.

ئەنگلىيەدىكى تەجرىبىلىرىدىن كېيىن، ھېرزل ئۆزىنىڭ پىلانىنى كەڭ ئاممىغا تەقدىم قىلىشنى قارار قىلدى. «روتسچىلدلارغا خىتاب» ئۇنىڭ پىلانىنىڭ تۇنجى تولۇق يېزىلىشى بولۇپ، ئىلھام تۇرتكىسىدە ۋۇجۇدقا چىققان ئىدى، بۇ ئەسەر قايتا ئىشلەندى ۋە «دېر يۇدېنستات»[2] دېگەن بۈيۈك كىتابى سۈپىتىدە رويابقا چىقتى. ئۇنىڭ ماۋزۇسى: «يەھۇدىي دۆلىتى: يەھۇدىي مەسىلىسىنى زامانىۋى ھەل قىلىش تىرىشچانلىقى» ئىدى. "يەھۇدىي دۆلىتى" كىتابىنى ھېرزلنىڭ ھاياتلىق ئەسىرى دېسەك بولىدۇ؛ ئۇنىڭ دۇنيا پەلسەپىسى، دۆلەت، يەھۇدىي خەلقى ۋە ئىلىم-تېخنىكا ھەققىدىكى بارلىق قاراشلىرى - ئۇنىڭ ئوتتۇز بەش ياشقىچە شەكىللەندۈرگەن پىكىرلىرى - بۇ كىتابدا جەملەنگەن.

"يەھۇدىي دۆلىتى" ئۈچ مىڭ نۇسخىدا نەشر قىلىندى. ئۇ ھەرقايسى ياۋروپا پايتەختلىرىدىكى كىچىك يىغىنلاردا ئوقۇلدى. ئۇ مەتبۇئات ۋە سىياسىي ساھەلەردىكى مۇھىم شەخسلەرگە يوللاندى. ئۇ تېزلا بىر قانچە تىللارغا تەرجىمە قىلىندى. ھېرزل يازغۇچىلار ۋە دۆلەت

---

[1]

[2] Der Judenstaat

ئەرباپلىرىدىن كۆپلىگەن خەتلەرنى ئالدى، ئۇنىڭدا بۇ ئەسەر ماختالغان ئىدى. بىراق ئومۇمىي گېرمان مەتبۇئاتى، بولۇپمۇ يەھۇدىيلار كونترول قىلغان مەتبۇئات، سەلبىي پوزىتسىيە تۇتتى. بىر قانچە ژۇرنالىست ئۇنى يەھۇدىيلارنىڭ باش ۋەزىرى ياكى پادىشاھى بولۇشنى ئارزۇ قىلغان تەۋەككۇلچى خىيالپەرەست دەپ مەسخىرە قىلدى. «نوي فرېيې پرېسسې»[1] گېزىتىدە «يەھۇدىي دۆلىتى» ھەققىدە شۇ ۋاقىتتا ياكى ھېچبىر ۋاقىت ھېچقانداق تىلغا ئېلىش بولمىدى. ۋېيانانىڭ «ئالگېمېينې زېيتۇنگ»[2] گېزىتى زىئونىزمنى ئۇمىدسىزلىكتىن تۇغۇلغان ساراڭلىق دەپ سۈپەتلەشتى،ميۇنخېننىڭ «ئالگېمېينې زېيتۇنگ» گېزىتى بولسا ئۇنى خىيالىي يەھۇدىي قىزغىنلىقى بىلەن ۋاقىتلىق پاراكەندە بولغان بىر فېيلېتون يازغۇچىسىنىڭ خىيالىي چۈشى دەپ تەسۋىرلىدى.

ھېرزل ئەڭ زور تەسىرنى يەھۇدىي ئاممىسىغا كۆرسەتتى. ئۇ شەرقىي ياۋروپادىكى يەھۇدىيلار ئارىسىغا ئۆتمۈشتىن ئاپىرىدە بولغان سىرلىق شەخس بولۇپ ئاپىرىدە بولدى. ئۇنىڭ كىتابچىسى ھەققىدە ئانچە كۆپ ئۇچۇر بىلىشمەيتتى، چۈنكى ئۇ رۇسىيەدىكى چەكلىمە سەۋەبىدىن دۆلەتتىن سىرتقا چىقىرىلمىغان ئىدى. پەقەت ئۇنىڭ تىمىسىلا ئۇلارنىڭ دىققىتىنى تارتتى ۋە ھېرزل ھەققىدە ئېيتىلغان ھېكايىلەر-ئۆز خەلقىگە قايتقان غەربلىك يەھۇدىي-ئۇلارنىڭ قەلبىنى جەلپ قىلدى ۋە خىياللىرىنى قوزغىدى. ئۇنى گالىتسىيە زىئونىست جەمئىيەتلىرىدىن بىرى خۇددى مۇسا پەيغەمبەردەك، يەھۇدىيلارنى ئازاد قىلىش ئۈچۈن مەدىيەندىن قايتىپ كەلگەن يېتەكچى دەپ قارشى ئالدى. ئەدەبىيات-سەنئەت ساھەسىنىڭ نوپۇزلۇق ئوبزورچىسى ماكس نوردائۇ[3]، ئەسەرگە مەست بولۇپ كىتابچىنى «ۋەھىي» دەپ سۈپەتلىدى، شائىر رىچارد بېئېر ھوفمان[4]، ھېرزلغا خەت يېزىپ «ئاخىرى يەنە بىر ئادەم كەلدى، ئۇ يەھۇدىيلىقنى خۇددى ئۇ بىر يۈك ياكى بەختسىزلىك بولغاندەك بويسۇنۇش بىلەن كۆتۈرمەيدۇ، بەلكى ئەزەلدىن داۋاملىشىپ

[1] Neue Freie Presse

[2] Algemeine Zeitung

[3] Max Nordau

[4] Richard Beer Hoffman

كەلگەن مەدەنىيەتنىڭ قانۇنلۇق ۋارىسى بولۇشتىن پەخىرلىنىدۇ»دېدى.

ھېرزلگە «يەھۇدىي دۆلىتى»دە ئوتتۇرىغا قويغان ۋەزىپىدە ئاكتىپ رول ئوينىشى كېرەكلىكى ئېنىق بولدى. ئۇ ئەمدى ئۆزىنى يالغۇز ھېس قىلمايتتى. ئۇ ئاممىۋى سەھنىگە چىقىشقا ئانچە مايىل ئەمەس ئىدى. ئۇنىڭدا ھەمىشە ئېيتىدىغان گەپلىرىنى يېزىشقا مايىل كىشىنىڭ تارتىنچاقلىقى بار ئىدى. ئۇ يەنە ئۆزىنىڭ شەخسىي ھازىرلىقى ئۇنىڭ پىكىرلىرىنى خىرەلەشتۈرسە، پايدىدىن بەكرەك زىيان كەلتۈرىدىغانلىقىنىمۇ ھېس قىلاتتى. ئۇ توختاۋسىز مەكتۇب يېزىش ئارقىلىق لوندوندا، پارىژدا، بېرلىندا، ئامېرىكا قوشما شتاتلىرىدا زىئونىست پائالىيەتلىرىنى قوزغاتتى، ئۇ يازغان مەكتۇبلىرىنىڭ مىقدارى ئىنتايىن كۆپ ئىدى. ئۇ دەرھال ئورۇندىلىشى كېرەك بولغان ئۈچ ۋەزىپە بارلىقىنى قارار قىلدى. بىرىنچىسى يەھۇدىي جەمئىيىتىنى تەشكىللەش ئىدى. ئىككىنچىسى ئىستانبۇل ۋە مەنپەئەتدار دۆلەتلەر ئارىسىدا دىپلوماتىك خىزمەتنى داۋاملاشتۇرۇش ئىدى. ئۈچىنچىسى ئامما پىكرىگە تەسىر كۆرسىتىدىغان ۋە يەھۇدىي ئاممىسىنى چوڭ كۆچۈشكە تەييارلايدىغان مەتبۇئات تىكلەش ئىدى.

يەھۇدىيلارنىڭ مۇقەددەس زېمىنغا قايتىشىغا ئىشىنىدىغان ۋېنىيانا-دىكى بىرىتانىيە ئەلچىخانىسىنىڭ روھانىي زاتى خېچلېر[1] ئارقىلىق، ھېرزل دىندار ۋە سىياسىي ساھەلەردە زور تەسىرى بار خىرىستىئان پارلامېنت ئەزاسى بادېن[2] بىلەن تونۇشتى. ھېرزل نېمىسلارنىڭ تەسىرىدىن پايدىلىنىپ ئوسمانلى سۇلتانىنى زىئونىزم تەكلىپلىرىگە تېخىمۇ ھېسداشلىق قىلىدىغان قىلماقچى بولغان. ھېرزل پارلامېنت ئەزاسى بادېنغا زىئونىزمنى گېرمانىيەنىڭ مەدەنىيەت دائىرىسىگە كىرگۈزۈشنى خالايدىغانلىقىنى ئېيتقان. بادېن پادىشاھنىڭ يەھۇدىيلار-نىڭ كۆچۈشىنى گېرمانىيە ھىمايىسىگە ئېلىشقا مايىل ئىكەنلىكىنى ئېيتقان. چوڭ دۆلەتلەر ئوسمانلى ئىمپېرىيەسى ئىچىدە مەلۇم دەرىجىدە تېررىتورىيەلىك ھوقۇقلارنى ساقلاپ قېلىشقا قىزىقاتتى. ئەگەر ئىمپېرىيەنىڭ ھەرقانداق قىسمىدا ئۇلارنىڭ ئۆز خەلقى بولسا، ئۇلارنى ئوسمانلى قانۇنىدىن ئۈستۈن قوغداش ھوقۇقىنى تەلەپ قىلاتتى. شۇڭا،

[1] Hechler

[2] Baden

پادىشاھنى پەلەستىنىدىكى يەھۇدىيلارنى بۇ مەقسەتتە قوبۇل قىلىشقا ئۈندىگەن ئامىل ئۇنىڭ يەھۇدىيلارغا بولغان قىزىقىشى ئەمەس، بەلكى ئوسمانلى ئىمپېرىيەسى ئىچىدە گېرمانىيە ھۆكۈمرانلىقىنى كېڭەيتىشكە بولغان قىزىقىشى ئىدى. گېرمانىيەنىڭ ئوسمانلى بىلەن ئالاھىدە مۇناسىۋىتى بار ئىدى. غەربتىكى كۆپلىگەن دۆلەتلەر ئوسمانلى ئىمپېرىيەسىنىڭ كەلگۈسىدىكى بۆلۈنۈشىنى ئوچۇق مۇھاكىمە قىلىۋاتقان بولسىمۇ، گېرمانىيە ئۇنىڭغا قارشى ئىدى.

ھېرزلگە پادىشاھنىڭ پەلەستىنگە بارغاندا ئۇنى ھەيئەت باشلىقى سۈپىتىدە كۆرۈشكە تەييار ئىكەنلىكى ئېيتىلدى، ئەمما ھېرزل پادىشاھ بىلەن تېزراق كۆرۈشۈشكە ئىنتىزار ئىدى. ئۇ پادىشاھنىڭ پەلەستىن سەپىرىدىن بۇرۇن كۆرۈشۈش تەكلىپىنى قويدى، شۇنداق قىلغاندا پادىشاھ سۇلتان بىلەن يەھۇدىي مەسىلىسىنى مۇزاكىرە قىلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولاتتى. بادېن ھېرزلگە ۋىيانادىكى گېرمان ئەلچىسى گراف فىلىپ زۇ ئەۋلېنبېرگ[1] بىلەن كۆرۈشۈش مەسلىھەتىنى بەردى. ھېرزل ۋىيانانادا گراف ئەۋلېنبېرگ بىلەن كۆرۈشۈش پۇرسىتىگە ئېرىشتى. ھېرزل ئۇنىڭغا ئىمپېراتور ھەزرەتلىرىنىڭ سۇلتاننى يەھۇدىيلار بىلەن سۆھبەت ئېچىشقا كۆندۈرۈشىنى خالايدىغانلىقىنى ئېيتتى.

گراف ھېرزلنى شۇ ۋاقىتتا ۋېيېنادا تۇرۇۋاتقان گېرمان تاشقى ئىشلىرى مىنىستىرى فون بۇلوۋغا تونۇشتۇردى. فون بۇلوۋ زىئونىست ھەرىكىتى ھەققىدە كۆپ ئىشلارنى بىلەتتى. ئۇ قىيىنچىلىقنىڭ سۇلتاننى يەھۇدىيلار بىلەن مۇئامىلە قىلىشقا كۆندۈرۈشتە ئىكەنلىكىنى ئېيتتى. ئۇ ئەگەر پادىشاھ تەرىپىدىن توغرا مەسلىھەت بېرىلسە، سۇلتاننى تەسىرلەندۈرگىلى بولىدىغانلىقىغا ئىشەنچىسى بارلىقىنى بىلدۈردى. بىر ھەپتىدىن كېيىن ھېرزلگە پادىشاھنىڭ پەلەستىنىدىكى يەھۇدىيلارنى ئۆز ھىمايىسىگە ئېلىش مەيلى بارلىقى مەلۇم قىلىندى، ۋە كېيىن يېرۇسالېمدا ھېرزلنى ھەيئەت باشلىقى سۈپىتىدە كۆرۈشنى خالايدىغانلىقى قايتا ئېيتىلدى.

ھېرزل مالىيە قورالى يوق ئەھۋالدا بۇ يۆنىلىشتە تېخىمۇ

---

[1] Philip Zu Eulenberg

ئىلگىرىلەشتىن قورقۇپ قالدى، چۈنكى بۇ قورال بولمىسا نە دىپلوماتىك سۆھبەت نە مۇستەملىكىلەشتۈرۈش ئىشلىرىنى ئېلىپ بېرىشقا بولمايتتى. ئۇ داۋىد ۋولفسون ۋە ياكوبۇس كاھنغا ئىنتايىن تېز سۈرئەت بىلەن يەھۇدىي مۇستەملىكە تىرۇست شىركىتىنى تەسىس قىلىشنى تاپىلىدى. ھېرزل ھەر قانداق ۋاقىتتا مالىيە كۈچىنى ئىسپاتلاش تەلەپ قىلىنىشى ئىمكانىيىتىنى ئالدىن كۆرگەن ئىدى. گەرچە بانكىنىڭ ئىشلىرى ۋولفسون ۋە كاھننىڭ قولىدا بولسىمۇ، ھېرزل ھەر بىر تەپسىلاتنى يېقىندىن كۆزىتەتتى. ئۇ دائىم ئىشنىڭ ئاستىلىقىدىن قاخشايتتى. 1899-يىلى مارت ئېيىنىڭ 28-كۈنى پايچەك سېتىش تىزىملىكى رەسمىي ئېچىلدى. ھېرزلنىڭ ئۈمىدى ئەمەلگە ئاشمىدى. پەقەت تەخمىنەن 200,000 پايچېكى سېتىلدى، ئۇلارنىڭ تۆرتتىن ئۈچى رۇسىيەدە سېتىلغان ئىدى. بانكا ئەڭ كەمدە 250,000 تۆلەنگەن پايغا ئېرىشمىگۈچە رەسمىي ئېچىلالمايتتى. كۆپ كۈچ سەرپ قىلغاندىن كېيىن، ئاخىرى ئەڭ ئاز مىقدارغا يېتىشتى. تىرۇست 1899-يىلى ئاۋغۇست ئېيىدىكى ئۈچىنچى قۇرۇلتاينىڭ ئېچىلىشىغا ۋاقتىدا ئۈلگۈردى ۋە پايچېكى سېتىش رەسمىي ئېچىلدى.

ھېرزل 1899-يىلى ئۆكتەبىر ئېيىدا لوندوندا دوكتور گاستىنېرنىڭ رەئىسلىكىدە ئۆتكۈزۈلگەن ئاممىۋى يىغىندا سۆز قىلدى. سۆزىدە ئۇ يەھۇدىي خەلقىنىڭ ھەرىكەتكە كېلىدىغان ۋاقتىنىڭ يىراق ئەمەسلىكىگە ئىشىنىدىغانلىقىنى بايان قىلدى. گەرچە تېخىمۇ ئېنىق سۆزلىيەلمىسىمۇ، تىڭشىغۇچىلاردىن ئۇنىڭ سۆزىگە ئىشىنىشنى تەلەپ قىلدى. «مەن سىلەرنىڭ يېنىڭلارغا قايتا كەلگەندە، بىز يولىمىزدا تېخىمۇ ئىلگىرى باسقان بولىمىز دەپ ئۈمىد قىلىمەن»دېدى ھېرزل. يىغىندا زىئونىزمنى قوللايدىغان كاتولىك روھانىي زات ئىگناتىۇس ھېرزلنى «پەيغەمبەر ئەزەكىيەلنىڭ[1] بېشارەتلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا كەلگەن يېڭى يۈشۈئا» دەپ تەرىپلىدى. بۇ سۆزلەرنىڭ

[1] ئەزەكىيەل تەۋراتتا تىلغا ئېلىنغان ۋە ھەزەكىيەل كىتابىغا ئىسىم بەرگەن يەھۇدىي دىن كاتتىسىدۇر. ئەزەكىيەل مىلادىدىن بۇرۇن 586-يىلى يېرۇسالېمنىڭ يىقىلىشىدىن بۇرۇن ۋە كېيىن بابىلدا سۈرگۈندە ياشىغان. يەھۇدىي ئەنئەنىسىگە قارىغاندا، ئەزەكىيەل ئۆزىنىڭ كىتابى بولغان ئەزەكىيەل كىتابىنى يازمىغان، ئۇنىڭ بېشارەتلىرى چوڭ مەجلىس تەرىپىدىن يىغىلىپ يېزىلغان

تىڭشىغۇچىلار ئۈستىدە پەيدا قىلغان تەسىرى ھېرزلنىڭ شۇ ۋاقىتتىكى مەقسەتلىرىگە زىيان يەتكۈزدى. چۈنكى ئۇ ھەمىشە ئۆزىنىڭ مەسىھ دەپ قارىلىشىنى توسۇشقا تىرىشاتتى. لوندوندىكى بۇ يىغىن ھېرزلنىڭ ئامما ئالدىدا ئۆزىنى كونترول قىلىش قابىلىيىتىنى يوقىتىپ قويغان بىرگانە ھادىسە ئىدى.

ھېرزل تاشقى ئىشلار مىنىستىرى فون بۈلوۋ بىلەن قايتا كۆرۈشكەندە، بۇ قېتىم ئىمپېرىيە باش ۋەزىرى ھوھېنلوھې ھازىر بولدى. ھېرزل دەرھال پاراڭدىكى پەرقلىق ئاۋازنى سەزدى - بۇ گراف ئەۋلېنبېرگ بىلەن بولغان سۆھبەتتىكە سىلىشتۇرغاندا ئوخشىمايتتى. ئۇ باش ۋەزىر ۋە تاشقى ئىشلار مىنىستىرىنىڭ پادىشاھ بىلەن ئوخشاش پىكىردە ئەمەسلىكىنى، ئەمما بۇنى ئاشكارا ئېيتىشقا جۈرئەت قىلمايدىغانلىقىنى ئويلىدى. ياكى ئەكسىچە، ئۇلارنىڭ قوللايدىغان بولۇشى مۇمكىن، ئەمما بۇنى ئۇنىڭغا ئېيتىشنى خالىمايدىغان بولۇشى مۇمكىن.

ئاخىرى ھېرزل ئىستانبۇلدا پادىشاھ بىلەن كۆرۈشتى. ھېرزل تىنچلىق مەقسىتىنى تونۇشتۇرغاندىن كېيىن، پادىشاھ سۆزنى بۆلۈپ زىئونىست ھەرىكىتىنىڭ نېمە ئۈچۈن ئۆزىنى جەلپ قىلغانلىقىنى چۈشەندۈردى.

«خەلقىڭلار ئىچىدە ،» دېدى پادىشاھ، «پەلەستىنگە كۆچۈرۈلسە ياخشى بولىدىغان مەلۇم ئامىللار بار.»

ئۇ ھېرزلدىن يېرۇسالېمدا تاپشۇرماقچى بولغان مۇراجەتنامىنى ئالدىن بېرىشنى تەلەپ قىلدى. پادىشاھنىڭ يەھۇدىي تەكلىپلىرىنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى سۈيپىتىدە سۇلتانغا نېمىنى تۇنجى ئورۇنغا قويۇشى سورالغاندا، ھېرزل «گېرمان ھىمايىسىدىكى پاتېنتلىق شىركەت» دەپ جاۋاب بەردى.

ھېرزل كېلىشىم بويىچە پەلەستىندە پادىشاھ بىلەن كۆرۈشتى. ئۇ 1898-يىلى ئۆكتەبىر ئېيىنىڭ 6-كۈنى يافاغا يېتىپ كەلدى. جۈمە كۈنى سەھەردە مىكۋەھ ئىسرائىل مۇستەملىكە رايونىدىن ئۆتىدىغان يولدا پادىشاھ ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرىنىڭ كېلىشىنى كۈتتى. پادىشاھ ئۇنى يىراقتىن تونۇدى. ھاۋا رايى، پەلەستىندىكى سۇ قىسىنچىلىقى ۋە

بۇنىڭ كەلگۈسى بار يەر ئىكەنلىكى ھەققىدە قىسقا پاراڭ قىلدى.

ھېرزل كېيىن پادىشاھقا تاپشۇرغان مۇراجەتنامىدىكى مۇھىم قىسىملارنىڭ كۆپى پادىشاھنىڭ مەسلىھەتچىلىرى تەرىپىدىن ئۆچۈرۈپ تاشلاندى. مۇراجەتنامىدىن زىئونىست ھەرىكىتىنىڭ مەقسەتلىرى، يەھۇدىي خەلقىنىڭ ئاساسلىق ئېھتىياجى ۋە سۈرىيە-پەلەستىن ئۈچۈن پىلانلاشتۇرۇلغان يەھۇدىي ئۆي مۇلۇك شىركىتىگە پادىشاھنىڭ ھىمايىسىنى تەلەپ قىلغان بارلىق قىسىملار ئېلىپ تاشلاندى. پادىشاھ بىلەن رەسمىي كۆرۈشۈش 1898-يىلى نويابىر ئېيىنىڭ 2-كۈنى دۈشەنبە كۈنى ئۆتكۈزۈلدى. پادىشاھ ھېرزلگە ئۆزىنى قاتتىق قىزىقتۇرغان خىتابنامەسى ئۈچۈن رەھمەت ئېيتتى. پادىشاھنىڭ پىكرىچە تۇپراق ئېكىن قىلىشقا ماس ئىدى، پەقەت سۇ ۋە سايە كەم ئىدى.

«بۇنى بىز تەمىنلىيەلەيمىز،» دېدى ھەرزل. «بۇنىڭغا مىلياردلارچە پۇل خىراجەت كېتىدۇ، ئەمما مىلياردلارچە كىرىممۇ ئېلىپ كېلىدۇ.»

«ۋاھ، سىلەردە راستىنلا يېتەرلىك پۇل بار، بىزنىڭ ھەممىمىزدىن كۆپ» دېدى پادىشاھ.

بۇ قىسقا سۆھبەت ئىدى. مەزمۇنى مۇجمەل بولۇپ، نەتىجە بەرمەيدىغاندەك بىلىندى. ھەرزل ئىستانبۇلدىكى سۆھبەت بىلەن يېرۇسالېمدىكى كۆرۈشۈش ئوتتۇرىسىدا بەزى پەرقلەرنىڭ بارلىقىنى سەزدى. بۇ رەسمىي گېرمان مەتبۇئاتىغا چىققاندا، ھەرزل بىلەن كۆرۈشۈش ئاخىرقى پاراگرافقا يوشۇرۇلۇپ، مۇھىملىقىدىن مەھرۇم قىلىندى: «كېيىن پادىشاھ فرانسىيە كونسۇلىنى قوبۇل قىلدى، شۇنداقلا پەلەستىندىكى يەھۇدىي مۇستەملىكىلىرىنىڭ رەسىم ئالبۇمىنى تاپشۇرغان يەھۇدىي ھەيئىتىنىمۇ قوبۇل قىلدى. ھەيئەت رەھبىرىنىڭ خىتابىغا جاۋاب بەردى، جاناپلىرى ئەگەر پەلەستىندە تېرىقچىلىقنى ياخشىلاشقا قارىتىلغان ھەر قانداق تىرىشچانلىق ۋە خىزمەت ئوسمانلى ئىمپېرىيىسىنىڭ مەنپەئىتىگە ماس كەلگەن ۋە سۇلتاننىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا تولۇق ھۆرمەت قىلىنغان ئەھۋالدا ئېلىپ بېرىلسا، بۇنىڭ تولىمۇ ساخاۋەتلىك ئىش بولىدىغانلىقىنى ئېيتتى.»

بۇ ئۇنىڭ ئۈچۈن ئاسماندىن چۈشۈپ كەتكەندەكلا بىر ئۈمىدسىزلىك ئىدى. ھەرزل جاسارىتىنىڭ سۇنۇپ كېتىشىگە يول قويمىدى.

پادىشاھنىڭ ئىستانبۇلدىكى قىزغىنلىقىنىڭ يېرۇسالېمدا شۇنچە تېز سوۋۇپ كېتىشى ئۇنىڭ كاللىسىدىن ئۆتمىدى ياكى قىيىن كەلدى. ئۇنىڭغا گېرمانىيەدە قىزىققان كىشىلەر بىلەن ئالاقىنى داۋاملاشتۇرۇشنىڭ ھېچ مۇمكىنچىلىكى قالمىغاندەك تۇيۇلدى. شۇنداقتىمۇ ھەرزل ئۈزۈلگەن ئالاقە يىپلىرىنى قايتا ئۇلاشقا تىرىشتى، ئەمما بىر قېتىم ئۈزۈلگەندىن كېيىن ئۇلارنى قايتا جانلاندۇرۇش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. بادىن ھەممىشە بولغاندەك ساداقەتمەن ئىدى، ئەمما ھېچ نېمە قىلالمايتتى. ھەرزل پادىشاھنى شۇنىڭدىن كېيىن قايتا كۆرمىدى.

ھېرزل بادېنغا يازغان خەتتە، زىئونىست تارىخىنىڭ بۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك بېتىنى يېپىپ، مۇنداق دېدى:

> «ماڭا نىسبەتەن ئالاھىدە قىممەتلىك بولغان ئۈمىدنىڭ ئۆچۈپ كەتكەنلىكىنى ۋە بىزنىڭ گېرمان ھىمايىسى ئاستىدا زىئونىست مەقسىتىمىزگە يېتەلمەيدىغانلىقىمىزنى قوبۇل قىلىشىمغا توغرا كېلىدۇ.»

شۇ ۋاقىتلاردا ھەرزل فىلىپ مىخائىل فون نېۋلىنسكى بىلەن تونۇشتى. نېۋلىنسكى ئۇزۇن تارىخلىق پولشا ئاقسۆڭەك ئائىلىسىنىڭ ئەۋلادى بولۇپ، دەسلەپ دىپلوماتىيە خىزمىتى بىلەن شۇغۇللانغان، كېيىن ئەركىن دىپلوماتىيە ۋەكىلى ۋە فرانسىيە ژۇرنالىستى بولغان ئىدى . دەسلەپكى باسقۇچلاردا نېۋلىنسكى ھەرزلنىڭ ئىستانبۇلدىكى بارلىق پائالىيەتلىرىگە يولباشچى بولدى. ھەرزل 1896-يىلى ئىيۇن ئېيىدا ئىستانبۇلغا كەلگەندە، نېۋلىنسكىنىڭ ئالدىبۇرۇن سۇلتان بىلەن كۆرۈشۈش ئورۇنلاشتۇرغانلىقىنى ئويلىدى. ئەمما ئىش ئۇ ئويلىغانچە ئاسان ئەمەس ئىدى. بۇنداق كۆرۈشۈش ئالدىن ئورۇنلاشتۇرۇلسۇن ياكى ئورۇنلاشتۇرۇلمىسۇن، ھەرزل ۋەزىرى ئەزەمنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بىر قانچە يۇقىرى دەرىجىلىك تۈرك ئەمەلدارلىرى بىلەن كۆرۈشۈش ئىمكانىيىتىگە ئېرىشتى. باشتا تەكلىپلەر ئېنىق ئەمەس ئىدى، ئەمما ھازىر ھەرزل سۇلتانغا بولغان تەكلىپلىرىنى ئېنىق شەكىللەندۈرگەن ئىدى.

19-ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن باشلاپ، تۈركىيەنىڭ مالىيەسى

ئىنتايىن ناچار ئەھۋالدا ئىدى. ئىمپېرىيە ناچار باشقۇرۇلۇۋاتاتتى. سۇلتان «ياۋروپانىڭ كېسەلمەنى» دەپ قارالغان ئىدى. 1891-يىلى، تۆلەنمىگەن ئۆسۈمنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئومۇمىي تاشقى قەرز ئىككى يۈز ئەللىك ئۈچ مىليون فوندستېرلىڭغا يەتكەن.1881-يىلى ئوسمانلى ئىمپېرىيەسىنىڭ قەرزلىرى بىرلەشتۈرۈلدى. قەرز 106 مىليون فونت ستېرلىڭغا چۈشۈرۈلدى، ئەمما بۇ ئوسمانلى ئىمپېرىيەسىنىڭ مالىيە ئىشلىرى قەرز ئىگىلىرىنىڭ ۋەكىللىكىنى قىلىدىغان كومىتېتنىڭ كونترولى ئاستىدا ئېلىپ بېرىلىدىغان بولدى. بۇ كومىتېتقا بەزى مونوپوللۇق ھوقۇقلىرى ۋە بىر قانچە تۈردىكى باج يىغىش ۋەكالىتى بېرىلدى. بۇ تەشكىلات ياۋروپا دۆلەتلىرىنىڭ ئوسمانلى ئىمپېرىيەسىنىڭ ئىچكى ئىشلىرىغا مۇداخىلە قىلىشىغا قانۇنىي ئاساس يارىتىپ بەردى. ئوسمانلى ئىمپېرىيەسى پەقەت چەتئەللىكلەرنىڭ كونتروللۇقى ۋە قاراۋۇللۇقىنى يوق قىلىش ئارقىلىقلا ئۆز مۇستەقىللىقىنى تولۇق قايتۇرۇپ ئالالايتتى. ھېرزلنىڭ قارىشىچە ئوسمانلى ئىمپېرىيەسىنىڭ بۇ مەقسىتىگە يېتىشى ئۈچۈن، پەقەت يەھۇدىيلارلا پايدىلىق رول ئوينىيالايتتى. ھەرزل بۇ مالىيە خىزمىتى ئۈچۈن پەلەستىندە يەھۇدىي دۆلىتى قۇرۇش ھوقۇقىنى تەلەپ قىلىشنىڭ كويىغا كىردى. ھەرزل تۈرك ئىمپىرىيىسىنىڭ قەرزنى قايتۇرۇش ئېھتىياجى يوقاپ كەتكۈچە بۇ دىپلوماتىيەلىك ئىستراتېگىيەدە چىڭ تۇردى.

لېكىن بۇ ۋاقىتتا ھېرزل سۇلتان بىلەن ئۇچرىشىش ئىمكانىيىتىگە ئېرىشەلمىدى. نېۋلىنسكى سۇلتاننىڭ پەلەستىن ئۈستىدىكى ھۆكۈمرانلىقىنى مۇزاكىرە قىلىشنى رەت قىلغانلىقى ئۈچۈن بۇنداق بىر ئۇچرىشىشنىڭ رەت قىلىنغانلىقىنى خەۋەر قىلدى. ھېرزلغا يەنە دوكلاتنىڭ توغرىلىقى ھەققىدە گۇمانلار بىلدۈرۈلدى. قىسقىسى، ھېرزلنىڭ ئىستانبۇلدىكى تۇنجى ئۇرۇنۇشى مۇۋەپپەقىيەتلىك بولمىدى. ھېرزل ئىستانبۇل ۋە بېرلىنغا بارىدىغان يوللارنى ئىزدىدى، لېكىن يەھۇدىي خەير-ساخاۋەت ئىشلىرى بىلەن ئالاقىنى ساقلاپ قېلىشنىڭ مۇھىملىقىنى ئۇنتۇمىدى. بارون دې ھىرشكە يېزىلغان بىر خەت ئۇنىڭ ۋاپاتىدىن بىر كۈن كېيىن يېتىپ كەلدى.

ھېرزل لوندونغا سەپەر قىلدى. ئۇ يەردە ئۇنى بىرىتانىيە يەھۇ-دىيلىرىنىڭ يېتەكچىلىرى بىلەن كۆرۈشتۈرۈش ئۈچۈن تەييارلىقلار قىلىنغان ئىدى. ئۇ ئانگلو-يەھۇدىي جەمئىيىتىنىڭ ۋەكىللىرى كلاۋد

مونتېفىئورې ۋە فرېدېرىك موكاتتا بىلەن كۆرۈشتى. ئۇلار ياردەم قىلىشقا قىزىقمىدى. ماكابىيلار تەرىپىدىن ئۇنىڭغا بېرىلگەن زىياپەتتىمۇ ياخشى كۈتۈۋېلىنمىدى. ھېرزلىنىڭ شەخسىي تەسىرى چوڭقۇر ئىدى، ئەمما ھېچقانداق ئەمەلىي نەتىجە يوق بولۇپ، ئۇ ئەنگلىيەدە ئۆتكۈزگەن ۋاقىتتا ھېچقانداق ئىلگىرىلەش قىلالمىدى. ھېرزل سىر سامۇئېل مونتاگۇ ۋە پولكوۋنىل گولدسمىتنى، دۆلەتلەرنىڭ ماقۇللىقى بىلەن ئوسمانلى دۆلىتى ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدا مۇستەقىل يەھۇدىي دۆلىتى قۇرۇش ئۈچۈن ھەمكارلىشىشقا رازى قىلىشقا تىرىشتى. بۇ ھەمكارلىق تۆۋەندىكى شەرتلەر ئاستىدا ئېلىپ بېرىلىشى كېرەك ئىدى؛ بارون دې ھىرش فوندى بۇ پىلان ئۈچۈن 10,000,000 فونت ستېرلىڭنى ئۇنىڭ ئىختىيارىغا بەرسە؛ بارون ئېدمۇند دې روتسچىلد تەكلىپ قىلىنغان يەھۇدىيلار جەمئىيىتىنىڭ ئىجرائىيە كومىتېتىنىڭ ئەزاسى بولسا بۇ شەرتلەر ئۇ ۋاقىتتا ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا ئىمكانسىز ئىدى ۋە ھېرزل ئۇلارنى قاندۇرالمىدى.

ھېرزل پارىژغا بېرىپ بارون ئېدمۇند دې روتسچىلد بىلەن سۆزلەشتى. بارون ئېدمۇند ھېرزلدىن ياشراق بولۇپ، پەلەستىندىكى يەھۇدىي مۇستەملىكىلەشتۈرۈش بويىچە زور تەجرىبىگە ئىگە ئىدى. ھېرزل بۇ تەجرىبىگە مول تەنقىدچى ئالدىدا ئۆزىنى ئەپسىز ھېس قىلدى ۋە ئۇنىڭغا تەرتىپسىز لېكىن قىزغىن تەرەپدار تەسىرىنى قالدۇردى. بارون ئېدمۇند يەھۇدىيلارنىڭ ئاممىۋى كۆچۈشىگە پايدىلىق سىياسىي شارائىتلارنى يارىتىشنى مۇمكىن دەپ ئىشەنمىدى. ئۇنىڭ قارىشى بويىچە، ھەتتا بۇنداق ئىمكانىيەت بولسىمۇ، پەلەستىنغا كونترولسىز ئاممىۋى كۆچۈش ئون مىڭلىغان يەھۇدىيلارنى پەلەستىندىكى كىچىك يەھۇدىي جامائىتى تەرىپىدىن ئوزۇقلاندۇرۇشقا ۋە پەرۋىش قىلىشقا مەجبۇر قىلىدۇ. بارون ئېدمۇند دىققەتنى تارتمايدىغان ۋە دۈشمەنلىكنى قوزغاشتىن ئېھتىيات قىلىدىغان پەيدىنپەي مۇستەملىكىلەشتۈرۈش ئىدىيەسىگە چىڭ ئېسىلغان ئىدى. ھېرزلىنىڭ ھەر بىر ئۇرۇنۇشى بىكارغا كەتتى. بارون ئېدمۇند ھەمكارلىشىشنى قەتئىي رەت قىلدى.

بۇ تارىخىي ئەھمىيەتكە ئىگە بىر قارار ئىدى، چۈنكى ئۇ ھېرزلنى زىئونىزم ھەرىكىتىنىڭ يەھۇدىي خەير-ساخاۋەتچىلىكىنىڭ قوللىشى ئۈستىگە قۇرۇلۇشى كېرەك دېگەن ئويدىن يىراقلاشتۇردى. ئۇنىڭ لوندون ۋە پارىژدا تونۇشقان كىشىلەرگە باغلانغان بارلىق ئۈمىدلىرى

كۆپۈككە ئايلاندى. بارون ئېدمۇندنىڭ ھەمكارلىشىشىنى رەت قىلىشى بارون دې ھىرش فوندى ۋە لوندوندىكى يېتەكچى يەھۇدىيلار گۇرۇپپىلىرىنىڭ قوللىمايدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بەردى.

ھېرزل بۇ ۋەزىيەتكە بىرلىشىدىغان يەككە جاۋابنىڭ بارلىقى خۇلاسىسىگە كەلدى: زىئونىزم ھەرىكىتىنى قوللاش ئۈچۈن يەھۇدىي ئاممىسىنى ئۇيۇشتۇرۇش كېرەك. بايلارنىڭ ياردىمىگە تايىنىش ئەمەس، بەلكى خەلقنىڭ كۈچىگە تايىنىش زىئونىزم ھەرىكىتىنىڭ كەلگۈسى ئۈچۈن بىردىنبىر چارە.

ھېرزل كۆزدە تۇتقان تەشكىلات خەلقچىل دېموكراتىك تەشكىلات ئەمەس ئىدى. ئۇنىڭ نىشانى چوڭ كۈچۈش ئۈچۈن ئاممىنى تەشكىللەشنى ئۈستىگە ئالىدىغان يۇقىرى سەۋىيەلىك كىشىلەرنى يىغىش ئىدى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، ئۇ خەير-ساخاۋەتچىلەرگە بىر خەلقچىل تەشكىلاتنىڭ كۈچىنى ئىسپاتلىماقچى بولدى. ئۇ بۇ بايلارنىڭ كەڭ تارقالغان خەلقچىل ھەرىكەتنىڭ تەرەققىياتىدىن قاتتىق تەسىرلىنىدىغانلىقىنى ھېس قىلدى. ئۇ ۋاقىتتا ئۇنىڭ ئويلىرى قانداق بولمىسۇن، يەھۇدىي ئاممىسىغا بۇرۇلۇش ۋە بايلارغا تايىنىشنى تاشلاش قارارى زامانىۋى زىئونىزم ھەرىكىتىنىڭ تەشكىللىنىشىگە ئاساس بولدى. ھېرزل ۋىيانادا ئۆزىنىڭ تەرەپدارلىرىنى تەشكىللىدى. ئۇ كېيىنچە تۇنجى زىئونىزم ھەرىكەت كومىتېتىنىڭ ئەزالىرى بولغان كىشىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بىر چەمبىرەكنىڭ مەركىزى بولغانىدى.

1896-يىلى نويابىردا، ھېرزل تۇنجى قېتىم ۋىيانادا ئاممىۋى يىغىندا سۆز قىلدى. بۇ سۆزىدە ئۇ «يەھۇدىي دۆلىتى» دېگەن ئاتالغۇنى ئىشلەتمىدى ۋە كېيىنكى كۆپىنچە ئاممىۋى سۆزلىرىدىمۇ ئىشلەتمىدى. ئۇ ئېھتىياتچان بولۇپ قالغان ئىدى، چۈنكى ئىستانبۇلدىكى سىياسىي ئىشلىرىغا تەسىر يەتكۈزۈشنى خالىمىدى. ھېرزل تېخىچە گېزىت چىقىرىشنى ئويلايتتى، لېكىن بۇ مەقسەت ئۈچۈن مەبلەغ يەتمەيتتى. ئۇنىڭ گېزىت چىقارماقچى بولغانلىقى بېرلىندىكى بىر قىسىم شەخس ۋە گۇرۇھلارنىڭ دىققىتىنى تارتتى. بۇلارنىڭ ئىچىدە لېئو موتزكىن باشچىلىقىدىكى رۇسىيە يەھۇدىي ئوقۇغۇچىلىرى ۋە ھېينرىچ لۆۋې باشچىلىقىدىكى «ياش ئىسرائىل» دەپ ئاتىلىدىغان گۇرۇھ بار ئىدى. 1897-يىلى 6-7 مارت كۈنلىرىدە، دوكتور ئوسىياس تون، ۋىللى بامبۇس

ۋە ناتان بىرنباۋم چاقىرغان يىغىن ئۆتكۈزۈلدى. ئۇلار گېزىت ھەققىدە سۆزلىشىش ئۈچۈن بىر يەرگە كەلگەن بولسىمۇ، بىرىنچى زىئونىزم قۇرۇلتىيى ئىدىيىسى دەل مۇشۇ يىغىندا تۇغۇلدى. ھېرزلنىڭ مىيونخېندا ئومۇمىي زىئونىزم يىغىنى چاقىرىش تەكلىپى ماقۇللاندى. بۇ يىغىن ياكى قۇرۇلتاينى چاقىرىشنىڭ دەسلەپكى ئېلان قىلىنىشىدا، ھېرزل مۇنداق دېدى: «يەھۇدىي مەسىلىسى خەير-ساخاۋەتچى شەخسلەرنىڭ كونتروللۇقىدىن چىقىرىلىشى كېرەك. يەھۇدىي خەلقى ئۈچۈن ھەرىكەت قىلىدىغان ھەر بىر كىشى ئالدىغا چىقىدىغان ۋە خاتالىق ئۆتكۈزسە جاۋابكارلىق سورۇشتە قىلىنىدىغان بىر مۇنبەر يارىتىلىشى كېرەك.»

ھېرزلنىڭ ھەر بىر ئىدىيەسى نارازىلىقلار ۋە جامائەت ئىسيانلىرىغا دۇچ كەلدى. نارازىلىقلار ئادەتتە يەھۇدىيلار تەرىپىدىنلا باشلىناتتى. قۇرۇلتاينى چاقىرىش مۇھاپىزەتكار يەنى ئەنئەنەچىلەر ئارىسىدا كۈچلۈك غەزەپ-نەپرەت قوزغىدى. گېرمانىيەنىڭ يەھۇدىي ھاخاملىرى قۇرۇلتاينىڭ ئۆتكۈزۈلۈشىگە قارشى چىقىپلا قالماي، مىيونخېننىڭ تاللىنىشىغىمۇ قارشى چىقتى. قۇرۇلتاي توغرىسىدىكى تالاش-تارتىش ھېرزلنى ھەپتىلىك «دى ۋېلت»[1] ژۇرنىلىنى نەشر قىلىشقا ئىلھاملاندۇردى. تۇنجى سانى 1897-يىلى 4-ئىيۇندا چىقتى، ھېرزل مەبلەغىنى ھەل قىلدى. بۇ ژۇرنال يەھۇدىي ھاياتىدىكى يېڭى كۈچ ئىدى. ئەمەلىيەتتە، ئۇ قۇرۇلتاينىڭ ئورگىنى ئىدى. ھېرزلنىڭ پۈتكۈل ھاياتى جەريانىدا، «دى ۋېلت» ئۇنىڭ ئىدىيەلىرىنىڭ تولۇق ئىپادىسى بولۇپ خىزمەت قىلدى. دەسلەپتە، ھېرزل نۇرغۇن ماقالىلەرنى يازدى ۋە ھەرىكەت بىلەن مۇناسىۋەتلىك بارلىق پائالىيەتلەرنىڭ مۇنتىزىم ھەپتىلىك باياناتىنى ئەۋەتىپ تۇردى. ئۇ نۇرغۇن ئىمزاسىز ماقالە ۋە ئۇقتۇرۇشلارغا مەسئۇل ئىدى. گەرچە ئۆزىنىڭ رەسمىي مۇھەررىر ۋە نەشرى سۈپىتىدە كۆرسىتىلىشىنى رەت قىلسىمۇ، ئۇ گېزىتنى بارلىق تەپسىلاتلىرى بويىچە يېتەكلەپ ماڭدى. قۇرۇلتايدىن ئىلگىرىكى ئايلاردا ھېرزل قىلغان ئىشنىڭ مىقدارى ۋە ھەجمى ھەيران قالارلىق ئىدى. ئۇ قۇرۇلتاينىڭ ھەر بىر تەپسىلاتلىرىغىچە تولۇق مەركەزلەشكەن ھالدا ئىدى. بۇ يازغۇچى قەلەمكەش كىشى ئۆزىنى بىرىنچى دەرىجىلىك

[1] Die Welt

ھەرىكەت ئىگىسى سۈپىتىدە نامايان قىلدى.

1897-يىلى 29-ئاۋغۇست كۈنى، بىرىنچى نۆۋەتلىك زىئونىزم قۇرۇلتىيى مىيۇنخېندا ئەمەس، بەلكى شىۋېيتسارىيەنىڭ بازېل شەھىرىدە ئۆتكۈزۈلدى. دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن بازېلغا كەلگەن بىرىنچى نۆۋەتلىك زىئونىزم قۇرۇلتىيىغا قاتناشقان ۋەكىللەرنىڭ كۆپچىلىكى ھېرزلنى تۇنجى قېتىم كۆردى. بىرىنچى يىغىندىكى ۋەكىللەرنىڭ ئومۇمىي سانى 197 ئىدى. قۇرۇلتاينىڭ تۇنجى ھەرىكىتى تۈركىيە سۇلتانىغا رەھمەت ئېيتىش قارارىنى قوبۇل قىلىش ئىدى. ئاندىن ھېرزل ئورنىدىن تۇرۇپ مۇنبەرگە قاراپ ماڭدى. ئۇ ئەمدى ۋېيانادىكى نازاكەتلىك دوكتور ھېرزل ئەمەس ياكى ئەدەبىيات ئەھلى، ئوبزورچى، فېليېتونىست ئەمەس ئىدى. بىر مۇخبىرنىڭ دېيىشىچە: «ئۇ ئۆلۈكلەر ئارىسىدىن قوپقان، رىۋايەت ۋە خىيال ۋە گۈزەللىك بىلەن كېيىنگەن داۋۇت سۇلالىسىنىڭ بىر ئەۋلادى ئىدى.»

ھېرزلنىڭ ئېيتقان بىرىنچى سۆزلىرى مۇنداق ئىدى:

«بىز يەھۇدىي مىللىتىنى پاناھلاندۇرىدىغان ئۆينىڭ ئۇل تېشىنى قويۇش ئۈچۈن بۇ يەردە جەم بولدۇق.»

«بىز زىئونىستلار، يەھۇدىي مەسىلىسىنىڭ ھەل قىلىنىشى ئۈچۈن خەلقئارالىق بىر جەمئىيەت ئەمەس، خەلقئارالىق بىر مۇنازىرىنى ئىزدەيمىز... بىزنىڭ سۈيىقەست، مەخپىي ئارىلىشىش ياكى ۋاستىلىك تەدبىرلەر بىلەن ھېچقانداق ئالاقىمىز يوق. بىز مەسىلىنى ئەركىن جامائەت پىكرىنىڭ نازارىتى ئاستىغا قويۇشنى خالايمىز.» ئۇنىڭ بىرىنچى نۆۋەتلىك قۇرۇلتاي نۇتقىدا ئىلگىرىكى نۇتۇق ۋە ماقالىلىرىدە ئىپادە قىلغان ئىدىيەلەر بار ئىدى، ئەمما «يەھۇدىي دۆلىتى» كىتابىدىكى كۆز قاراشلار بىلەن زىئونىزم قۇرۇلتىيىنىڭ بىرىنچى يىغىنىدا سۆزلەنگەن نۇتۇق ئارىسىدا چوڭ پەرق بار ئىدى. كېيىنكىسى ئۆزىنىڭ ئون مىڭلارچە، بەلكىم يۈز مىڭلارچە تەرەپدارلارغا ۋەكىللىك قىلىدىغانلىقىنى بىلگەن كىشىنىڭ ئەستايىدىل مۇلاھىزە قىلىنغان ئاممىۋى بايانى ئىدى. ئۇنىڭ سۆزلىرى بىر «پەيغەمبەر»نىڭ سۆزلىرى ئەمەس، بەلكى بىر دۆلەت ئەربابىنىڭ سۆزلىرى ئىدى. ئۇنىڭ پەيدا قىلغان تەسىرىمۇ شۇنداق چوڭقۇر ئىدى.

دەل مۇشۇ قۇرۇلتايدا بازىل پروگراممىسى قوبۇل قىلىندى: «زىئونىزم يەھۇدىي خەلقى ئۈچۈن پەلەستىندە خەلق ئېتىراپ قىلىنغان، قانۇنىي كاپالەتكە ئىگە ئۆي (ياكى ۋەتەن)نى قولغا كەلتۈرۈشكە تىرىشىدۇ.»

بىرىنچى نۆۋەتلىك قۇرۇلتاينىڭ ئىككىنچى مۇھىم ۋەزىپىسى بىر تەشكىلات قۇرۇش ئىدى. قۇرۇلتاي «زىئونىزم ھەرىكىتىنىڭ باش ئورگىنى» دەپ جاكارلاندى. سايلام ھوقۇقىنىڭ ئاساسى بىر شېكەل تۆلەش بولۇپ، بۇ ئۇ ۋاقىتتا يىگىرمە بەش سېنتقا تەڭ ئىدى. ۋېنادا تۇرۇشلۇق دائىمىي ئىجرائىيە كومىتېتى قۇرۇلۇشى كېرەك ئىدى. كېيىنچە زىئونىزمدا مەيدانغا كېلىدىغان ھەممە نەرسە، مەيلى ئىجابىي كۈچلەر بولسۇن ياكى ئىچكى زىددىيەتلەر بولسۇن، ئالدىقاچان بىرىنچى قۇرۇلتايدا كۆرۈنۈپ تۇراتتى ياكى يوشۇرۇن ھالەتتە ئىدى. قۇرۇلتايدا تۆۋەندىكى مەسىلىلەر ھەققىدە مۇنازىرىلەر بولدى:

- بىر بانكا قۇرۇش
- «مىللىي فوند» دەپ ئاتىلىدىغان زېمىن قۇتقۇزۇش فوندى
- ئىبرانىي ئۇنىۋېرسىتېتى قۇرۇش

ئەمەلىي زىئونىزم بىلەن سىياسىي زىئونىزم ئارىسىدىكى توقۇنۇشلار

ۋېيېنناغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، ھېرزل ئۆزىنىڭ كۈندىلىك خاتىرىسىگە مۇنداق يازدى:

«ئەگەر مەن بازىل قۇرۇلتىيىنى بىر جۈملە بىلەن يەكۈنلىسەم، مەن مۇنداق دەيمەن: بازىلدا مەن يەھۇدىي دۆلىتىنى ياراتتىم. ئەگەر مەن بۇنى ئاشكارا دېسەم، مەن ھەممىنىڭ كۈلكىسىگە دۇچ كېلەتتىم. ئەمما بەلكىم بەش يىلدىن كېيىن، ھەر قانداق ئەھۋالدا، ئەللىك يىلدىن كېيىن، ھەممە ئادەم بۇنى ھېس قىلىدۇ.»

«دۆلەت بىر خەلقنىڭ دۆلەتكە بولغان ئىرادىسىدە ماھىيەت تەرىقىسىدە مەۋجۇت، شۇنداق، ھەتتا بىر ئادەمنىڭ كۈچلۈك ئىرادىسىدىمۇ... زېمىن پەقەت كونكرېت ئاساس ۋە دۆلەتنىڭ ئۆزى ئاستىدا بىر زېمىن بىلەن، يەنىلا ئابستراكت بىر نەرسە ماھىيىتىدە.... بازىلدا مەن كۆپ ساندىكى كىشىلەرگە نىسبەتەن كۆرۈنمەيدىغان

ئابستراكت نەرسىنى ياراتتىم.»

ھېرزلنىڭ سىياسىي ساھەدە قىلغان ھەممە ئىشى تۆۋەندىكىلەردە ئىپادىلەنگەن:

- ئىستانبۇلدىكى سۆھبەتلىرى
- بىرىنچى قۇرۇلتاينى ئۆتكۈزۈشتىن ئاۋۋال نوپۇزلۇق پارلامېنت ئەزاسى بادېن بىلەن كۆرۈشۈشى
- سىياسىي رىسالىنىڭ ئاپتورى سۈپىتىدە قولغا كەلتۈرگەن نوپۇز

ئۇ ئەمدى ئۆزىنىڭ دۇنيا زىئونىزم تەشكىلاتىنىڭ رەئىسى بولۇپ ھەرىكەت قىلىشقا چاقىرىلغانلىقىدىن خەۋەردار ئىدى. ھەرىكەت بىلەن ئۇنىڭ رەھبەرلىكى ئارىسىدا پاسىل سىزىش تەس ئىدى. ھېرزل ئۆزىنىڭ ھەرىكەتتىكى رەھبەرلىكىنىڭ ئۆز شەخسىيلىكىدىن ھالقىپ كەتكەنلىكىنى ۋە ئەمدى ئۇنىڭ يۈنىلىشىنىڭ قۇرۇلتاي ۋە ھەرىكەت كومىتېتىغا تاپشۇرۇلغانلىقىنى تونۇپ يەتتى. ئەمما ئۇنىڭدا ئېتىراپ قىلىنغان رەھبەرنىڭ بارلىق ھوقۇقى بار ئىدى.

ھېرزلنىڭ يەھۇدىي مەسىلىسى ھەققىدىكى چۈشەنچىسىنىڭ ئۇ درېيفۇسنىڭ ھاقارەتلىنىشىنى كۆرگەندىن باشلاپ تاكى تەرەققىياتىنى، بىرىنچى قۇرۇلتايدىن كېيىن يازغان ماقالىلىرىنى تەتقىق قىلىش ئارقىلىق ئۆلچىگىلى بولىدۇ. ھېرزل ئۆزىدىكى بۇ ئۆزگىرىشنى تولۇق ھېس قىلدى. ئۇ يەھۇدىي خەلقى بىلەن يۈزمۇ-يۈز كۆرۈشكەن ئىدى. «قېرىنداشلار بىر-بىرىنى قايتا تاپتى» دېدى ئۇ.

ئۇ رۇسىيەلىك ۋەكىللەرنىڭ سۈپىتىنى زور تەقدىرلەش بىلەن يازدى:

«ئۇلاردا غەربلىكلەردىن يوقاپ كەتكەن ئىچكى بىرلىك بار. ئۇلار ھېچقانداق مىللىي چەكلىمە ۋە قىيىنچىلىقنى ئاشكارىلىماستىن، يەھۇدىي مىللىي تۇيغۇسى بىلەن چوڭقۇر سۇغۇرۇلغان. ئۇلار ئاسسىمىلياتسىيە قىلىنىش ئىدىيەسى بىلەن ئازابلانمايدۇ. ئۇلار باشقا مىللەتلەرگە ئاسسىمىلياتسىيە بولمايدۇ، ئەمما باشقا خەلقلەردىكى ئەڭ ياخشى نەرسىلەرنى ئۆگىنىشكە تىرىشىدۇ. بۇ يول بىلەن ئۇلار تىك ۋە ساپ قېلىشقا مۇۋەپپەق بولىدۇ. ئۇلارغا قاراپ تۇرۇپ، ئەجدادلىرىمىزنىڭ

ئەڭ ئازابلىق زامانلاردا چىدامچانلىقى ۋە سەۋر كۆچىنى نەدىن ئالغانلىقىنى چۈشەندۈق.»

بىرىنچى قۇرۇلتايدىن كېيىنلا، ھېرزل ئۆزىنىڭ ئىككىنچى مۇھىم ۋەزىپىسى-يەھۇدىي مۇستەملىكەلەشتۈرۈش بانكىسىنى قۇرۇشقا ئاتلاندى. ھېرزل 1898-يىلى نويابىردا «دى ۋېلت» ژۇرنىلىدا بانكا ھەققىدە مۇنداق يازدى:

«مۇستەملىكەلەشتۈرۈش بانكىسىنىڭ ۋەزىپىسى خەير-ساخاۋەت-چىلىكنى يوق قىلىشتۇر. ئۆز ئەمگىكى بىلەن زېمىنىنىڭ قىممىتىنى ئاشۇرغان زېمىندىكى ئولتۇراقلاشقۇچىلار سوۋغاتتىن كۆپرەك نەرسىگە لايىقتۇر. ئۇ كرېدىتقا لايىقتۇر. شۇڭا مۆتىۋەر بانكچىلارغا زۆرۈر كرېدىتلارنى تەمىنلەش بىلەن باشلىيالايدۇ؛ كېيىنچە ئۇ يەھۇدىيلارنى كۆچۈرۈپ كېلىشتەك قورالغا كېڭىيىدۇ ۋە ترانسپورت، يېزا ئىگىلىك، سودا ۋە قۇرۇلۇش ئۈچۈن كرېدىت بىلەن تەمىنلەيدۇ.»

بانكىنىڭ ئورنى لوندون بولماقچى ئىدى. ھەر بىرى 1 فونت ستېرلىڭدىن ئىككى مىليون ھەسسىدار بولماقچى ئىدى. بانكا بولسا بانكا ئىشلىرىدىن خەۋەردار ئادەملەر تەرىپىدىن باشقۇرۇلماقچى ئىدى، ئەمما ھەرىكەت ئۇنىڭ سىياسىتىنى كونترول قىلالايدىغان ئورۇنغا قويۇلماقچى ئىدى. ھېرزلنىڭ ئۈمىدلىرى ئىزچىل كۆچىيىپ ماڭدى. ئەمما ئۇ ئەمەلىي ئەھۋالغا يېقىنلاشقانسېرى، بايلىق ئىگىلىرىنىڭ ھەمكارلىشىشىغا بولغان ئىشەنچىسى بارغانسېرى ئازلاپ كەتتى. بانكىنىڭ كۆلىمى توغرىسىدا دەسلەپكى مۇنازىرىلەردە ئىختىلاپلار كېلىپ چىقتى. قۇرۇلۇش گۇۋاھنامىسىنىڭ بىرىنچى نۇسخىسىدا پەقەت شەرق بانكىسىنىڭ خىزمەت رايونى سۈپىتىدە تىلغا ئېلىنغان ئىدى. مەناخېم ئۇسسىشكىن «سۈرىيە ۋە پەلەستىن» سۆزلىرى قوشۇلۇشى كېرەكلىكىدە چىڭ تۇردى. كۆپ مۇنازىرىلەردىن كېيىن، بانكىنى قۇرۇش توغرىسىدىكى تەكلىپلەر ئىككىنچى نۆۋەتلىك زىئونىزم قۇرۇلتىيىغا ئېلىپ كېلىندى ۋە تۈزىتىلگەن قۇرۇلۇش گۇۋاھنامىسى ئالقىشلار بىلەن قوبۇل قىلىندى.

ھېرزل «يەھۇدىي دۆلىتى»نى بىر رىسالە قىلىپ يېزىشنى ئويلاۋاتقاندا، كاللىسىغا رومان يېزىش پىكرى كەلدى. ئۇ رومان يېزىش ياخشىراق بولۇشى مۇمكىن دېگەن پىكىرگە چىڭ يېپىشتى. بۇنداق

بىر رومانىنى يېزىش ئىستىكى ئۇنىڭ پەلەستىن زىيارىتىدىن كېيىن تەخىرسىز بولۇپ قالدى. ئۇ رومانغا «ئالتنويلاند»[1] دەپ ئات قويماقچى ئىدى. ئۇ 1899-يىلى يېزىشقا باشلىدى، 1902-يىلى ئاپرېلدا تاماملاندى ۋە ئالتە ئايدىن كېيىن نەشر قىلىندى. ئۇنىڭ ئىستانبۇل، لوندون ۋە بېرلىندا ھەر خىل سىياسىي پائالىيەتلەر بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان ، شۇنداقلا نۇرغۇن كىشىنى بىئارام قىلىدىغان ئىچكى زىئونىزم مەسىلىلىرىنى بىر تەرەپ قىلىشى كېرەك بولغان ۋاقىتتا، مۇنداق بىر رومانىنى يازالىشى ھەيران قالارلىقتۇر. «ئالتنويلاند» مەقسەتلىك بىر رومانىدۇر. ئۇ يېقىن كەلگۈسىدىكى پەلەستىننى زىئونىزم ھەرىكىتى ئارقىلىق قانداق تەرەققىي قىلىدىغانلىقىنى تەسۋىرلىگەن. ئۇنىڭدا ھەر قانداق تەشۋىقات رومانىنىڭ ئاجىزلىقلىرى بار. پۈتۈن ئەسەردە دۆلەتكە مۇناسىۋەتلىك ھەممە نەرسە بار بولۇپ، ئۇ بايان تەرىقىسىدە ئەمەس، بەلكى سەھنە تەرىقىسىدە داۋاملىشىدۇ. ھەر بىر پرسوناژلارنىڭ ئۆزىگە خاس كۆز قارىشى ۋە خاسلىقى بار. كۆپىنچە پرسوناژلار ھايات شەخسىيەتلەرنىڭ پورترېتلىرىدۇر. ئۇنىڭ مەقسىتى دوستلىرى ۋە رەقىبلىرىنى خاتىرىلەش ئىدى.

«ئالتنويلاند» 1898-يىلى پەلەستىنگە زىيارەت قىلغان ۋە ئاندىن 1923-يىلى قايتا كەلگەن بىر يەھۇدىي توغرىسىدا توختىلىدۇ. بۇ قېتىم ئۇ ۋەدە قىلىنغان زېمىننىڭ يەھۇدىي تەسىرى ئاستىدا تەرەققىي قىلغانلىقىنى بايقايدۇ. ئۇنىڭ زېمىنى ئىئوردان دەرياسىنىڭ شەرقى ۋە غەربىگە جايلاشقان. 1898-يىلدىكى قاقاس ۋە ئۆلۈك زېمىن ئەمدى پۈتۈنلەي جانلىق ۋە تىرىك ھالەتتە ئىدى. ئۇنىڭ ھەقىقىي روياپقا چىقارغۇچىلىرى سۇغىرىش ئىنژېنېرلىرى ئىدى. تېخنىكا ئەمگەككە يېڭى شەكىل بەرگەن، «ئۆز-ئارا ياردەم» دەپ تەسۋىرلەنگەن يېڭى ئىجتىمائىي ۋە ئىقتىسادىي سىستېما، يەنى چوڭ بىر كوپېراتىپ، شەخسىيەتچىلىك بىلەن كوللېكتىۋىزم ئوتتۇرىسىدىكى ئوتتۇرا يول ئۇستىگە قۇرۇلغانىدى: ھايفا دۇنيا شەھرىگە ئايلانغان، يېرۇسالېم مۇقەددەس شەھىرىنىڭ ئەتراپىدا زامانىۋى شەھەرچىلەر ، سايىلىك سېپىللار ۋە باغچىلار، تەلىم-تەربىيە ئىنستىتۇتلىرى، كۆكتۇل ئېچىش جايلىرى، بازارلار - «يىگىرمىنچى ئەسىر روھىدىكى بىر دۇنيا شەھىرى»

---

[1] Altneuland

مەيدانغا كەلگەنىدى. بۇ يېڭى زېمىندا، ئەرەبلەر يەھۇدىيلار بىلەن يانمۇ يان دوستلۇق ئىچىدە ياشايتتى.

«ئالتنويلاند» ھېرزل كۈتكەن تەسىرنى پەيدا قىلمىدى. زىئونىزم ھەرىكىتى ئىچىدە، ئۇنىڭ پايدىسىدىن زىيىنى كۆپ بولدى. ھېرزلنىڭ نۇرغۇن دوستلىرى روماندا يەھۇدىي روھىنىڭ ئاز بولغانلىقىدىن ئۈمىدسىزلەندى. ئۇ ئىبرانىي ئويغىنىشىنى نەزەردىن ساقىت قىلغان ئىدى. رومان ئاكھاد ھائامدىن ئەڭ كەسكىن تەنقىدگە ئۇچرىدى. ھېرزل سىياسىي ھەرىكەتكە مەركەزلەشكەن، ياۋروپا پايتەختلىرىنى زىيارەت قىلغان، زىئونىزمغا قىزىقىشىنى قوزغىغان يېتەكچى شەخسلەر بىلەن خەت يېزىشقان ۋە زىئونىزم قۇرۇلتىيى ياكى ھەرىكەت كومىتېتىغا دوكلاتلارنى تاپشۇرغان ۋاقىتتا، زىئونىزم تەشكىلاتى تەدرىجىي ھالدا يەھۇدىي ھاياتىدا قوبۇل قىلىنغان بىر مۇئەسسەسە بولۇپ قالدى. ئۇ يەھۇدىي مەسىلىسىنى مۇنازىرە قىلىش ئۈچۈن خەلقئارالىق سەھنە ۋە مۇنبەر ئىدى.

يەھۇدىي مىللىي فوندى 1900-يىلى لوندوندا ئۆتكۈزۈلگەن تۆتىنچى قۇرۇلتايدا قۇرۇلدى

يەھۇدىي مۇستەملىكەلەشتۈرۈش ئامانەت شىركىتى ئاخىرى لوندوندا باش ئىشتابى بىلەن قۇرۇلدى

قۇرۇلتايدىكى تۈنجى زىئونىزم پارتىيەسى لېئو موتزكىن[1] باشچىلىقىدىكى دېموكراتىك ئورگان ئىدى، ئەمما كۆپ ئۆتمەي مىزراچى پارتىيەسى[2] بىلەن ئەمگەك پارتىيەسى قوشۇلدى. پەقەت دوكتور نورداۋنىڭ تەسىرلىك نۇتۇقلىرىلا ئەمەس، بەلكى نۇرغۇن تالاش-تارتىشلار قۇرۇلتايلارنى «ۋۇجۇدقا چىقاردى». مەدەنىيەت مەسىلىسى قۇرۇلتاينىڭ مەڭگۈلۈك تېمىسى ئىدى. «ئەمەلىي» ۋە «سىياسىي» زىئونىزم دەپ ئاتالغان مەسىلە ئەتراپىدىمۇ نۇرغۇن مۇنازىرىلەر ئۆتكۈزۈلدى. ئۇسىشكىن يېتەكچىلىكىدىكى رۇسىيەلىكلەر ھەممىسى «ھوقۇق»قا بولغان تەكىتكە قارشى ئىدى ۋە پەلەستىنىدە دەرھال ئىش باشلاشتا چىڭ تۇردى. بۇ مۇنازىرىلەر جەريانىدا، يىللار بويىچە داۋاملاشقان،

[1] Leo Motzkin

[2] Mizrachi party

قۇرۇلتاي خەلقئارالىق يەھۇدىي مەسىلىلىرىنى مۇنازىرە قىلىش ئۈچۈن بىر سوت مەيدانىغا ئايلاندى ۋە ھەر خىل سەۋىيەلىك تالانتلىق ناتىقلار ۋە نەزەرىيەچىلەرنى يېتىشتۈردى. ئۇ يەنە قىزىقىشلىرى كۈچلۈك بولغان ئادەملەرنىمۇ يېتىشتۈردى. يەھۇدىي مىللىي فوندى ۋە ئىبرانىي ئۇنىۋېرسىتېتى قۇرۇش دوكتور ھېرمان شاپىرونىڭ قىزىقىش دائىرىسىدىكى ئىش ئىدى، سىپرۇسنى مۇستەملىكىلەشتۈرۈش قۇرۇلتاي زالىدا نۇرغۇن كۆرۈنۈشلەرنى لايىھەلەپ چىققان داۋىس ترىيېتسچىنىڭ ھەۋىسى ئىدى. دوكتور خەيىم ۋېيزمان پەقەتلا ھېرزل بىلەن قىلىچ ئوينىتىدىغان دېموكراتىك گورۇھنىڭ رەھبىرى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئىبرانىي ئۇنىۋېرسىتېتى ئىدىيەسىگە نۇرغۇن ۋاقىت ۋە ئىزدىنىش سەرپ قىلدى. ياۋروپا قىتئەسىدە نەمۇنىلىك شەخسلەرنى يېتىشتۈرۈش چىققان قۇرۇلتاي تەدرىجىي ھالدا تەرەققىي قىلدى ۋە نۇرغۇن ۋەكىللەر بۇ جەرياندا ئۆز ساھەسىدە تالانتلىرىنى نامايەن قىلغانىدى.ھېرزلنىڭ ھاياتى جەرياندا قۇرۇلتايلاردا ئىشلىتىلگەن تىل نېمىسچە ئىدى، ئەمما شەرقىي ياۋروپا زىئونىستلىرىنىڭ نېمىسچىنى مۇكەممەل بولمىغان سەۋىيەدە ئىشلىتىشى، تەدرىجىي ھالدا «قۇرۇلتاي نېمىسچىسى» دەپ ئاتالغان تىلنىڭ تەرەققىياتىغا ئېلىپ باردى. بۇ گراماتىكا ۋە تەلەپپۇزغا ھۆرمەت قىلىش تەلەپ قىلىنمىغاچقا، ئىشلىتىش ئاسان بولغان بىر خىل نېمىسچە شەكلى ئىدى.

قۇرۇلتايلار جەرياندا ھېرزل يېتەكچى ۋە رىياسەتچىلىك رولىنى باشتىن-ئاخىر ساقلاپ قالدى. ئۇنىڭ ئۇسلۇبى مۇلايىم بولۇپ، ھېچقاچان ئىززەت-ھۆرمەت تۇيغۇسىنى يوقاتمىدى. ئۇ كەسكىن جاۋاب بېرىشكە ماھىر ئىدى، ئەمما ھەمىشە تەڭپۇڭلۇقنى ساقلاش ۋە كەسكىن بۆلۈنۈشتىن بەكرەك كېلىشىم ۋە يارىشىشنى ئىزدەش ئۇنىڭ يۇقىرى مەجبۇرىيىتى ئىكەنلىكىنى ئېسىدە تۇتاتتى. ئۇ بۇنى مۇنبەردە ئەڭ ھەيران قالارلىق يول بىلەن تەرەققىي قىلدۇردى. ئۇنىڭ كۆرۈنۈشلىرى جەزبىدار ئىدى. ئۇنىڭ ئىشلارغا ئارىلىشىشلىرى قەلپ قىلارلىق ئىدى. يېزىش ئۇستىلىنىڭ ئادىمى بولغان ھېرزل پارلامېنت سەھنىلىرىدە ئەڭ قابىل كىشىلەردىن بىرى بولۇپ قالدى. بەزى قۇرۇلتايلاردىن كېيىن، ئۇ ماجالىدىن كەتكەنلىكى ۋە يۈرەك كېسىلىنىڭ قايتا قوزغىلىپ قالغانلىقى ئۈچۈن دوختۇرخانىدا يېتىشقا ۋە دەم ئېلىشقا

مەجبۇر بولدى. بىر قانچە قېتىم ئۇنىڭ يېقىن دوستلىرى ئۇنىڭ ھاياتىدىن ئەنسىرىدى. ئەمما بىر قانچە ھەپتىلىك ئارام ئېلىشتىن كېيىن، ئۇ ئادەتتە بۇرۇنقىدىنمۇ كۈچلۈكرەك ۋە بېشىغا كېلىدىغان ئاقىۋەتلەرگە قارىماي يولىنى تېخىمۇ چوڭ قەتئىيلىك بىلەن داۋاملاشتۇردى.

بۇيەردە ھېررزلىنىڭ ئائىلە ھاياتىغا ئىشارەت قىلىش زۆرۈر. ئۇ 1889-يىلى 25-ئىيۇلدا جۇلى ناشاۋەر بىلەن ئۆيلەندى. جۇلى باي ئاتا-ئانىنىڭ قىزى بولۇپ، ئەنئەنىۋى ئىجتىمائىي مۇھىتتا چوڭ بولغانىدى. ھېررزل جۇلىغا ئۆيلەنگەندە، ئۇ ئاللىقاچان ئەدەبىيات دۇنياسىدا يۇقىرى ھۆرمەتكە سازاۋەر بولغان، يۈكسىلىۋاتقان ياش يازغۇچى ئىدى. ئۇ جەلپكار، مىجەزى جەھەتتىن يۇمشاق، سۆھبەتخۇمار بولۇپ، ئەنئەنەپەرەست ئايالىنىڭ ھۆرمىتىگە سازاۋەر ئىدى. بىراق ھېررزل ئۆزىنى زىئونىزم ئىشلىرىغا شۇنچە كۈچلۈك ھەۋەس بىلەن بېغىشلىدىكى، تەپەككۇرى تۇغدۇرغان ئىدىيە تۇرتكىسىدە ھاياجانلىق ھايات ئىچىدە ياشاياتتى. يەھۇدىي مەسىلىسىنى ھاياتىدىكى ئاساسىي ۋەزىپىسى قىلىپ باشلىغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئائىلىسى ئىككىنچى ئورۇنغا چۈشۈپ قالدى. جۇلى ھېررزل ھېررزلىنىڭ ئۆز ئانىسىغا بولغان ھەددىن زىيادە سادىقلىقى تۈپەيلىدىن ئازاب چەكتى. ھېررزلىنىڭ ھېچقاچان ئۆزىدىن يىراق قىلالمىغان ئاتا-ئانىسىغا بولغان كۈچلۈك باغلىنىشىنى ئايالى ھەگىزمۇچۈشەنمەيتتى.. ئۇلارنىڭ ئۈچ بالىسى بولدى. 1890-يىلى بىر قىز تۇغۇلۇپ، پاۋلا (پاۋلىن) دەپ ئىسىم قويۇلدى. 1891-يىلى ئوغلى ھانس تۇغۇلدى (ئاتىسىنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن ئۇنىڭ ھاياتى جىددى مەسىلىگە ئايلاندى)، 1893-يىلى ئۈچىنچى بالىسى، مارگارېت (تىرۇدي) ئىسىملىك قىزى تۇغۇلدى. بۇ جەرياندا ھېررزل ئائىلىسىدىن كۆپ قېتىم ئايرىلدى. كېلىشمەسلىكلەر ۋە يارىشىشلار بولدى، ئەمما جۇلى ھېررزل ئۈچۈن بەختسىزلىك ھېررزل ئوچۇق ئاشكارا يەھۇدىي ھەرىكىتىنىڭ رەسمىي لىدېرى بولغاندا باشلاندى. شۇ ۋاقىتتىن باشلاپ ئۇنىڭ ئۆيى دائىم قارشى ئېلىنمايدىغان زىيارەتچىلەر بىلەن لىق تولدى. ھېررزل نەچچە يىل ھاياتىنى ھەرىكەتكە بېغىشلىغان بولسا، ئۇ يەنە كۆپ مال-مۈلك سەرپ قىلىپ، ئۆزى ياراتقان ھەرىكەت ئۈچۈن ئائىلىسىنىڭ تۇرمۇشىنى قۇربان قىلدى. ئۇنىڭ ئۆي ئىشلىرىدىكى قىيىنچىلىقلىرى ۋە ئاجىزلاشقان يۈرىكى،

ھېرزلنىڭ قىسقا زىئونىستلىق ھاياتىنىڭ بارلىق يىللىرىنى ئازاب ۋە كۈرەشكە ئايلاندۇردى. ياۋروپانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى يەھۇدىيلارنىڭ تراگېدىيىلىك ئەھۋالى، ھېرزل پادىشاھ ۋە سۇلتان بىلەن سۆھبەتلىشىۋاتقان ۋاقىتتا توغرا كەلدى ۋ ە ئۇنى قاتتىق بىئارام قىلدى. ئۇ دائىم يەھۇدىيلار ئۇچۇن ۋاقىتلىق بىخەتەر پاناھگاھ تېپىشنىڭ زۆرۈرلۈكى ھەققىدە ئويلىناتتى. 1899- يىلى گالىتسىيەدە بىر قاتار ھۇجۇملار مەيدانغا كەلدى. ئۇ ۋاقىتتىكى كۈندىلىك خاتىرىسىدە، ئۇنىڭ ئەنگلىيە ۋە سىپرۇس توغرىسىدىكى بايانلىرى بار ئىدى: «بىز ھەتتا جەنۇبىي ئافرىقا ياكى ئامېرىكانى ئويلىشىپ بېقىشىمىز كېرەكتۇ.» بىراق ئۇ بۇ خىيالنى كاللىسىدىن چىقىرىۋەتتى، چۈنكى سىئونىستلارنىڭ پەلەستىندىن باشقا ھەرقانداق لايىھىگە جىددىي توسقۇنلۇق قىلىدىغانلىقىنى بىلەتتى. ئەمما گېرمانىيىگە بولغان ئۈمىدى يوققا چىققاندىن كېيىن، ئۇ بۇ باشقا تەكلىپلەرنى يەنە ئويلاشقا باشلىدى.

1902-يىلى 22-ئۆكتەبىر مۇستەملىكە ئىشلار كاتىپى جوزېف چامبېرلېن بىلەن ھېرزل ئوتتۇرىسىدا بىر يىغىن ئۆتكۈزۈلدى. چامبېرلېن 1895-يىلىدىن باشلاپ مۇستەملىكە ئىدارىسىدە ئىشلەۋاتاتتى. ئۇ بىرىتانىيە ھۆكۈمىتى كېڭەشلىرىدە نوپۇزلۇق ئورۇندا تۇراتتى. ئۇ كۈچلۈك ئىرادىلىك ۋە سىياسىي سەمىمىيەتكە ئىگە ئادەم ئىدى. ھېرزل سىپرۇس ۋە سىناي يېرىم ئارىلىنى، شۇنداقلا ئەل ئارىشنى ئۆز ئىچىگە ئالغان مۇستەملىكىلەشتۈرۈش پىلانى - «يەھۇدىي مەمۇرىيىتى ئاستىدىكى يەھۇدىي يېڭى كۆچمەنلەر» نى تاپشۇردى. چامبېرلېن پەقەت سىپرۇس ھەققىدىلا ئېنىق سۆزلىيەلەيدىغانلىقىنى ئېيتتى. سىناي يېرىم ئارىلى تاشقى ئىشلار ئىدارىسىنىڭ قارمىقىغا كىرەتتى. سىپرۇسقا كەلسەك، ئۇ گرېكلار ۋە مۇسۇلمانلار قارشىلىق كۆرسىتىدىغانلىقى ئۈچۈن بۇنىڭ ئۈمىدسىزلىك پەيدا قىلىدىغانلىقىغا ئىشىنەتتى ۋە ئۇلارنى قوللاش ئۇنىڭ رەسمىي بۇرچىغا ئايلىناتتى. بىراق، ئۇ ئەل ئارىشقا نىسبەتەن پايدىلىقراق كۆز قاراشتا ئىدى. بۇ جەھەتتە، ھېرزلنىڭ تاشقى ئىشلار ئىدارىسىدىكى لورد لانسداۋن بىلەن سۆزلىشىشى كېرەك ئىدى. كۆپ نەرسە مىسىردىكى بىرىتانىيە باش كونسۇلى ۋە ئەمەلىيەتتە شۇ دۆلەتنىڭ ۋالىيسى كرومېرنىڭ ياخشى نىيىتىگە باغلىق ئىدى. چامبېرلېنىنىڭ زور ياردىمى بىلەن، ھېرزلنىڭ

بىر نەچچە كۈندىن كېيىن ۋالىي لانسداۋن بىلەن كۆرۈشۈشكە مۇيەسسەر بولدى. ئۇ ياخشى قارشى ئېلىنىپ، سۆزلىرى دىققەت بىلەن ئاڭلاندى. ھېرزلدىن يازما دوكلات تاپشۇرۇش تەلەپ قىلىنىندى. ئاندىن ئۇ لېئوپولد ج. گرېينبېرگنىڭ مىسىرغا بېرىپ ۋالىي كرومېر بىلەن مەسلىھەتلىشىشى ئۈچۈن رۇخسەت سورىدى. لورد لانسداۋن مۇشۇنداق بىر يىغىننى ئورۇنلاشتۇرىدىغانلىقىنى ئېيتتى. گرېينبېرگ قاھىرەدە ۋالىي كرومېر بىلەن بۇ مەسىلىنى مۇزاكىرە قىلدى. ھەم ۋالىي كرومېر ھەم مىسىر باش ۋەزىرى ھېرزلنىڭ تەكلىپىگە قاتتىق ئېتىراز بىلدۈردى. ئۇلارنىڭ ئېتىرازىنىڭ ئاساسي سەۋەبى 1891-1892-يىللىرىدا قەدىمكى مەديەن رايونىدا ئېلىپ بېرىلغان يەھۇدىي ئىقتىسادىي لايىھىلىرىنىڭ ئېچىنارلىق مەغلۇبىيەت بىلەن ئاخىرلىشىشى ئىدى. بۇنىڭدىن باشقا، بۇ رايوندا سىياسىي مۇرەككەپلىكلەر ۋە ئوسمانلى ئىمپېرىيەسى بىلەن چېگرا نىزالىرىمۇ مەۋجۇت ئىدى. 1902-يىلى 18-دېكابىردا ھېرزل دۆلەت كاتىپى ساندېرسون ئارقىلىق ۋالىي لانسداۋن نامىدا يېزىلغان رەسمىي جاۋابنى تاپشۇرۇۋالدى. بۇ خەتتە ۋالىي لانسداۋن ۋالىي كرومېردىن ئالغان خەۋەرلەرنى يەتكۈزگەنىدى. ۋالىي كرومېر سىناي يېرىم ئارىلىنىڭ ئەھۋالى ۋە كېلەچەكى ھەققىدە دوكلات تەييارلاش ئۈچۈن كىچىك بىر تەكشۈرۈش ھەيئىتى ئەۋەتىشنى قوللىغانىدى. ئەمما ئۇ بۇ ئىشنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشىغا نىسبەتەن ھېچقانداق ئۈمىدۋار بولماسلىق كېرەكلىكى ھەققىدە جىددىي ئاگاھلاندۇرغانىدى. شۇنداق بولسىمۇ، ئەگەر ھەيئەتنىڭ تەكشۈرۈش دوكلاتى ياخشى نەتىجە كۆرسەتسە، مىسىر ھۆكۈمىتى يەھۇدىي مۇستەملىكىسى قۇرۇش ئۈچۈن سېخىي شەرتلەرنى ھازىرلاشقا تەييار ئىكەنلىكىنى بىلدۈرگەنىدى. لېكىن زىئونىستلار تەرىپىدىنمۇ ئېغىر مەسئۇلىيەتلەرنى قوبۇل قىلىش تەلەپ قىلىناتتى. ئۇلار مۇداپىئە قىسىملىرىنىڭ بارلىق خىراجىتىنى ئۆزلىرى تۆلەش ۋە مەمۇرىي باشقۇرۇشنى تولۇق كاپالەتكە ئىگە قىلىش مەجبۇرىيىتىنى چۈشىنىشى كېرەك ئىدى. ۋالىي كرومېرنىڭ پىكرىچە، پۈتۈن مەسىلىدىكى ئەڭ مۇھىم ۋە ئېنىق ئەمەس نۇقتا بولسا ھېرزلنىڭ پىلانلانغان مۇستەملىكە ئۈچۈن كۆتكەن ھوقۇقىنىڭ مەزمۇنى ئىدى. ئۇ ھېرزلغا مۇنداق يازغانىدى: “سىز ئۆتكەن ئاينىڭ 12-كۈنىدىكى خېتىڭىزدە، بۇ مۇستەملىكەلەشتۈرۈش ھوقۇقىنىڭ بېرىلىشى بىلەن سىزنىڭ زور

ئۈمىدۋار بولىدىغانلىقىڭىزنى ئەسكەرتكەن ئىدىڭىز. ئەمما خېتىڭىز بۇ سۆزلەر بىلەن دەل نېمىنى چۈشىنىش كېرەكلىكىنى ۋە يېڭى كۆچمەنلەرنىڭ قانداق ئەمەلىي ھوقۇقلارنى كۈتىدىغانلىقىنى ئېنىق ئەمەس.»

ۋالىي لانسداۋن يەنە بىر مۇھىم مەسىلىنى، يەنى يېڭى كۆچمەنلەرنىڭ پۇقرالىق سالاھىيىتى مەسىلىسىگە سوئال قويغان ئىدى. بۇ يېڭى كۆچمەنلەرنىڭ قانداق قانۇنىي سالاھىيەتكە ئىگە بولىدىغانلىقى ۋە قايسى دۆلەتنىڭ پۇقراسى بولىدىغانلىقى مەسىلىسى ئىدى. ھېرزل ئەسلىدە ئەنگلىيە مىسىرنى ئىشغال قىلغاندىن كېيىن شۇ يەرنىڭ ھەقىقىي خوجايىنى بولۇپ قالغانلىقى ئۈچۈن، پەقەت ئەنگلىيەلىك ئەمەلدارلار بىلەنلا مۇئامىلە قىلىش يېتەرلىك دەپ ئىشەنگەنىدى. ئەمما، ئەمەلىيەتتە مىسىر يەرلىك ھۆكۈمىتىنىڭمۇ بۇ مۇزاكىرىلەردە مۇھىم رول ئوينايدىغانلىقى ئايان بولدى.

ۋالىي كرومېر مىسىر ھۆكۈمىتىنىڭ يېڭى كۆچمەنلەرنىڭ مىسىر قانۇنىغا تولۇق بويسۇنىدىغان ئوسمانلى گراژدانلىرى بولۇشىنى مۇھىم شەرت قىلىدىغانلىقىنى مۇئەييەنلەشتۈردى. ئەمما ئۇ يەنە بىرىتانىيەنىڭ مىسىردىكى ئىشغالىيىتى داۋاملاشقان مەزگىلدە، بۇ يېڭى كۆچمەنلەرنىڭ ھەمىشە ئادىل مۇئامىلە ۋە ھىمايىگە ئېرىشەلەيدىغانلىقىنى بىلدۈرگەنىدى.

ھېرزل بۇ خەتتىن تولۇق رازى بولدى ۋە ئۇنى تارىخىي ھۆججەت دەپ تەرىپلىدى. بۇ خەت ئارقىلىق بىرىتانىيە ھۆكۈمىتى تۇنجى قېتىم ھېرزلنى رەسمىي زىئونىست لىدېرى سۈپىتىدە ئېتىراپ قىلغانىدى. شۇنداقلا ئۇ ۋەكىللىك قىلغان زىئونىست ھەرىكىتىنى سۆھبەتلىشىدىغان تەرەپ سۈپىتىدە قوبۇل قىلغانىدى. ھېرزل ئۆزىنىڭ كەلگۈسىدىكى مۇستەملىكىسىنى ئاللىقاچان كۆز ئالدىغا كەلتۈرگەنىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ مۇداپىئە قوشۇنىغا ئىگە، ئەنگلىيە-مىسىر ئوفىتسېرلىرى تارمىقىدىكى يەھۇدىي ۋالىي باشقۇرىدىغان «مىسىرنىڭ يەھۇدىيە ئۆلكىسى»نى ئويلاپ چىققانىدى. ئەنگلىيە بىلەن بولغان بۇ مۇۋەپپەقىيەتلىك سۆھبەتلەر نەتىجىسىدە، بارون روتسچىلد ھېرزلنىڭ ئارقىسىدا قالغاندەك قىلاتتى. ئىككى يىل ئىلگىرى زىئونىست لىدېرى بىلەن كۆرۈشۈشنى قەتئىي رەت قىلغان بۇ قېرى بانكىر، ئەمدى ئۇنىڭ

ئۆز مېھمانخانىسىدا كۆرۈشتى. بۇ ھېررزلىنىڭ نۇپۇزىنىڭ كۈچەيگەنلىكىنى كۆرسىتىدىغان مۇھىم ئىشارەت ئىدى. ھېررزلىنىڭ ئالدىدىكى مۇھىم ۋەزىپە سىناي يېرىم ئارىلىغا بېرىپ تەكشۈرۈش ئىشلىرىنى ئېلىپ بارىدىغان ھەيئەتنى ئۇيۇشتۇرۇش ئىدى. بۇ ھەيئەت ھەر خىل ساھەدىكى مۇتەخەسسىسلەردىن تەشكىل تاپقانىدى: كېيسلېرجەنۇبىي ئافرىقىلىق ئىنژېنېر بولۇپ، تېخنىكىلىق مەسىلىلەرگە مەسئۇل ئىدى. خامفرېيس مىسىر يەر تەكشۈرۈش ئىدارىسىنىڭ باش نازارەتچىسى بولۇپ، جۇغراپىيىلىك تەكشۈرۈش ئىشلىرىنى ئېلىپ بېرىشى كېرەك ئىدى. پولكوۋنىك گولدسمىت يەر شارائىتى ھەققىدە دوكلات تەييارلاشى كېرەك ئىدى. دوكتۇر سوسكىن دېھقانچىلىق ئىشلىرى ۋە ئاگرونومىيەلىك مەسىلىلەرنى تەتقىق قىلىشى كېرەك ئىدى. ئوسكار مارمورېك بىنا ۋە ئۆي-مۈلۈك مەسىلىلىرىنى تەكشۈرۈش بىلەن بىر ۋاقىتتا باش كاتىپلىق ۋەزىپىسىنى ئۆتىشى كېرەك ئىدى. دوكتۇر ھىلېل جاففې -جاففې دوختۇرخانىسىدىن بولۇپ، كىلىمات ۋە ساغلاملىق مەسىلىلىرى بىلەن مۇناسىۋەت قىلىشى كېرەك ئىدى. تەكشۈرۈش ھەيئىتى ئىشى باشلانغاندىن كېيىن چوڭ قىيىنچىلىقلارغا دۇچ كەلدى. ئوسمانلى ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن كۈچلۈك قارشىلىقلار كۆرۈلدى. بۇنىڭدىن باشقا، ھېررزل بىلەن گرېينبېرگ ئوتتۇرىسىدا سۈركىلىشلەر ۋە پىكىر ئايرىملىقلىرى پەيدا بولدى. بۇ قىيىنچىلىقلارنى ھەل قىلىش ۋە سۆھبەتلەرنى ئاخىرلاشتۇرۇش ئۈچۈن ھېررزل ئۆزى مىسىرغا باردى. ئۇ شەخسىي ئارىلىشىش ئارقىلىق مەسىلىلەرنى تۈزەتمەكچى بولدى. ئەمما ئۇنىڭ ئارىلىشىشى ۋەزىيەتنى قىلچىمۇ ياخشىلىمىدى. ئەكسىچە، ۋالىي كرومېر ئۇنىڭغا نىسبەتەن ئىلگىرىكىگە قارىغاندا تەمكىن ۋە مۆتىۋەر كۆرۈنمەيدىغان بولۇپ قالغانىدى.

قىيىنچىلىقلارغا قارىماي، ھەيئەت تەكشۈرۈش ئىشلىرىنى تاماملاپ يەكۈن دوكلاتى تەييارلىدى. ۋالىي كرومېر بۇ دوكلاتنى قوبۇل قىلدى. دوكلاتتا ھەيئەت مۇنداق دېگەنىدى: «نۆۋەتتىكى شارائىتلاردا بۇ زېمىن ياۋروپالىق يېڭى كۆچمەنلەر ئۈچۈن پۈتۈنلەي مۇناسىپ ئەمەس. ئەمما يېتەرلىك سۇغىرىش سىستېمىسى كىرگۈزۈلسە، دېھقانچىلىق، ساغلاملىق ۋە كىلىمات شارائىتلىرى ھازىر چۆللۈك بولغان زېمىنىنىڭ بىر قىسمىنىڭ خېلى كۆپ نوپۇسنى ئۆز ئىچىگە ئالالايدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.» بۇ دوكلات مەزمۇنى جەھەتتىن قىزىققۇچىلارغا نىسبەتەن

ئۈمىد بېغىشلىمايتتى، ئەمما پۈتۈنلەي ئۈمىدسىزلىكمۇ پەيدا قىلمايتتى.

ھېرزل ۋالىي كرومېرنىڭ مەسلىھەتى بويىچە يۇقىرى دەرىجىلىك بېلگىيەلىك ئادۋوكاتنى قانۇنىي ۋەكىلى قىلىپ تەيىنلىدى. بۇ ئادۋوكاتنىڭ ۋەزىپىسى مىسىر ھۆكۈمىتىدىن سىناي يېرىم ئارىلىدا يەھۇدىي مۇستەملىكىسى قۇرۇش ئۈچۈن رەسمىي ئىمتىياز ئېلىش ئىدى. ئەمما مىسىر ھۆكۈمىتى بۇ ئىمتىيازنىڭ مەزمۇنچىسىنى پەقەتلا قوبۇل قىلمىدى. ئۇلار بۇ پىلانغا قاتتىق قارشىلىق كۆرسەتتى. ھېرزل 1903-يىلى 23-ئاپرېلدا ئافرىقا سەپىرىدىن يېڭى قايتىپ كەلگەن چامبېرلېن تەرىپىدىن قايتا قوبۇل قىلىندى. چامبېرلېن ھېرزلنىڭ تەكشۈرۈش ھەيئەتىنىڭ ئىشلىرى ۋە نەتىجىلىرى ھەققىدىكى دوكلاتىنى دىققەت بىلەن ئاڭلىدى. ئىككىسىلا بۇ دوكلاتنىڭ كارغا كەلمەس ۋە ئۈمىدسىز دوكلات ئەمەسلىكىنى مۇئەييەنلەشتۈردى. سىناي يېرىم ئارىلىدىكى شارائىتنىڭ يەھۇدىي مۇستەملىكىسى قۇرۇشقا مۇناسىپ ئەمەسلىكى ئايان بولدى. ئاندىن چامبېرلېن ھېرزلغا مۇجۇر بىر تەكلىپ قىلدى: «بۇ سەپىرىمدە مەن سىلەر ئۈچۈن بىر دۆلەت كۆردۈم، ئۇگاندا. قىرغاق تەرەپلەر ئىسسىق، ئەمما ئىچكى رايونلاردا كىلىمات ياۋروپالىقلار ئۈچۈن ناھايىتى ياخشى. سىلەر پاختا ۋە شېكەر قومۇشى تېرىيالايسىلەر. مەن ئۆزۈمچە، بۇ دەل دوكتۇر ھېرزل ئۈچۈن ماس كېلىدىغان دۆلەت دەپ ئويلىدىم. بىراق ئۇنىڭغا پەلەستىن كېرەك ۋە پەقەت ئۇنىڭ يېقىن ئەتراپىغىلا كۆچىدۇ.»

بۇ زىئونىستلار ئارىسىدا كېيىنچە زور دىققەت مەركىزىگە ئايلىنىدىغان ئۇگاندا مەسىلىسىگە قارىتا تۇنجى قېتىملىق ئىشارەت ئىدى.

ھېرزلغا ئەمدى مىسىر ھۆكۈمىتىنىڭ پىلاننى پۈتۈنلەي رەت قىلىدىغانلىقى رەسمىي تەرىقىدە ئېيتىلدى. رەت قىلىشىنىڭ ئاساسىي سەۋەبى سۇ مەسىلىسى ئىدى. تەكشۈرۈش نەتىجىسىدە مەلۇم بولدىكى، بۇ رايوندا دەسلەپتە مۆلچەرلەنگەندىن بەش ھەسسە كۆپ سۇ تەلەپ قىلىنىدىكەن. مىسىر ھۆكۈمىتى نىل دەرياسىدىن بۇنداق زور مىقداردىكى سۇنى باشقا تەرەپكە بۇراشقا ھەرگىز رۇخسەت قىلالمايتتى. چۈنكى بۇ پۈتۈن مىسىرنىڭ دېھقانچىلىق ئىقتىسادىغا زىيان يەتكۈزەتتى. چامبېرلېننىڭ مىسىر مەسىلىسىگە ئارىلىشىشىنى تەلەپ

قىلىش ئۇرۇنۇشى مۇۋەپپەقىيەتلىك بولمىدى. بۇنى كۆرگەن چامبېرلېن: «ئەھۋال بۇنداق بولغانىكەن ، ئۇگاندا قانداق بولىدۇ؟» دەپ سورىدى.

ئاندىن ئۇ ئۇگاندا تەكلىپىنىڭ تەپسىلاتلىرىنى بايان قىلدى: يەھۇدىيلارغا تولۇق ئۆزىنى باشقۇرۇش ھوقۇقى يەنە ئاپتونومىيە ھوقۇقى بېرىلىدۇ. ۋالىي جەزمەن يەھۇدىي بولالايدۇ. گەرچە بۇ ئىش ئەسلىدە تاشقى ئىشلار ئىدارىسىگە تەۋە بولسىمۇ، چامبېرلېن ئۇنى ئۆزىنىڭ مۇستەملىكە ئىشخانىسىنىڭ باشقۇرۇشى ئاستىغا ئۆتكۈزەلەيتتى. بۇ زېمىن مەخسۇس قۇرۇلغان مۇستەملىكە شىركىتىنىڭ مەڭگۈلۈك مۈلكى بولىدۇ. بەش يىلدىن كېيىن يېڭى كۆچمەنلەرگە تولۇق ئاپتونومىيە بېرىلىدۇ. يېڭى مۇستەملىكىنىڭ ئىسمى «يېڭى پەلەستىن» دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ تەكلىپ ھېرزل ئۈچۈن پەلەستىن ئارمىنىدىن ۋاز كەچمەيدىغان بولسىمۇ، ۋاقىتلىق ھەل چارىسى بولۇشى مۇمكىن ئىدى.

ھېرزل 1903-يىلى 14-ئاۋغۇستتىكى ئالتىنچى زىئونىست قۇرۇلتىيىغا بۇ لايىھىنى سۇنۇش ئۈچۈن بىرىتانىيە ھۆكۈمىتىدىن رەسمىي جاۋاب تەلەپ قىلدى. رەسمىي تەكلىپ تاشقى ئىشلار ئىدارىسىنىڭ دائىمىي باشلىقى سىر كلېمېنت ھىللدىن كەلدى. بۇ تارىخىي مەكتۇبتا، ۋالىي لانسداۋننىڭ يېتەكچىلىكىدىكى ھۆكۈمەتنىڭ يەھۇدىي خەلقىنىڭ ئەھۋالىنى ياخشىلاش ئۈچۈن تۈزۈلگەن جىددىي پىلانلارغا قىزىقىش بىلدۈرگەنلىكى بايان قىلىنىدى. پىلاننى تەپسىلىي تەكشۈرۈش ۋاقتى قىسقا بولغانلىقىدىن، ئۇنى شەرقىي ئافرىقا (ئۇگاندا) ھىمايىسى ئۈچۈن بىرىتانىيە ۋەكىلىگە تاپشۇرۇش كېرەك بولدى.

مەكتۇبتا شەرقىي ئافرىقىغا تەكشۈرۈش ھەيئىتى ئەۋەتىپ، مەقسەتكە ماس كېلىدىغان يەر بار-يوقلۇقىنى ئېنىقلاش كۈنتەرتىپكە كەلدى. ئەگەر مۇناسىپ رايون تېپىلسا، ۋالىي لانسداۋن زىئونىست ھەرىكىتىگە ئۆزلىرىنىڭ مىللىي ئادەت-ئەنئەنىلىرىنى ساقلاپ قېلىش كاپالىتى ئاستىدا يەھۇدىي مۇستەملىكىسى ياكى ماكانلىشىش جايى قۇرۇش توغرىسىدىكى تەكلىپلەرنى قوللايدىغانلىقىنى بىلدۈردى. ھۆججەت ئالاقىدار ئەمەلدارلارنىڭ رازىلىقىغا باغلىق بولغان يەھۇدىي ۋالىيلىقى ۋە ئىچكى ئاپتونومىيە تەكلىپى بىلەن تېخىمۇ بېيىدى. بۇ ھېرزل زىئونىست قۇرۇلتىيىغا سۇنغان زىئونىست ھەرىكىتى بىلەن مۇنا-

سىۋەتلىك تۈنجى رەسمىي تەكلىپ ئىدى. كلېمېنت ھىللىنىڭ خېتى 1903-يىلى ئالتىنچى نۆۋەتلىك زىئونىست قۇرۇلتىيىغا سۇنۇلغاندا، ئۇ زىئونىست ھەرىكىتىنى پارچىلىۋەتتى. بۇ ۋەزىيەت رۇسىيەدىكى كۆپ ساندىكى زىئونىستلارنى ھېرزلغا قارشى تۇرۇشقا سەۋەب بولدى. ھېرزل قۇرۇلتاي چاقىرىلىشتىن بۇرۇن پەيدا بولغان تەنقىدلەرگە قارشى ئۆزىنى ئاقلاشقا مەجبۇر بولدى.

قۇرۇلتاي چوڭ داغدۇغا ۋە پارتىيە تالاش-تارتىشلىرى ئاستىدا ئۆتكۈزۈلدى. ئۇگاندا لايىھىسى شەرقىي ئافرىقىدىكى شارائىتلارنى تەكشۈرۈش ئۈچۈن توققۇز كىشىلىك ھەيئەت تەيىنلەشنى قارار قىلىدىغان رەسمىي قارار تەرىقىسىدە سۇنۇلدى. تەكشۈرۈش ھەيئىتىنىڭ دوكلاتى توغرىسىدىكى ئاخىرقى قارار كېيىنكى نۆۋەتلىك ئالاھىدە قۇرۇلتايغا قالدۇرۇپ قويۇلدى. بېلەت تاشلاش نەتىجىسى رەسمىي قارارنى قوللىغانلارنىڭ كۆپچىلىك ئىكەنلىكىنى كۆرسەتتى: 295 قوللاش، 177 قارشى ۋە 100 بىتەرەپ بېلەت تاشلاندى . بىراق قارار ئۈستىدىكى كەسكىن مۇنازىرە بۇ لايىھەگە بولغان كۈچلۈك قارشىلىقنى ئاشكارا قىلدى. كۆپ كىشىلەر بۇنى پەلەستىندىن ۋاز كېچىپ، ئۇنى باشقا يۆنىلىش بىلەن ئالماشتۇرۇش دەپ چۈشەندى.

بېلەت تاشلاشتىن كېيىن، رۇسىيەلىك ۋەكىللەر بىرلىكتە قۇرۇلتايدىن چىقىپ كەتتى. بارلىق قارشى چىققۇچى ۋەكىللەرمۇ ئۇلار بىلەن بىرگە چىقىپ، ۋەزىيەتنى مۇزاكىرە قىلىش ئۈچۈن ئالاھىدە يىغىن ئۆتكۈزدى. ھېرزل يىغىندىكى كەسكىن ھېسسىياتنى ھېس قىلغاندا، قارشى چىققۇچىلار بىلەن سۆزلىشىش پۇرسىتى تەلەپ قىلدى. ئۇ ئۇلارغا بازېل پروگراممىسىنىڭ بۇ قارارنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىمايدىغانلىقىغا قەتئىيلىك بىلەن ۋەدە بەردى. ھېرزل بازېل پروگراممىسىغا، زىئونغا ۋە يېرۇسالېمغا ساداقەت قەسىمى قىلدى.

ئۇنىڭ بۇ سۆزى ھېرزلنىڭ زىئونىست ھەرىكىتى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىدە يۈز بەرگەن مۇھىم ئۆزگىرىشنى نامايەن قىلدى. قارشى چىققۇچى ۋەكىللەر ھېرزلنىڭ پەلەستىننىڭ ئورنىغا باشقا جايلارنى ئىزدىگەن بولسىمۇ، ئۇنىڭ قەلبىنىڭ زىئوننىڭ چاقىرىقىغا چەكسىز ساداقەت بىلدۈرگەنلىكىنى ھېس قىلىشتى. قارشى چىققۇچىلار ئىككىنچى كۈنى قۇرۇلتايغا قايتىپ كەلدى. ئۇلار يەھۇدىي مۇستەملىكە

مەركىزى، يەھۇدىي مىللىي فوندى ۋە شېكېل كىرىمىنىڭ پۇللىرى شەرقىي ئافرىقىنى تەكشۈرىدىغان ھەيئەت ئۈچۈن ئىشلىتىلمەسلىكى ۋە ھەيئەتنىڭ قۇرۇلتايغا دوكلات بېرىشتىن بۇرۇن چوڭراق ھەركەت قىلىش كومىتېتىغا دوكلات بېرىشى كېرەكلىكى توغرىسىدا شەرت قويدى. بۇ ۋەقە زىئونىست ھەرىكىتى تارىخىدىكى مۇھىم بۇرۇلۇش نۇقتىسى بولۇپ، پەلەستىنغا قارىتىلغان ھەرىكەتنىڭ ئورنىغا ۋاقىتلىق سەپلىمە يولى ئىزدەش مەسىلىسىنى كۈنتەرتىپكە ئېلىپ كەلدى.

ھېرزلىنىڭ «ئۇگاندا قۇرۇلتىيى» ئۇنى كونا زىئونىستلارغا يېقىنلاشتۇردى. ئۇ ئاخىرقى مەقسەتنىڭ يېقىن كەلگۈسىدە ئىشقا ئاشمايدىغانلىقىنى، ئۇگاندانىڭ پەقەت بىر ۋاقىتلىق كېلىشىم بولۇپ، زىئوننى قايتىدىن قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن تەييارلىق مەيدانى بولىدىغانلىقىنى چۈشىنىپ يەتتى. 1903-يىلىدىكى قۇرۇلتاي ھېرزلىنىڭ سىياسىي ھاياتىنىڭ ئەڭ يۇقىرى پەللىسى ئىدى. ئەمەلىيەتتە، بۇ ئۇنىڭ زىئونىست ھەرىكىتىدىكى ئاكتىپچانلىقىنىڭ تۈگۈنى ئىدى. كېيىنچە، شەرقىي ئافرىقا لايىھەسى ئىنگلىزلارنىڭ نەزىرىدە ئەھمىيەتسىز بولۇپ قالدى. شەرقىي ئافرىقىدىكى ئىنگلىز مۇستەملىكىچىلىرى يەھۇدىيلارنىڭ كۆچۈپ كېلىشىگە قارشى بايانات ئېلان قىلدى. ئۇگاندا قۇرۇلتىيىغا قاتناشمىغان مېناھېم ئۇسسىشكىن رەھبەرلىكىدە زىئونىستلارنىڭ قارشىلىق ھەرىكىتى ئۇيۇشتۇرۇلدى. رۇسىيە زىئونىستلىرى تەرىپىدىن خاركوۋ يىغىنى چاقىرىلدى. ھېرزل بازېل پروگراممىسىنى بۇزۇش بىلەن ئەيىبلەندى. خاركوۋ يىغىنى شەرقىي ئافرىقا يۆنىلىشىدىكى بارلىق ھەرىكەتلەرگە قارىتا مەسئۇلىيەت ئېلىشنى رەت قىلدى.

يىغىن ھېرزلغا ئۆز تەلەپلىرىنى يەتكۈزۈش ئۈچۈن ئۈچ كىشىلىك ھەيئەت تەشكىللىدى. ئۇلار ھېرزلدىن پەلەستىن ياكى سۇرىيە بىلەن مۇناسىۋەتى بولمىغان ھەرقانداق تېررىتورىيە لايىھەلىرىنى قۇرۇلتايغا قويماسلىققا ۋە شەرقىي ئافرىقا لايىھەسىنى كۈن تەرتىپىدىن چىقىرىۋېتىشكە ۋەدە بېرىشنى تەلەپ قىلدى. بۇ چاغدا ھېرزل شەرقىي ئافرىقا لايىھەسىنىڭ كۈن تەرتىپىدىن چىقىپ كېتىشىگە خۇشال بولاتتى. ئىنگلىز ھۆكۈمىتىنىڭ بۇنىڭغا سوغۇق قارىغانلىقى ۋە بىر چىقىش يولى ئىزدەۋاتقانلىقى ئېنىق ئىدى. ئەمما بىر قېتىم باشلانغان سىياسىي ھەرىكەتنىڭ ئالدىنقى يوللىرى ئاسانلىقچە ئۆزگەرتىلمەيتتى.

ھېرزل ئۆزىنىڭ بىر سىياسىي ھەقىقەتكە باغلانغانلىقىنى ھېس قىلدى. زىئونىست ھەرىكىتى باشلانغاندىن بۇيان، ھېرزل ھەرىكەتنىڭ ئېغىر يۈكى ۋە كۈندىلىك ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللانغانسېرى، بارغانسېرى ئېغىرلاشقان يۈرەك كېسىلىدىن ئازاب چەكتى. ئۇ «يەھۇدىي دۆلىتى»نى يېزىپ تۈگەتكەندىن كېيىنلا ئۆزىنىڭ كېسىلىدىن خەۋەردار بولدى. ئۇ بۇ كېسەلنىڭ ئېغىر ئاقىۋەتلىرىنى ئالدىن سەزگەن بولسىمۇ، ھەرىكەتنىڭ مەسئۇلىيىتىنى ئۆزى كۆتۈرۈشتە چىڭ تۇردى، بۇ جەرياندا ئۆزىنىڭ بارلىق كۈچىنى سەرپ قىلدى. ئۇ بەلگىلىك ۋاقىت ئارىلىقىدا دەم ئېلىشقا مەجبۇر بولدى. بىر قانچە قېتىم ئۆلۈمنىڭ يېقىنلىشىپ قېلىۋاتقانلىقىنى ئويلاپمۇ قالدى.

ئۇ ئۇگاندا لايىھەسى بىلەن بەند بولۇۋاتقاندا، يېقىن دوستى يورك-ستەينېر ئۇنىڭ سىرتقى قىياپىتى ھەققىدە مۇنداق يازغان: «ھەيۋەتلىك گەۋدە ئەمدى ھارغان، يۈزى سارغايغان، كۆزلىرى قاراڭغۇلاشقان، ئاغرىق ئازابى بەدىنىنى چىرمىۋالغانىدى.”

ھېرزل ئۆلۈمنىڭ بوسۇغىسىغا يېقىنلاشقانىدى. ماي ئېيىدا، ئۇنىڭ يۈرەك مۇسكۇللىرىنىڭ ئەھۋالىدا ۋەھىملىك دەرىجىدە يامانلىشىش كۆرۈلدى. دوختۇرلار ئۇنىڭغا ئالتە ھەپتە فرانزىئېنبادتا[1] دەم ئېلىشنى تەۋسىيە قىلدى، ئەمما ئارام ئېلىش ئۇنىڭغا ھېچقانداق پايدا يەتكۈزمىدى. 3-ئىيۇن كۈنى، ئۇ ئايالى ۋە بىر قانچە دوستلىرى بىلەن سەممېرىڭدىكى ئەدلاخ[2] يېزىسىغا يولغا چىقتى. ئۇ بۇنىڭ ئۆزىنىڭ ئاخىرقى سەپىرى ئىكەنلىكىنى بىلەتتى. ئاندىن ئۇنىڭ ئەھۋالىدا ئازراق ياخشىلىق كۆرۈلدى ۋە ئۇ ئىش ئۈستىلىگە قايتتى. ئەمما ئۇنىڭ ئەھۋالى تېزلا يامانلاشتى. ئۇ ساداقەتمەن ھەمراھى ھېچلېرغا: «ئۇلارنىڭ ھەممىسىگە مېنىڭ سالامىمنى يەتكۈزۈڭ ۋە ئۇلارغا مېنىڭ ئۆز خەلقىم ئۈچۈن يۈرىكىمنىڭ قېنىنى بەرگەنلىكىمنى ئېيتىڭ» دېدى.

3- ئىيۇل كۈنى، ئۇنىڭدا ئۆپكە سىيللىقى (پنومونىيە) پەيدا بولدى ۋە ھالىدىن كېتىش ئالامەتلىرى كۆرۈندى. ئانىسى يېتىپ كەلدى، كېيىن ئۇنىڭ ئىككى كىچىك بالىسى ھانس ۋە ترۇدەلارمۇ كەلدى.

---

[1] Franzienbad

[2] Edlach

چۈشتىن كېيىن سائەت بەشتە، بىر مىنۇت بىماردىن كۆزنى ئۈزگەن دوختۇرى چوڭقۇر ئۇھ تارتقان ئاۋازنى ئاڭلىدى. ئۇ بۇرۇلۇپ قارىغاندا، ھېرزلنىڭ بېشى كۆكسىگە چۈشۈپ قالغانلىقىنى كۆردى. ھېرزل ئۆزىنىڭ ۋەسىيىتىدە جەسىتىنىڭ ئاتىسىنىڭ يېنىغا دەپنە قىلىنىشىنى، «يەھۇدىي خەلقى مېنىڭ قالدۇقلىرىمنى پەلەستىنغا ئېلىپ كەتكۈچە شۇ يەردە قېلىشىم كېرەك» دەپ تەلەپ قىلغان. 1945-يىلى سوۋېت قوشۇنلىرى ۋېياناغا كىرگەندە، ھېرزلنىڭ قالدۇقلىرى تېخىچە شۇ يەردە ئىدى.

# یەهوودی دۆڵەتی

**تیئودور هێرزل**

# سۆز بېشى

مەن بۇ كىتابچىدا ئوتتۇرىغا قويغان ئىدىيە ناھايىتى كونا: ئۇ بولسىمۇ يەھۇدىي دۆلىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش. دۇنيا يەھۇدىيلارغا قارشى چۇقانلار بىلەن جاراڭلايدۇ، بۇ چۇقانلار مۈگدەپ يېتىۋاتقان ئىدىيەنى ئويغاتتى. مەن نىيىتىمنىڭ ھېچقانداق قىسمىنىڭ يېڭى بايقاشقا ئاساسلانمىغانلىقىنى باشتىنلا ئېنىق چۈشەندۈرۈشنى ئۈمىد قىلىمەن. مەن يەھۇدىيلارنىڭ تارىخىي ئەھۋالىنى ياكى ئۇنى ياخشىلاش ۋاسىتىلىرىنى ئاشكارىلىمىدىم. ئەمەلىيەتتە، ھەر بىر ئادەم مەن لايىھىلەۋاتقان قۇرۇلمىنىڭ ماتېرىياللىرى پەقەت مەۋجۇت بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئەمەلىيەتتە قولىمىزدا بارلىقىنى ئۆزى كۆرىدۇ. شۇڭا، ئەگەر يەھۇدىي مەسىلىسىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن قىلغان بۇ تىرىشچانلىقىمنى بىر سۆز بىلەن ئىپادىلەش كېرەك بولسا، ئۇنى لەرزان خىيالنىڭ ئەمەس، بەلكى قېچىپ قۇتۇلغىلى بولمايدىغان بىر خۇلاسىنىڭ نەتىجىسى دەپ ئېيتىش كېرەك.

مەن ئاۋۋال، ئەگەر مەن ئۇلارنى ئاگاھلاندۇرمىغان بولسام مېنىڭ پىلانىمنى بىر خام خىيال، ئۇتوپىيە دەپ خاتا ھۆكۈم چىقىرىدىغان يۈزەكى تەنقىدچىلەردىن پىلانىمنى چوقۇم قوغدىشىم كېرەك. ئەگەر مەن خەير-ساخاۋەت نىشانى بويىچە بىر ئۇتوپىيەنى تەسۋىرلىگەن بولسام، ئېنىقكى، مەن ئۇيالغۇدەك بىر ئىش قىلمىغان بولاتتىم؛ ۋە مەن شۇنداقلا، بارلىق ئېھتىماللىقلارنى كۆزدە تۇتۇپ ، ئەگەر مەن ئۆز پىلانىمنى رومانتىك ھېكايىنىڭ مەسئۇلىيەتسىز لىباسىدا ئوتتۇرىغا قويغان بولسام، ئەدەبىي مۇۋەپپەقىيەتكە تېخىمۇ ئاسان ئېرىشكەن بولاتتىم. لېكىن بۇ ئۇتوپىيە توماس مور ۋە ئۇنىڭ نۇرغۇن چوڭلىرى ۋە ئىزباسارلىرى تەسۋىرلىگەن ھەرقانداق بىرىدىن ئانچە جەلپ قىلارلىق ئەمەس. مەن كۆپ دۆلەتلەردىكى يەھۇدىيلارنىڭ ئەھۋالىنىڭ بۇنداق ئالدىن تەييارلىقىنى پۈتۈنلەي قەدىرسىز ۋە ئېتىبارسىز قىلىدىغان

دەرىجىدە قورقۇنچلۇق ۋە ئىچىنىشلىق ئىكەنلىكىگە ئىكەنلىكىگە ئىشىنىمەن.

بىر نەچچە يىل ئىلگىرى نەشىر قىلىنغان دوكتور تېئودور ھېرتزكا-نىڭ «فرېيلاند»[1] ناملىق قىزىقارلىق كىتابى، مەن مېنىڭ تۇيغۇق ۋە ئۇتوپىيە ئارىسىدا سىزغان سىزىقنى كۆرسىتىشكە ياردەم قىلالايدۇ. ئۇنىڭ پۇتۇنلەي سىياسىي ئىقتىساد پرىنسىپلىرىدا يېتىشكەن زامانىۋى ئەقلىنىڭ ئىجادى ئۇنىڭ ئېكۋاتوردىكى تاغلارغا جايلاشقان خىيالى دۆلىتىدەكلا ئەمەلىيەتتىن يىراق ئىدى. «فرېيلاند» نۇرغۇن چىشلىق چاقلىرى بىر-بىرىگە ماسلىشىدىغان مۇرەككەپ ماشىنا سىستېمىسى؛ لېكىن ئۇلارنىڭ ھەرىكەتكە كەلتۈرۈلۈشىنى ئىسپاتلاي-دىغان ھېچنەرسە يوق. ھەتتا «فرېيلاند جەمئىيەتلىرى»نىڭ بارلىققا كېلىشىنى ئويلىسام، مەن پۈتۈن ئىشنى بىر چاقچاق دەپ قارايمەن.

يەنە بىر تەرەپتىن، ھازىرقى پىلانىم مەۋجۇت ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچنى ئىشلىتىشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. چەكلىك قابىلىيىتىم ۋە تاشقى چەكلىمىلەرنى نەزەردە تۇتۇپ، مەن ياسىلىدىغان ماشىنىنىڭ غالتەك ۋە چىشلىق چاقلىرىنى كۆرسىتىپ بېرىش بىلەن كۇپايىلىنىمەن، مەن ئۇلارنى بىرلەشتۈرۈش ئۈچۈن ئۆزۈمدىن تېخىمۇ ماھىر ماشىنا ئۇستىلىرىغا تايىنىمەن.

ھەممە نەرسە بىزنىڭ ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچىمىزگە باغلىق. ئۇ كۈچ نېمە؟ يەھۇدىيلارنىڭ ئازاب-ئوقۇبىتى.

كىم ئۇنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ئىنكار قىلىشقا جۈرئەت قىلالايدۇ؟ بىز ئۇنى يەھۇدىي دۈشمەنلىكىنىڭ سەۋەبلىرى توغرىسىدىكى بابتا تولۇق مۇھاكىمە قىلىمىز.

ھەركىم قايناق سۇ تەرىپىدىن پەيدا بولىدىغان، چەينەكنىڭ قاپقىقىنى كۆتۈرىدىغان پار كۈچى ھادىسىسىنى بىلىدۇ. بۇنداق چەينەك ھادىسىلىرى زىئونىست ۋە ئوخشاش جەمئىيەتلەرنىڭ يەھۇدىي دۈشمەنلىكىنى توسۇش ئۇرۇنۇشلىرىدۇر.

مەن بۇ كۈچ، توغرا ئىشلىتىلسە، چوڭ بىر ماشىنىنى ھەرىكەتلەندۈر-

---

[1] Freiland

گۈزەل ۋە يولۇچىلار ۋە مال-مۈلۈكلەرنى يۆتكىگۈدەك يېتەرلىك كۈچلۈك دەپ ئىشىنىمەن: ماشىنا كىشىلەر قانداق شەكىل بېرىشنى خالىسا شۇ شەكىلدە بولىدۇ. گەرچە ئۆزۈمنىڭ ھەقلىقىمنىڭ ئىسپاتلانغانلىقىنى كۆرگۈدەك ئۆمرۈم بار-يوقلۇقىغا گۇمان قىلسامۇ، ئۆزۈمنىڭ توغرا ئىكەنلىكىمگە مۇتلەق ئىشىنىمەن. بۇ ھەرىكەتنى تۇنجى قېتىم باشلىغانلار ئۇنىڭ شەرەپلىك نەتىجە بىلەن ئاخىرلىششىنى كۆرەلمەيدۇ. ئەمما ئۇنى باشلاش ئۇلارغا پەخىرلىنىش تۇيغۇسى ۋە روھىي ئەركىنلىكنىڭ خۇشاللىقىنى بېرىشكە يېتەرلىك.

باشقىلارنىڭ مېنى ئۇتوپىيە تەسۋىرلەيدۇ دېگەن تەنقىد ۋە گۇ-مانلىرىغا دۇچ كەلسەممۇ ۋە مۇشۇنداق بىر قورقۇش ئىچىدە ياشىسامۇ، مەن لايىھەمنىڭ بەدىئىي جەھەتتىن ئىنچىكە چۈشەندۈرۈلۈشلىرى بىلەن ۋاقىتىمنى ئىسراپ قىلمايمەن. مەن ئويلاپمۇ باقمىغان مەسخىرە قىلغۇچىلارنىڭ مېنىڭ لايىھەمنى ياكى رەسىمنى پاسكىنا قىلىپ كۆرسىتىش ۋە ئۇنىڭ تەسىرىنى ئاجىزلاشتۇرۇشقا ئۇرۇنىدىغانلىقىنى ئالدىن مۆلچەرلەيمەن. باشقا جەھەتلەردىن ئەقىللىق بولغان بىر يەھۇدىي، مەن ئۇنىڭغا ئۆزۈمنىڭ پىلانىمنى چۈشەندۈرگىنىمدە، «ئۇتوپىيە دېگەن كەلگۈسىدىكى تەپسىلاتلىرى ئالدىنقاچان مەۋجۇت دەپ تەسۋىرلىنىدىغان لايىھە» دېگەن پىكىردە ئىدى. بۇ خاتا. ھەر بىر مالىيە ۋە خەزىنە ئىشلىرى باشلىقى ئۆزىنىڭ راسخوت مۆلچەرلىرىدە پەرەز قىلىنغان رەقەملەر بىلەن ھېسابلايدۇ. ئۇ پەقەت ئۆتكەن يىللارنىڭ ئوتتۇرىچە ئەھۋالىغا ياكى باشقا دۆلەتلەردىكى بۇرۇنقى كىرىملەرگە ئاساسلانغان رەقەملەر بىلەنلا ئەمەس، بەلكى بەزىدە قىلچە مىسالى بولمىغان رەقەملەر بىلەنمۇ ھېسابلايدۇ - مەسىلەن، يېڭى بىر باج بەلگىلىگەندە قىلىدۇ. راسخوتنى ئۆگىنىدىغان ھەر قانداق بىر كىشى بۇنىڭ شۇنداق ئىكەنلىكىنى بىلىدۇ. ئەمما ھەتتا مۆلچەرلەرگە قاتتىق رىئايە قىلىنمايدىغانلىقى مەلۇم بولسىمۇ، بۇنداق مالىيە لايىھىسى ئۇتوپىيە دەپ قارىلامدۇ؟

لېكىن مەن ئوقۇرمەنلىرىمدىن تېخىمۇ كۆپ نەرسە كۈتىۋاتىمەن. مەن ئۆزۈم مۇراجىئەت قىلىۋاتقان مەدەنىيەتلىك كىشىلەردىن كۆپلىگەن بىر تەرەپلىمە قاراشلارنى پۈتۈنلەي بىر چەتكە قويۇشنى تەلەپ قىلىمەن. مەن ھەتتا يەھۇدىي مەسىلىسىنى ھەل قىلىشقا ئەڭ قاتتىق تىرىشقان يەھۇدىيلاردىن ئۇلارنىڭ ئىلگىرىكى ئۇرۇنۇشلىرىنى خاتا ۋە بىھۇدە دەپ

قاراشلىرىنى تەلەپ قىلىدىغان دەرىجىگىچە بارىمەن.

ئىدىيەمنى ئۇتتۇرىغا قويغاندا مەن بىر خەۋپتىن ساقلىنىشىم كېرەك. ئەگەر مەن كەلگۈسى ئەھۋاللارنى بەك ئېھتىياتچانلىق بىلەن تەسۋىرلىسەم، ئۇلارنىڭ مۇمكىنلىكىگە گۇمان قىلىۋاتقاندەك كۆرۈنۈپ قالىمەن. ئەگەر، يەنە بىر تەرەپتىن، مەن ئۇلارنىڭ ئەمەلگە ئېشىشىنى بەك ئىشەنچ بىلەن ئېلان قىلسام، بىر ئەپسانىنى تەسۋىرلەۋاتقاندەك كۆرۈنۈپ قالىمەن.

شۇڭا مەن ئۇنىڭ ئاخىرقى شەكلىنى بايقىدىم دەپ دەۋا قىلمىسامۇ، مېنىڭ پىلانىمنىڭ ئەمەلىي نەتىجىسىگە ئىشىنىدىغانلىقىمنى ئېنىق ۋە جىددىي هالدا بايان قىلىمەن. يەهۇدىي دۆلىتى دۇنياغا زۆرۈردۇر؛ شۇڭا ئۇ قۇرۇلماقچى.

ئەگەر بىر شەخس بۇنى قىلىشقا ئۇرۇنسا، بۇ پىلان ئەلۋەتتە ئەخمىقانە بولۇپ قالىدۇ؛ ئەمما ئەگەر بىر تۈركۈم يەهۇدىيلار ھەمكارلىشىپ بىرلىكتە ھەرىكەت قىلسا، ئۇ تولۇق ئەقىلغا مۇۋاپىق كۆرۈنىدۇ ۋە ئۇنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش زور قىيىنچىلىقلارنى كەلتۈرۈپ چىقارمايدۇ. بۇ ئىدىيە پەقەت ئۇنىڭ قوللىغۇچىلىرىنىڭ سانىغا باغلىق. بەلكىم بىزنىڭ ئىلغار ياش يىگىتلىرىمىز، هازىر ئۇلارغا تەرەققىياتنىڭ ھەر بىر يولى تاقالغان بولسىمۇ، بۇ يەهۇدىي دۆلىتىدە ئۇلارغا يارىتىلغان ئەركىنلىك، بەخت ۋە شەرەپلەرنىڭ پارلاق ئىستىقبالىنى كۆرۈپ، بۇ ئىدىيەنىڭ تارقىلىشىغا زور كۈچ چىقىرىدۇ.

مەن بۇ كىتابچىنىڭ نەشر قىلىنىشى بىلەن مېنىڭ ۋەزىپەم ئادا بولدى دەپ ھېس قىلىمەن. ئەگەر كۈچلۈك قارشى چىققۇچىلارنىڭ ھۇجۇملىرى مېنى شۇنداق قىلىشقا مەجبۇر قىلمىسا، ياكى كۆتۈلمىگەن ئېتىرازلارغا جاۋاب بېرىش ۋە خاتالىقلارنى يوقىتىش زۆرۈر بولمىسا، مەن قايتا قەلەم كۆتۈرمەيمەن.

مەن تېخى مەۋجۇت بولمىغان نەرسىنى بايان قىلىۋاتامدىمەن؟ مەن زاماندىن ئىلگىرىلەپ كەتتىممۇ؟ يەهۇدىيلارنىڭ ئازاب-ئوقۇبەتلىرى تېخى يېتەرلىك دەرىجىدە ئېغىر ئەمەسمۇ؟ قېنى كۆرۈپ باقايلى. بۇ سىياسىي كىتابچىنىڭ هازىرچە بىر سىياسىي رومان بولۇپ قېلىش-قالماسلىقى يەهۇدىيلارنىڭ ئۆزلىرىگە باغلىق. ئەگەر هازىرقى

ئەۋلادلار ئۇنى توغرا چۈشىنىش ئۈچۈن بەك دۆت بولسا، كەلگۈسىدە تېخىمۇ ئېسىل ۋە تېخىمۇ ياخشى ئەۋلادلار ئۇنى چۈشىنىش ئۈچۈن ھەرىكەتكە ئۆتۈشىدۇ. دۆلەت ئارزۇ قىلىدىغان يەھۇدىيلارغا نىسىب بولىدۇ ۋە ئۇلار ئۇنىڭغا ئېرىشىشكە لايىقتۇر.

# 1-باپ: كىرىش

تۇرمۇش ھەلەكچىلىكىدە ياشاۋاتقان نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ ئىقتىساد ئىلمىغا بولغان چۈشەنچىسىنىڭ شۇنچە ئاز بولۇشى ھەيران قالارلىق. شۇڭا، ھەتتا يەھۇدىيلارمۇ يەھۇدىي دۈشمەنلىرىنىڭ: «بىز بىزنى قوبۇل قىلغان مىللەتلەرگە تايىنىپ ياشايمىز، ئەگەر بىزنى قوللايدىغان ساھىپخانلىرىمىز بولمىسا، بىز ئاچلىقتىن ئۆلىمىز» دېگەن چوقانلىرىنى دائىم تەكرارلايدۇ. بۇ ناھەق ئەيىبلەشلەرنىڭ ئۆزىمىزنى تونۇشىمىزنى قانداق ئاجىزلاشتۇرىدىغانلىقىنى كۆرسىتىدىغان مۇھىم بىر نۇقتا. لېكىن «خوجايىن» مىللەتلەر توغرىسىدىكى بۇ گەپنىڭ ھەقىقىي ئاساسى نېمە؟ ئەگەر ئۇ چەكلىك فىزىئوكراتىك[1] كۆزقاراشلارغا ئاساسلانمىغانلا بولسا، ئۇ تىجارەت ماللىرىنىڭ توختىماي ئايلىنىپ قولدىن قولغا ئۆتىدىغانلىقى توغرىسىدىكى بالىلارچە خاتالىققا ئاساسلانغان. دۇنيانىڭ يېڭى تىجارەت ماللىرىنىڭ ئىشلەپچىقىرىلىشى بىلەن ئېنىق ئۆزگەرگەنلىكىنى چۈشىنىش ئۈچۈن، رىپ ۋان ۋىنكېلدەك[2] ئۇزۇن ئۇيقۇدىن ئويغىنىشىمىزغا كېرەك يوق. بۇ ئاجايىپ دەۋردىكى تېخنىكىلىق تەرەققىيات ھەتتا ئەڭ چەكلىك ئىدراكقا ئىگە كىشىنىڭمۇ نەزەرىسىز كۆزلىرى بىلەن ئەتراپىدىكى يېڭى تىجارەت ماللىرىنىڭ بارلىققا كېلىشىنى بايقىشىغا ئىمكان بېرىدۇ. ئۇلارنى دەل تەشەببۇسكارلىق يەنى ئىگىلىك تىكلەش روھى ياراتقان. ئىگىلىك تىكلەشكە تايانمىغان ئەمگەك قەدىمكى كۇنلەرنىڭ تۇراقلىق ئەمگىكىدۇر. ئۇنىڭغا تىپىك مىسال دېھقانىنىڭ ئىشى - ئۇ ھازىر ئەجدادلىرى مىڭ يىل ئىلگىرى تۇرغان يەردە تۇرىدۇ. بارلىق ماددىي بايلىقىمىزنى ئىگىلىك تىكلەش روھى كۈچلۈك ئىنسانلار ياراتقان. مەن شۇنداق ئاددىي بىر پىكىرنى يېزىۋاتقىنىمدىن ئۇيالغاندەك بولىمەن.

---

[1] physiocratic

[2] Rip van Winkle

ھەتتا بىر ئىگىلىك تىكلەشكە ماھىر مىللەت بولساقمۇ ـ بەك كۆپ ئېيتىلىپ قۇلاققا خۇش ياقماس بولۇپ كەتكەن بىمەنە ھېكايىلەر بىزنى شۇنداق قىلىپ كۆرسىتىدۇ ـ ياشاش ئۈچۈن يەنە بىر مىللەتكە موھتاج بولمىغان بولاتتۇق. بىز كونا ماللارنىڭ ئايلىنىشىغا تايانمايمىز، چۈنكى بىز يېڭىلىرىنى ئىشلەپچىقىرىمىز.

دۇنيا ئالاھىدە ئەمگەك قابىلىيىتىگە ئىگە قۇللارغا ئىگە، ئۇلارنىڭ پەيدا بولۇشى قول بىلەن ياسالغان مەھسۇلاتلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىلىشىغا زەربە بەرگەن: بۇ قۇللار ماشىنىلاردۇر. ماشىنىلارنى ھەرىكەتكە كەلتۈرۈش ئۈچۈن ئىشچىلار كېرەكلىكى راست؛ ئەمما بۇنىڭ ئۈچۈن بىزدە نۇرغۇن، ھەتتا ھەددىدىن زىيادە ئادەم بار. پەقەت شەرقىي ياۋروپادىكى نۇرغۇن دۆلەتلەردىكى يەھۇدىيلارنىڭ شارائىتىنى بىلمەيدىغانلارلا يەھۇدىيلارنىڭ قول ئەمگىكىگە لاياقەتسىز ياكى ئىستەكسىز ئىكەنلىكىنى ئېيتىشقا پېتىنالايدۇ.

لېكىن مەن بۇ كىتابچىدا يەھۇدىيلار ئۈچۈن ھىمايىچى بولۇشنى خالىمايمەن. بۇ بىھۇدە بولاتتى. ئۇلارنى ئاقلاش ئۈچۈن ئېيتىلىشى كېرەك بولغان ھەممە ئەقلىي ۋە ھېسسىي سۆزلەر ئاللىقاچان ئېيتىلغان. ئەگەر تىڭشىغۇچىلار بۇلارنى چۈشىنەلمىسە، ئۇنداقتا كىشى چۆلدىكى بىر ۋائىزدۇر، خالاس. ئەگەر تىڭشىغۇچىلار بۇلارنى ئاللىقاچان چۈشىنىدىغان يۇقىرى سەۋىيەلىك ساپالىق كىشىلەر بولسا، ئۇ چاغدا ۋەز ئارتۇقچە. مەن ئىنسانىيەتنىڭ مەدەنىيەتنىڭ ئەڭ يۇقىرى پەللىلىرىگە چىقالىشىغا ئىشىنىمەن؛ لېكىن بۇ كۆتۈرۈلۈشنى ناھايىتى ئاستا دەپ قارايمەن. ئەگەر بىز ئىنسانىيەتنىڭ لەسسىڭ «دانىشمەن ناتھان»[1] دېگەن ئەسىرىنى يازغاندەك خەير-ساخاۋەتلىك بولۇشىنى كۈتسەك، بىز كۈنىمىزدىن، ھەتتا بالىلىرىمىز ، نەۋرىلىرىمىزۋە ئەۋرىلىرىمىزنىڭ كۈنلىرىدىنمۇ ھالقىغان ئۆتۈپ كۈتكەن بولاتتۇق. لېكىن دۇنيا روھى بىزگە باشقا بىر يول بىلەن ياردەم قىلىدۇ.

بۇ ئەسىر دۇنيادا تېخنىكىلىق نەتىجىلىرى بىلەن ئاجايىپ بىر ئويغىنىش ياراتتى؛ لېكىن شۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە ئۇنىڭ ئاجايىپ يېڭىلىقلىرى ئىنسانىيەتنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن ئىشلىتىلمىدى.

---

[1] Nathan the Wise

ئارىلىق يەنى مۇساپە ئەمدى توسالغۇ ئەمەس ، بىراق بىز تېخى يېتەرلىك بوشلۇق يوقلۇقىدىن شىكايەت قىلىمىز. بىزنىڭ چوڭ پاراخوتلىرىمىز بىزنى ئىلگىرى بېرىپ باقمىغان دېڭىزلارغا تېز ۋە خاتىرجەم ئاپىرىدۇ. بىزنىڭ تۆمۈر يوللىرىمىز بىزنى ئىلگىرى پىيادە چىقىلغان تاغلارغا بىخەتەر ئېلىپ بارىدۇ. ياۋروپا يەھۇدىيلارنى گىتتولارغا يەنى نامراتلار رايونلىرىغا قامىغان چاغدا تېخى بايقالمىغان دۆلەتلەردە مەيدانغا كەلگەن ۋەقەلەر بىر سائەت ئىچىدىلا بىزگە مەلۇم بولىدۇ. شۇڭا يەھۇدىيلارنىڭ پاجىئەسى بىر ئاناخرونىزمدۇر[1] - بۇ يۈز يىل ئىلگىرى ئاقارتىش دەۋرى بولغانلىقى ئۈچۈن ئەمەس ئىدى، چۈنكى ئاقارتىش ئەمەلىيەتتە پەقەت ئەڭ تاللانغان روھلارغىلا يەتكەن ئىدى.

مەن ئېلىپكتىر يورۇقلۇقىنىڭ بىر نەچچە ھاكاۋۇرلارنىڭ مېھمانخا-نىلىرىنى يورۇتۇش ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى ئىنسانىيەتنىڭ بەزى قاراڭغۇ مەسىلىلىرىگە نۇر چېچىش ئۈچۈن ئىجاد قىلىنغان دەپ ئىشىنىمەن. بۇ مەسىلىلەرنىڭ بىرى ۋە ھەقىقەتەن زور بولغىنى يەھۇدىي مەسىلىسىدۇر. بۇنى ھەل قىلىشتا بىز پەقەت ئۆزىمىز ئۈچۈنلا ئەمەس، بەلكى باشقا نۇرغۇن جاپا چەككەن ۋە ئېزىلگەنلەر ئۈچۈنمۇ ئىشلەۋاتىمىز. يەھۇدىي مەسىلىسى تېخىچە مەۋجۇت. بۇنى ئىنكار قىلىش ئەخمىقانىلىك بولاتتى. بۇ ئوتتۇرا ئەسىرلەردىن قالغان قالدۇق بولۇپ، مەدەنىيەتلىك مىللەتلەر قانچىلىك ئۇرۇنۇشىغا قارىماي، تېخىچە ئۇنىڭدىن قۇتۇلالمىغاندەك كۆرۈنىدۇ. ئۇلار بىزنى ئازاد قىلغاندا ھەقىقەتەن ئىستەكلىرىنى سېخىيلارچە نامايەن قىلغانىدى. يەھۇدىي مەسىلىسى يەھۇدىيلار سان جەھەتتىن كۆرۈنەرلىك كۆپ ياشايدىغان ھەر قانداق يەردە مەۋجۇت. يەھۇدىي مەسىلىسى يوق يەرلەردە بولسا، ئۇمۇ يەھۇدىيلار كۆچۈش جەريانىدا تەڭ كۆچۈپ ماڭدى. بىز تەبىئىي ھالدا بىز زىيانكەشلىككە ئۇچرىمايدىغان جايلارغا كۆچىمىز ۋە كۆچكەن جايلىرىمىزدا بىزنىڭ مەۋجۇتلىقىمىز زۇلۇم پەيدا قىلىدۇ يەنى زۇلۇمغا ئۇچرايمىز. بۇ ھەر بىر دۆلەتتە شۇنداق ۋە يەھۇدىي مەسىلىسى سىياسىي ئاساستا ھەل بولمىغۇچە، ھەتتا ئەڭ مەدەنىيەتلىك جايلاردا ـ مەسىلەن، فرانسىيەدە ـ شۇنداق داۋاملىشىدۇ. بەختسىز يەھۇدىيلار ھازىر يەھۇدىي

[1] anachronism: ئۆز مەۋجۇت بولغان دەۋرىدىن باشقا بىر دەۋرگە تەۋە ياكى ماس كېلىدىغان نەرسە، بولۇپمۇ كونىراپ كەتكەن نەرسە

دۈشمەنلىكى ئۇرۇقلىرىنى ئەنگلىيەگە ئېلىپ كېلىۋاتىدۇ؛ ئۇلار ئاللىقاچان ئۇنى ئامېرىكىغا ئېلىپ كىرىپ بولدى.

مەن يەھۇدىي دۈشمەنلىكىنى، ھەقىقەتەن ناھايىتى مۇرەككەپ بولغان بۇ ھەرىكەتنى، چۈشىنىمەن دەپ ئىشىنىمەن. مەن ئۇنىڭغا يەھۇدىي نۇقتىئىنەزىرىدىن قارايمەن، بىراق قورقۇنچ ياكى نەپرەتسىز ھالەتتە قارايمەن. مەن ئۇنىڭدا ئاممىۋى تاماشا، ئادەتتىكى سودا رىقابەتچىلىكى، مىراس قالغان خاتا چۈشەنچە، دىنىي چەكلىمە، ھەمدە ئۆزىنى قوغداش باھانىسى قاتارلىق ئېلېمېنتلارنىڭ نىمە ئىكەنلىكىنى كۆرەلەيمەن. گەرچە ئۇ بەزىدە ئوخشىمىغان شەكىللەرگە ئۆزگىرىپ تۇرسىمۇ، يەھۇدىي مەسىلىسى دىنىي مەسىلىدىنمۇ بەكرەك ئىجتىمائىي مەسىلە ئەمەس دەپ ئويلايمەن. بۇ مىللىي مەسىلە بولۇپ، پەقەت ئۇنى دۇنيا مىقياسىدىكى سىياسىي مەسىلە قىلىپ، دۇنيانىڭ مەدەنىيەتلىك مىللەتلىرى تەرىپىدىن كېڭەشتە مۇزاكىرە قىلىنىپ چارە قىلىنىشى بىلەنلا ھەل قىلىنىدۇ.

بىز بىر خەلقمىز – بىر خەلق.

بىز ھەممە يەردە ئەتراپىمىزدىكى جەمئىيەتلەرنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشىغا سىڭىشىپ كېتىشكە ۋە ئاتا-بوۋىلىرىمىزنىڭ ئېتىقادىنى ساقلاپ قېلىشقا سەمىمىيلىك بىلەن تىرىشتۇق. بىزگە بۇنداق قىلىشقا رۇخسەت بېرىلمەيدۇ. بىز قىممىتى يوق سادىق ۋەتەنپەرۋەرلەرمىز، بەزى جايلاردا بىزنىڭ سادىقلىقىمىز ھەتتا چەكتىن ئاشىدۇ؛ بىز يۇرتداشلىرىمىز بىلەن بىرگە بىكارغا جانلىرىمىز ۋە ماللىرىمىزنى قۇربان قىلىمىز؛ بىز بىكارغا پەن-تېخنىكا ۋە سەنئەتتە، ياكى سودا ۋە تىجارەت بىلەن ئۆز ۋەتىنىمىزنىڭ شۆھرىتىنى ئاشۇرۇشقا تىرىشىمىز. بىز ئەسىرلەر بويى ياشىغان دۆلەتلەردە يەنىلا ياتلار دەپ ئەيىبلىنىمىز ۋە كۆپىنچە ۋاقىتتا يەھۇدىيلار ئاللىقاچان ئازاب-ئوقۇبەتلەرنى بېشىدىن ئۆتكۈزگەن زېمىندا ئەجدادلىرى تېخى ماكانلاشمىغانلار تەرىپىدىن شۇنداق ئەيىپلىنىمىز. كۆپچىلىك كىملەرنىڭ يات ئىكەنلىكىنى قارار قىلىدۇ؛ چۈنكى بۇ، خۇددى مىللەتلەر ئارىسىدىكى مۇناسىۋەتلەردە كېلىپ چىقىدىغان ھەر بىر نۇقتىدەك، كۈچ مەسىلىسىدۇر. مەن بۇ بايانىنى پەقەت بىر شەخس سۈپىتىدە ئۆز نامىمدىن قىلغاندا، مەن بىزنىڭ بۇيرۇلغان ھوقۇقىمىزنىڭ ھېچقانداق قىسمىدىن ۋاز

كەچمەيمەن. ھازىرقى دۇنيادا ۋە كەلگۈسىدىكى مەلۇم بىر مەزگىلدە، كۆچ ھوقۇقتىن بۇرۇن كېلىدۇ. شۇڭا، مەجبۇرىي كۆچمەن بولغان گۇگېنوتلاردەك، بىزنىڭ سادىق ۋەتەنپەرۋەرلەر بولۇشىمىز بىكاردۇر. ئەگەر بىز پەقەت تىنچ قويۇلساقلا...

لېكىن مەن بىزنىڭ تىنچ ۋە ئارامىمىزغا قويۇلمايدىغانلىقىمىزغا ئىشىنىمەن.

زۇلۇم ۋە زىيانكەشلىك بىزنى يوقىتالمايدۇ. يەر يۈزىدىكى ھېچقانداق مىللەت بىز بېشىمىزدىن ئۆتكۈزگەن بۇنداق كۈرەش ۋە ئازاب-ئوقۇبەتلەرگە بەرداشلىق بېرەلمىگەن. يەھۇدىيلارغا قارشى زىيانكەشلىك پەقەت ئاجىزلىرىمىزنى ئېلىپ كەتكەن؛ ئارىمىزدىكى كۈچلۈكلەر ئۇلارغا قارشى زىيانكەشلىك باشلانغاندا ھەمىشە ئۆز ئىرقىغا سادىق بولغان. بۇ پوزىتسىيە يەھۇدىيلارنىڭ ئەركىنلىكىدىن كېيىنكى دەۋردە ئەڭ روشەن نامايەن بولغان. ئىدىيە ۋە ماددىي جەھەتتىن ئىلغار بولغان يەھۇدىيلار ئۆز ئىرقىغا تەۋەلىك ئېڭى ۋە ھېسسىياتىنى پۈتۈنلەي يوقاتقان. بىزنىڭ سىياسىي پاراۋانلىقىمىز ئۇزۇن ۋاقىت داۋاملاشقان ھەر قانداق يەردە، بىز ئەتراپىمىزدىكىلەر بىلەن ئارىلىشىپ كەتتۇق. بۇ قەتئىي سەل قارايدىغان ئىش ئەمەس. شۇڭا، ئۆز مىللىتىدە يەھۇدىي پۈشتىنى كۆرۈشنى خالايدىغان دۆلەت ئەربابى بىزنىڭ سىياسىي پاراۋانلىقىمىزنىڭ داۋاملىشىشىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىشقا مەجبۇر بولىدۇ؛ ھەتتا بىسماركمۇ بۇنى قىلالمايدۇ. چۈنكى بىزگە قارشى كونا خاتا چۈشەنچىلەر يەنىلا خەلقنىڭ قەلبىدە چوڭقۇر ياتىدۇ. بۇنىڭغا دەلىل ئىزدىگەنلەر پەقەت خەلقنىڭ ئوچۇق-يورۇق ۋە ئاددىي سۆزلىشىگە قۇلاق سالسىلا بولىدۇ: ماقال-تەمسىل ۋە چۆچەكلەرنىڭ ھەممىسى يەھۇدىي دۈشمەنلىكىگە تولغان. ياخشى بالىدەك بىر مىللەت ھەر يەردە بار، ئۇنى چوقۇم تەربىيىلىگىلى بولىدۇ. لېكىن ئۇنىڭ تەربىيىسى، ھەتتا ئەڭ قولايلىق شارائىتلاردىمۇ، شۇنچە ئۇزۇن ۋاقىت ئىگىلەيدۇكى، بىز، يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغاندەك، بۇ جەرياننى تاماملىنىشىدىن ئىلگىرى باشقا ۋاسىتىلەر بىلەن ئۆز قېيىنچىلىقلىرىمىزنى ھەل قىلالايمىز.

ئاسسىمىلياتسىيە، مەن چۈشىنىشىمچە پەقەت كىيىم-كېچەك، ئادەت، ئۆرپ-ئادەت ۋە تىلدىكى، ياكى تاشقى كۆرۈنۈشتىكى ئوخشاشلىقلا ئەمەس، بەلكى ھېس-تۇيغۇ ۋە ئۇسلۇبتىكى ئوخشاشلىقنىمۇ كۆر-

سىتتىدۇ. يەھۇدىيلارنىڭ ئاسسىمىلاتسىيە بولۇشىنى پەقەت ئارىلاش نىكاھ ئارقىلىقلا ئەمەلگە ئاشۇرغىلى بولىدۇ. لېكىن ئارىلاش نىكاھنىڭ زۆرۈرلىكى كۆپچىلىك تەرىپىدىن ھېس قىلىنىشى كېرەك ئىدى؛ ئۇنىڭ قانۇندا ئېتىراپ قىلىنىشىلا يېتەرلىك بولمايدۇ.

يېقىندا ئارىلاش نىكاھقا قانۇني ھوقۇق بەرگەن ۋېنگرىيە لىبېراللىرى دەسلەپكى ۋەقەلەرنىڭ بىرىدە كۆرۈنەرلىك بىر خاتالىق ئۆتكۈزدى؛ خرىستىيانلىق بىلەن يۇيۇندۇرۇلغان[1] بىر يەھۇدىي بىر يەھۇدىي ئايالنى ئالغان. شۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە، نىكاھنىڭ ھازىرقى ئۇسۇلىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن ئېلىپ بېرىلغان تىرىشچانلىقلار يەھۇدىيلار بىلەن خرىستىئانلار ئوتتۇرىسىدىكى پەرقلەرنى تېخىمۇ روشەن قىلدى، نەتىجىدە ئىرقلارنىڭ بىرلىشىشىگە ياردەم قىلىشتىن بەكرەك توسقۇنلۇق قىلدى.

يەھۇدىيلارنىڭ باشقا مىللەتلەر بىلەن سىڭىشىش ئارقىلىق يوقىلىشىنى ھەقىقەتەن كۆرۈشنى خالايدىغانلار، بۇنى پەقەت بىر يول بىلەن روياپقا چىقىشىنى ئۈمىد قىلالايدۇ. يەھۇدىيلار ئاۋۋال ئۇلارغا قارشى كونا ئىجتىمائىي خاتا چۈشەنچىلەرنى ۋە بىر تەرەپلىمە قاراشلارنى يېڭىشقا يېتەرلىك دەرىجىدە چوڭ ئىقتىسادىي كۈچكە ئىگە بولۇشى كېرەك. ئاقسۆڭەكلەر سىنىپى بۇنىڭغا مىسال بولالايدۇ، چۈنكى ئۇلارنىڭ ئارىسىدا نىسبەتەن جەھەتتىن ئارىلاش نىكاھلار ئەڭ كۆپ يۈز بېرىدۇ. كونا ئاقسۆڭەكلەرنى ئۆز پۇللىرى بىلەن قايتا شەكىللەندۈرگەن يەھۇدىي ئائىلىلىرى ئاستا-ئاستا ئاسسىمىلياتسىيە بولۇپ كېتىدۇ. لېكىن بۇ ھادىسە يەھۇدىي مەسىلىسى ئاساسلىق ئورۇندا تۇرىدىغان ئوتتۇرا قاتلامدا (يەھۇدىيلار بۇرژۇئازىيە خەلق بولغاچقا) قانداق بولىدۇ؟ بۇرۇن قولغا كەلتۈرۈلگەن كۈچ ۋە نوپۇز يەھۇدىيلارنىڭ ئاللىقاچان خاتا دەپ جاكارلانغان ئىقتىسادىي ئۈستۈنلۈك بىلەن ماس كېلەتتى. ئەگەر ئۇلارنىڭ ھازىر ئىگە بولغان كۈچى يەھۇدىي دۈشمەنلىرى ئارىسىدا غەزەپ ۋە نارازىلىق پەيدا قىلسا، كۈچىنىڭ مۇنداق ئېشىشى قانداق پارتلاشلارنى ۋە ئاقىۋەتلەرنى پەيدا قىلار ئىدى؟ شۇڭا،ئۆزگىلەرگە سىڭىپ كېتىشكە بولغان تۇنجى قەدەم ھېچقاچان بېسىلمايدۇ، چۈنكى بۇ قەدەم كۆپچىلىكنىڭ ھازىرغىچە كەمسىتىلگەن، ئۆزىنىڭ ھەربىي ياكى

---

[1] baptize

باشقۇرۇش كۈچى بولمىغان ئاز سانلىقتا بويسۇنۇشىنى تەلەپ قىلاتتى. شۇڭا، مەن يەھۇدىيلارنىڭ ئۆز باياشاتلىقى ئارقىلىق ئۆزگىلەرگە سىڭىپ كېتىشىنى مۇمكىن ئەمەس دەپ قارايمەن. ھازىر يەھۇدىي دۈشمەنلىكى بار دۆلەتلەردە مېنىڭ كۆز قارىشىم تامامەن مۇئەييەنلەشتۈرۈلىدۇ. ھازىر يەھۇدىيلار ئۆزىنى خاتىرجەم ۋە راھەت ھېس قىلىدىغان يەرلەردە، بۇنى ئېھتىمال كۈچلۈك رەت قىلىدۇ. مېنى بىرئاز خۇشال قىلىدىغان دىنداشلىرىم يەھۇدىيلارغا قىلىنغان زىيانكەشلىك ئۇلارغا ھەقىقەتنى ئۆگەتكۈچە ماڭا ئىشەنمەيدۇ؛ چۈنكى يەھۇدىي دۈشمەنلىكى قانچە ئۇزۇن ۋاقىت نەزەردىن ساقىت تۇرسا، ئۇ شۇنچە شىددەتلىك پارتلايدۇ. قارىماققا بىخەتەرلىكى بىلەن بىر زېمىنغا ياكى دۆلەتكە جەلپ قىلىنغان كۆچمەن يەھۇدىيلارنىڭ سىڭىپ كىرىشى ۋە يەرلىك يەھۇدىيلارنىڭ ئىجتىمائىي مەرتىۋىدە كۆتۈرۈلۈشى، بىر ئىنقىلابنى كەلتۈرۈپ چىقىرىش ئۈچۈن كۈچتە بىرلىشەلەيدۇ. ھېچ نەرسە بۇ ئەقلىي خۇلاسىدىن روشەن ئەمەس.

مەن بۇ خۇلاسىنى ھەقىقەتنى ئىزدەشتىن باشقا ھەممە نەرسىگە پۈتۈنلەي بىپەرۋالىق بىلەن چىقارغانلىقىم ئۈچۈن، مەن ئېھتىمال ياخشى ئەھۋالدىكى يەھۇدىيلار تەرىپىدىن ئىنكار قىلىنىش ۋە قارشىلىققا ئۇچرايمەن. ئەگەر شەخسىي مەنپەئەتلەرلا ئەندىشىلىك ياكى قورقۇنچاق ئىگىلىرى تەرىپىدىن خەتەر ئىچىدە دەپ قارالسا، ئۇلارنى بىخەتەرلىكتىن ساقىت قىلغىلى بولىدۇ، چۈنكى كەمبەغەل ۋە ئېزىلگەنلەرنىڭ ئەندىشىلىرى ئۇلارنىڭكىگە قارىغاندا مۇھىمراق. لېكىن مەن باشتىنلا ھەر قانداق خاتا چۈشىنىشنىڭ پەيدا بولۇشىنى ئالدىن توسۇشنى خالايمەن. ئەگەر مېنىڭ لايىھەم ئەمەلگە ئېشىپ قالسا، يەھۇدىيلارنىڭ ھازىر ئىلكىدىكى مال- مۈلكلەرگە ئەڭ كىچىك زىيان يەتكۈزىدۇ دېگەندەك خاتا پىكىرنىڭ پەيدا بولۇشىنى توسۇشنى خالايمەن. شۇڭا مەن مۈلكىيەت ھوقۇقلىرى بىلەن باغلانغان ھەر نەرسىنى تولۇق چۈشەندۈرىمەن. ئەگەر پىلانىم پەقەت ئەدەبىي پارچە بولۇپ قالسا، ھەممە نەرسە ھازىرقىدەكلا قالىدۇ. كىشىلەر مېنى تەنقىد قىلىشى مۇمكىن. ئۇلار مۇنداق دېيىشى مۇمكىن: «سەن بىز بىر خەلق دەۋاتىسەن. بۇ يەھۇدىي دۈشمەنلىكىگە تېخىمۇ كۆپ سەۋەب بېرىدۇ. سەن يەھۇدىيلارنىڭ باشقا مىللەتلەرگە سىڭىپ كېتىشىگە توسالغۇ بولىسەن. ئاسسىمىلياتسىيەلىشىشىمىز تاماملىنىپ بولغان يەردە ئۇنى

خەتەرگە ئىتتىرىسەن.» بۇ ئەيىبلەشلەر توغرا بولۇشى مۇمكىن. لېكىن يالغۇز بىر يازغۇچى قانچىلىك كۈچكە ئىگە بولالايدۇ؟

بۇ ئېتىراز ۋە ئەيىبلەشلەر بولۇپمۇ فرانسىيەدە باش كۆتۈردى. ئۇ ئېھتىمال باشقا دۆلەتلەردىمۇ بولىدۇ، لېكىن مەن پەقەت فرانسۇز يەھۇدىيلىرىگە ئالدىن جاۋاب بېرىمەن، چۈنكى بۇلار مېنىڭ قارشىمغا تىپىك مىسال بولالايدۇ. مەن كۈچلۈك شەخسلەرگە چوڭقۇر ھۆرمەت قىلىمەن. مەسىلەن، سىياسەتچىلەر، ئىجادكارلار، سەنئەتكارلار، پەيلاسوپلار، رەھبەرلەر. شۇنداقلا تارىخىي ۋە ئەنئەنىۋى گۇرۇپپىلارنىڭ كوللېكتىپ كىملىكىگىمۇ ھۆرمەت قىلىمەن. مەن ئۇلارغا قانچىلىك ھۆرمەت قىلىشىمدىن قەتئىينەزەر، ئۇلارنىڭ يوقىلىشىدىن قىلچە ئۆكۈنمەيمەن. كىم يوقىلىدىغان بولسا ۋە يوق بولۇشقا مەجبۇر بولسا يوقالسۇن. لېكىن يەھۇدىيلارنىڭ ئۆزىگە خاس مىللىيلىكى يوق بولمايدۇ، يوق قىلىنالمايدۇ. چۈنكى يوقىلىپ كەتمەسلىكىنىڭ ئۈچ سەۋەبى بار: **بىرىنچىسى:** ئۇ يوقىلىپ كەتمەيدۇ. چۈنكى تاشقى دۈشمەنلەر يەھۇدىيلارنى مۇستەھكەملەيدۇ. **ئىككىنچىسى:** ئۇ يوقىلىشنى خالىمايدۇ. بۇنى ئىككى مىڭ يىللىق قورقۇنچلۇق ئازابلار دەلىللەيدۇ. **ئۈچىنچىسى** : ئۇ يوقىلىشى كېرەك ئەمەس. مەن بۇنى بۇ كىتابچىدا ئىسپاتلاشقا تىرىشىۋاتىمەن. چۈنكى مەن ئۈمىدىنى يوقاتمىغان سانسىز يەھۇدىيلارنىڭ ئەۋلادىمەن. يەھۇدىيلارنىڭ پۈتاق-شاخلىرى قۇرۇپ چۈشۈشى مۇمكىن. لېكىن غولى ۋە يىلتىزى ساق قالىدۇ. شۇڭا فرانسىيە يەھۇدىيلىرى «بىز باشقا مىللەتكە سىڭىپ كەتتۇق» دەپ مېنىڭ پىلانىمنى رەت قىلسا، جاۋابىم ئاددىي: بۇ ئىش ئۇلارنى قىلچە ئالاقىدار قىلمايدۇ. ئۇلار يەھۇدىي فرانسۇزلار. دۇرۇس! بۇ پەقەت يەھۇدىيلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ شەخسىي ئىشى، خالاس.

مەن تەكلىپ قىلىۋاتقان دۆلەتنى تەشكىللەش يۆنىلىشىدىكى ھەرىكەت، ئەلۋەتتە، يەھۇدىي فرانسۇزلارغا باشقا دۆلەتلەردىكى يەرلىكلەرگە «سىڭىپ كەتكەن» يەھۇدىيلارغا يەتكۈگەنچىلىك زىيان يەتكۈزمەيتتى. ئەكسىچە، بۇ ئۇلارنىڭ پايدىسىغا بولاتتى. چۈنكى ئۇلار داروننىڭ سۆزىدە ئېيتقاندەك، ئۆزلىرىنىڭ «رەڭلىك دۇنياسى»دا بىئارام قىلىنمايتتى، بەلكى تىنچلىق ئىچىدە ئارىلىشىپ ياشىيالايتتى، چۈنكى ھازىرقى يەھۇدىي دۈشمەنلىكى مەڭگۈگە توختىتىلغان بولاتتى. ئەگەر ئۇلار يېڭى يەھۇدىي دۆلىتى، ئۈستۈن ئىمتىيازلىرى بىلەن بىرگە

رېئاللىقتا ئايلانغاندىن كېيىنمۇ، جايلاشقان زېمىندا ياشاشنى داۋاملاشتۇرسا، ئۇلارنى چوقۇم جانلىرىنىڭ چوڭقۇر قاتلىرىغىچە يەرلىكلەرگە سىڭىپ كەتتى دەپ ئىشىنىشكە بولاتتى.

ئاسسىمىلياسىيە بولغان يەھۇدىيلار دىندار يەھۇدىيلارنىڭ كېتىشى بىلەن خىرىستىيان پۇقرالاردىنمۇ كۆپ پايدا كۆرەتتى. چۈنكى ئۇلار نامراتلىق ۋە سىياسىي بېسىم ئاستىدا جايدىن جايغا، زېمىندىن زېمىنغا ھەيدەلگەن يەھۇدىي پرولېتارىياتىنىڭ بىئارام قىلىدىغان، مۆلچەرلىگۈسىز ۋە مۇقەررەر رىقابىتىدىن قۇتۇلغان بولاتتى. بۇ داۋاملىق كۆچۈپ يۈرگەن پرولېتارىيات مۇھىم ئورۇنغا جايلاشتى. نۇرغۇن خىرىستىيان پۇقرالار - بىز ئۇلارنى يەھۇدىي دۈشمەنلىرى دەپ ئاتايمىز - ھازىر چەتئەللىك يەھۇدىيلارنىڭ كۆچۈپ كىرىشىگە قەتئىي قارشىلىق كۆرسىتىدۇ. گەرچە بۇ يەھۇدىي پۇقرالارغا تېخىمۇ بىۋاستە تەسىر قىلسىمۇ، ئۇلار بۇنداق قىلالمايدۇ. چۈنكى ئۇلار ئەڭ ئاۋۋال ئوخشاش كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىدىغان كىشىلەرنىڭ كەسكىن رىقابىتىنى ھېس قىلىدۇ. بۇ كىشىلەر يەنە يەھۇدىي دۈشمەنلىكى مەۋجۇت بولمىغان يەرگە كىرگۈزىدۇ ياكى مەۋجۇت بولغان يەردە بولسا كۈچەيتىدۇ. ئاسسىمىلاتسىيە بولغانلار بۇ يوشۇرۇن نارازىلىقنى خەير-ساخاۋەت ئىشلىرىدا ئىپادىلەيدۇ. ئۇلار سەرگەردان يەھۇدىيلار ئۈچۈن كۆچۈش جەمئىيەتلىرىنى تەشكىللەيدۇ. بۇ ئەھۋالنىڭ ئەگەر ئىنسانلار بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولمىسا كۈلكىلىك باشقا تەرىپىمۇ بار. بۇ خەير-ساخاۋەت تەشكىلاتلىرىنىڭ بەزىلىرى زۇلۇم كۆرگەن يەھۇدىيلار ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى ئۇلارغا قارشى قۇرۇلغان. ئۇلار بۇ بىچارىلەرنى ئىمكانقەدەر تېز ۋە يىراققا يوللاش ئۈچۈن قۇرۇلغان. قىسقىسى، يەھۇدىيلارنىڭ نۇرغۇن كۆرۈنۈشتىكى دوستلىرى دىققەت كۆزىتىلگەندە، خەير-ساخاۋەتچى قىياپىتىگە كىرىۋالغان يەھۇدىي نەسلىلىك يەھۇدىي دۈشمەنلىكتىن باشقا نەرسە ئەمەسلىكى ئايان بولىدۇ.

ھەقىقىي خەير-ساخاۋەتچىلەر مۇستەملىكىلەشتۈرۈش ئۈچۈن تىرىشچانلىق كۆرسەتتى. بۇ غەلىتىلا تىرىشچانلىق ئىدى. لېكىن ھازىرغىچە مۇۋەپپەقىيەتسىز بولدى. مەن بۇ ئىشنى بىر ئويۇن دەپ قارىمايمەن. پالانچى كىشىلەر كۆڭۈل ئېچىش ئۈچۈن قىلدى، دەپمۇ ئويلىمايمەن. ھەتتا ئۇلار نامرات يەھۇدىيلارنىڭ كۆچۈشىدىن ئات چاپتۇرۇشتەك زوق ئالدى، دەپ ئويلىمايمەن. بۇ ئىش بەك جىددىي ۋە

ئېچىنىشلىق ئىدى. بۇنداق مۇئامىلە قىلىشقا بولمايدۇ. بۇ تىرىشچانلىقلار ھەقىقەتەن غەلىتە ئىدى. چۈنكى ئۇلار مىكرو جەھەتتىن يەھۇدىي دۆلىتى ئىدىيەسىنىڭ ئەمەلىي مىسالى ئىدى. ئۇلار پايدىلىقمۇ ئىدى. چۈنكى ئۇلارنىڭ خاتالىقلىرىدىن ساۋاق ئالالايمىز. بۇ تەجرىبە چوڭراق ئىشلارنى مۇۋەپپەقىيەتلىك قىلىشقا ياردەم قىلىدۇ. ئەلۋەتتە، ئۇلار زىيانمۇ كەلتۈردى. يەھۇدىي دۈشمەنلىكى يېڭى رايونلارغا تارقالدى. بۇ سۈنئىي كۆچۈرۈشنىڭ تەبىئىي نەتىجىسى ئىدى. لېكىن بۇ ماڭا ئەڭ كىچىك يامانلىق بولۇپ كۆرۈندۇ. ئەسلى مەسىلە باشقا ئىدى. قانائەتلەندۈرەرلىك بولمىغان نەتىجىلەر ئەقىللىق ئادەملەردە شەك پەيدا قىلىدۇ. ئۇلار ئويلايدۇ: «ئۇ كىچىك مىقياستا بولمىدى. چوڭ مىقياستىمۇ بولمايدۇ.» لېكىن بۇ خاتا. كىچىك مىقياستا بولمىغان نەرسە چوڭ مىقياستا بولۇشى مۇمكىن. كىچىك تەشەببۇس چوڭ تەشەببۇسنى پايدىلىق قىلىدىغان شارائىتتا زىيانغا سەۋەب بولۇشى مۇمكىن. مىسال: بىر ئېرىقتا قېيىقلارمۇ ماڭالمايدۇ. لېكىن ئۇ قۇيۇلىدىغان دەريادا چوڭ تۆمۈر كېمىلەر راھەت ئۈزىدۇ.

ھېچقانداق ئىنسان بىر مىللەتنى بىر يەردىن يەنە بىر يەرگە كۆچۈرۈشكە يېتەرلىك بايلىق ياكى كۈچكە ئىگە ئەمەس. پەقەت بىر ئىدىيەلا بۇنى ئەمەلگە ئاشۇرالايدۇ. بۇ دۆلەت ئىدىيەسى بۇنى قىلىش ئۈچۈن زۆرۈر كۈچكە ئىگە بولىدۇ. يەھۇدىيلار ئۆزلىرىنىڭ ئۇزۇن تارىخىدا بۇ دۆلەت چۈشىنى كۆرۈپ كەلگەن. «كېلەر يىلى يېرۇسالېمدا» بىزنىڭ كونا سۆز ئىبارىمىزدۇر. ئەمدى بۇ چۈشنى ھەقىقىي رېئاللىققا ئايلاندۇرۇش تەخىرسىز بولۇپ قالدى.

بۇنىڭ ئۈچۈن، كونا چۈشەنچىلەر ئىنسانلارنىڭ ئەقلىدىن ئۆچۈرۈلۈشى كېرەك. بۇ چۈشەنچىلەر كونا، قالاق، قالايمىقان ۋە چەكلەنگەندۇر. گال ئەقىللەر بۇ كۆچۈشنى خاتا چۈشىنىشى مۇمكىن، ئۇلار بۇنى مەدەنىيەتلىك رايونلاردىن چۆلگە كىرىش دەپ ئويلىشى مۇمكىن. ئەھۋال ئۇنداق ئەمەس. كۆچۈش مۇئەييەن مەدەنىيەت ئىچىدە ئېلىپ بېرىلىدۇ. بىز قانداقتۇر ئىپتىدائىي باسقۇچقا قايتمايمىز. بىز يۇقىرى باسقۇچقا كۆتۈرۈلىمىز. بىز لاي كەپىلەردە تۇرمايمىز. بىز يېڭى، تېخىمۇ گۈزەل ۋە تېخىمۇ زامانىۋى ئۆيلەرنى قۇرىمىز. ئۇلار ئارقىلىق بىخەتەرلىككە ئىگە بولىمىز. بىز ئېرىشكەن مال-مۈلۈكلىرىمىزنى يوقاتمايمىز. بىز ئۇلارنى تېخىمۇ بېيىتىمىز. بىز پەقەت تېخىمۇ

ياخشىلىرىغا ئېرىشىش ئۈچۈن ياخشى ئىشلەپ تاپقان ھەقلىرىمىزنى تاپشۇرىمىز، خالاس. بىز قىممەتلىك ئادەتلىرىمىزدىن ۋاز كەچمەيمىز. بىز ئۇلارنى قايتا تاپىمىز. بىز يېڭى ئۆيىمىز تەييارلانغۇچە كونا ئۆيىمىزنى تاشلاپ كەتمەيمىز. پەقەت ئۆز ئەھۋالىنى ياخشىلىيالايدىغانلىقىغا ئىشەنگەنلەرلا ئايرىلىدۇ. كىم ئالدىدا كېتىدۇ؟ ھازىر ئۈمىدسىزلەنگەنلەر ئەڭ ئالدىدا كېتىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن كەمبەغەللەر كېتىدۇ. ئاندىن ئوتتۇرا ھاللىقلار كېتىدۇ. ئەڭ ئاخىرىدا بايلار كېتىدۇ. ئالدىدا كەتكەنلەر ئۆزلىرىنى يۇقىرى دەرىجىگە كۆتۈرىدۇ. بۇ دەرىجە كېيىن كەلگەنلەرگە تەڭ بولىدۇ. نەتىجىدە، تۇرۇۋاتقان جايلاردىن تاشلاپ چىقىپ كېتىش شۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە ئىجتىمائىي ئورۇن ۋە سىنىپنىڭ كۆتۈرۈلۈشى بولىدۇ.

يەھۇدىيلارنىڭ تۇرۇۋاتقان يەرلىرىنى تاشلاپ كېتىشى ھېچقانداق ئىقتىسادىي قالايمىقانچىلىق كەلتۈرۈپ چىقارمايدۇ. كىرىزىس ياكى زىيانكەشلىكلەرمۇ كەلتۈرمەيدۇ. ئەمەلىيەتتە، ئۇلار تاشلاپ كەتكەن دۆلەتلەر يېڭى گۈللىنىش دەۋرىگە قايتىدۇ. يەھۇدىيلار بوشاتقان ئورۇنلارغا خرىستىيان پۇقرالار كۆچۈپ كىرىدۇ. چىقىپ كېتىش ئېقىمى ئاستا-ئاستا بولىدۇ. ھېچقانداق بۇزغۇنچىلىق بولمايدۇ. ئۇنىڭ دەسلەپكى ھەرىكىتى يەھۇدىي دۈشمەنلىكىگە خاتىمە بېرىدۇ. يەھۇدىيلار ھۆرمەتلەنگەن دوستلار سۈپىتىدە يەنى ئۆز ئىززىتى بىلەن چىقىپ كېتىدۇ. ئەگەر ئۇلارنىڭ بەزىلىرى قايتىپ كەلسە، دوستانە قارشى ئېلىنىدۇ. مەدەنىيەتلىك مىللەتلەر بارلىق چەتئەللىك زىيارەتچىلەرگە قانداق مۇئامىلە قىلسا، ئۇلارغىمۇ شۇنداق مۇئامىلە قىلىدۇ. ئۇلارنىڭ چىقىپ كېتىشى قېچىشقا ئوخشىمايدۇ. چۈنكى ئۇ جامائەت پىكرى كونترولى ئاستىدىكى يولغا قويۇلغان ھەرىكەت بولىدۇ. بۇ ھەرىكەت مۇتلەق قانۇنغا ئۇيغۇن ھالدا باشلىنىدۇ. مەنپەئەتدار ھۆكۈمەتلەرنىڭ دوستانە ھەمكارلىقىسىز ئېلىپ بېرىلمايدۇ. ئۇلار بۇنىڭدىن خېلى كۆپ مەنپەئەتلەرگە ئېرىشىدۇ.

پىكىرنىڭ پۈتۈنلۈكى ۋە ئۇنىڭ ئىجراسى ئىشەنچلىك بىر تەشكىلات قۇرۇش بىلەن ئەمەلگە ئاشىدۇ. بۇ تەشكىلات «يەھۇدىيلار جەمئىيىتى» دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇنىڭغا قوشۇمچە يەنە بىر يەھۇدىي شىركىتى بولىدۇ. ئۇ ئىقتىسادىي جەھەتتىن ئۇنۇملۇك بىر گەۋدە بولىدۇ.

بۇ چوڭ ۋەزىپىنى يالغۇز ئۆز ئۈستىگە ئېلىشقا تىرىشقان شەخس ساختىپەز ياكى ساراڭ بولىدۇ. تەشكىلات ئەزالىرىنىڭ شەخسىي خاراكتېرى ئۇنىڭ ئىشەنچىلىكىنى كاپالەتلەندۈرىدۇ. شىركەتنىڭ يېتەرلىك كاپىتالى ئۇنىڭ مۇقىملىقىنى ئىسپاتلايدۇ.

بۇ كىرىش بايانلىرى پەقەت «يەھۇدىي دۆلىتى» دېگەن ئىبارىنىڭ ئۆزى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان قارشىلىقلارغا قىسقىچە جاۋاب بېرىش ئۈچۈندۇر. بۇنىڭدىن كېيىن بىز باشقا قارشىلىقلارنى ھەل قىلىش ئۈچۈن ئاستا ئىلگىرىلەيمىز. ھازىرغىچە پەقەت كۆرسىتىلگەن نەرسىلەرنى تەپسىلىي چۈشەندۈرىمىز. بىز بۇ كىتابچىنى زېرىكىشلىك بايانلارغا ئايلاندۇرماسلىق ئۈچۈن تىرىشىمىز. شۇڭا قىسقا بابلار مەقسەتكە ئەڭ ياخشى ماس كېلىدۇ.

ئەگەر مەن كونا بىنانىڭ ئورنىغا يېڭى بىنا قۇرۇشنى خالىسام، مەن قۇرۇشتىن بۇرۇن چېقىشىم كېرەك. شۇڭا مەن بۇ تەبىئىي تەرتىپنى ساقلايمەن. بىرىنچى ۋە ئومۇمىي قىسىمدا مەن پىكىرلىرىمنى بايان قىلىمەن. بارلىق بىر تەرەپلىمە قاراشلارنى يوق قىلىپ، ئاساسىي سىياسىي ۋە ئىقتىسادىي بولغان شەرتلەرنى بەلگىلەيمەن ۋە پىلاننى تەرەققىي قىلدۇرىمەن.

ئالاھىدە قىسىمدا مەن ئۇنىڭ ئىجراسىنى تەسۋىرلەيمەن. ئۇ ئۈچ ئاساسىي بۆلۈمگە بۆلۈنگەن: يەھۇدىي شىركىتى، يەرلىك گۇرۇپپىلار ۋە يەھۇدىيلار جەمئىيىتى. ئەمەلىيەتتە جەمئىيەت ئالدى بىلەن قۇرۇلىدۇ، شىركەت ئاخىرىدا قۇرۇلىدۇ. لېكىن بۇ بايانلاردا تەتۈر تەرتىپ ياخشىراق، چۈنكى بۇ كارخانىنىڭ مالىيە ساغلاملىقى ھەققىدە سوئاللار قويۇلىدۇ. شۇڭا بۇ جەھەتتىكى گۇمانلار ئالدى بىلەن يوقىتىلىشى كېرەك.

خۇلاسىدە، مەن مۇمكىن بولغان ھەر قانداق باشقا قارشىلىقلارنى ھەل قىلىشقا تىرىشىمەن. يەھۇدىي ئوقۇرمەنلىرىم مېنى ئاخىرغىچە سەۋرچانلىق بىلەن ئەگىشىدۇ دەپ ئۈمىد قىلىمەن. بەزىلەر تەبىئىي ھالدا ئۆزلىرىنىڭ ئېتىرازلىرىنى ۋە تەنقىدلىرىنى قىلىدۇ. ئۇلار مېنىڭ رەت قىلىش ئۈچۈن تاللانغان تەرتىپتىن باشقا تەرتىپتە قىلىدۇ. لېكىن كىمكى ئۆزىنىڭ گۇمانلىرىنىڭ تارقىلىپ كەتكەنلىكىنى بايقىسا، بۇ ئىشقا سادىق بولۇشى كېرەك.

مەن ئەقىل-پاراسەت توغرىسىدا سۆزلىسەممۇ، ئەقىل-پاراسەتنىڭ ئۆزىلا يېتەرلىك بولمايدىغانلىقىنى تولۇق بىلىمەن. كونا مەھبۇسلار ئۆز كامېرلىرىنى خۇشاللىق بىلەن تاشلاپ كەتمەيدۇ. بىزگە ياشلار كېرەك. ئۇلار بىزنىڭ بۇيرۇقىمىزغا بويسۇنامدۇ يوقمۇ كۆرىمىز. بىزگە كېرەك بولغان ياشلار پىكىرلىرىمگە قارشىلىق قىلمايدىغان، چوڭلارنى ئۆزلىرى بىلەن ئېلىپ ماڭىدىغان، كۈچلۈك قوللىرى بىلەن ئۇلارنى ئالغا باشلايدىغان ۋە ئەقىلگە مۇۋاپىق سەۋەبلەرنى ئىلھامغا ئايلاندۇرىدىغان ياشلاردۇر.

# 2-باپ: يەھۇدىي مەسىلىسى

ھېچكىم يەھۇدىيلارنىڭ ۋەزىيىتىنىڭ ئېغىرلىقىنى ئىنكار قىلالمايدۇ. ئۇلار كۆپ ساندا ياشايدىغان يەرلەردە زىيانكەشلىككە ئۇچرايدۇ. قانۇن بويىچە بېرىلگەن باراۋەرلىكى ئەمەلىيەتتە يوق. ئۇلار ئارمىيەدە ياكى ئاممىۋى ۋە شەخسىي ئورۇنلاردا چەكلىنىدۇ. ھەتتا ئوتتۇراھال يۇقىرى ئورۇنلارنىمۇ ئالالمايدۇ. ئۇلارنى تىجارەتتىنمۇ قوغلاپ چىقىرىش بار: «يەھۇدىيلاردىن سېتىۋالماڭلار!»

ئۇلارغا پارلامېنتتا، يىغىنلاردا، مەتبۇئاتتا، ۋەز مۇنبىرىدە، كوچىدا ھۇجۇملار بار. سەپەرلەردە مەلۇم مېھمانخانىلاردىن چەكلىنىدۇ. ھەتتا كۆڭۈل ئېچىش جايلىرىدىمۇ ھۇجۇملار كۈنسېرى كۆپىيىۋاتىدۇ. زىيانكەشلىك شەكىللىرى ھەر يەردە ئوخشاش ئەمەس. ئۇ دۆلەت ۋە ئىجتىمائىي مۇھىتقا قاراپ ئوخشىمايدۇ. رۇسىيەدە يەھۇدىي يېزىلىرىغا ئالاھىدە سېلىق سېلىنىدۇ، رۇمىنىيەدە بىرنەچچە ئادەم ئۆلتۈرۈلىدۇ، گېرمانىيەدە ئۇلار بەزىدە دۇمبالىنىدۇ، ئاۋستىرىيەدە يەھۇدىي دۈشمەنلىرى پۈتكۈل ئاممىۋى ھاياتقا تېررورلۇق قىلمىشلىرى بىلەن زىيان بېرىدۇ ، ئالجىرىيەدە كېزىپ يۈرگەن قۇتراتقۇچىلار بار، پارىژدا يەھۇدىيلار ئەڭ ياخشى ئىجتىمائىي چەمبىرەكلەردىن چىقىرىۋېتىلىدۇ. يەھۇدىيغا قارشى ھېسسىياتنىڭ تۈرلىرى ساناقسىز. بىراق بۇ قانداقتۇر يەھۇدىيلارنىڭ قىيىنچىلىقلىرىنىڭ ئېچىنىشلىق تىزىملىكىنى چىقىرىش ئەمەس.

مەن بىز ئۇچۇن ھېسداشلىق قوزغاش نىيىتىدە ئەمەسمەن. بۇ ئەخمىقانە، بىھۇدە ۋە شەرەپسىزلارچە ئىش بولاتتى. مەن يەھۇدىيلارغا تۆۋەندىكى سوئاللارنى قويىمەن: بىز كۆپساندا ياشايدىغان دۆلەتلەردە يەھۇدىي ئادۋوكاتلار، دوختۇرلار، تېخنىكلار، ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئورنىنىڭ كۈنسېرى تاقەت قىلغۇسىز دەرىجىدە يامانلىشىپ كېتىۋاتقانلىقى راست ئەمەسمۇ؟ يەھۇدىيلارنىڭ ئوتتۇرا قاتلىمى ئېغىر تەھدىتكە

ئۇچراۋاتقىنى چىن ئەمەسمۇ؟ توپ-توپ ئادەملەرنىڭ ھېسسىياتى بايلىرىمىزغا قارشى قۇترىتىلىپ كېلىۋاتقانلىقى يالغانمۇ؟ نامراتلى-رىمىزنىڭ باشقا پرولېتارىياتتىن تېخىمۇ ئېغىر ئازاب چېكىۋاتقىنى رىئاللىق ئەمەسمۇ؟ مەن بۇ تاشقى بېسىمنىڭ ھەممە يەردە ھېس قىلىنىۋاتقىنىنى ئويلايمەن. ئىقتىسادىي جەھەتتىن ئۇ ئوخشىمىغان تەسىرلەر كۆرسىتىدۇ: يۇقىرى تەبىقىلىرىمىزدە قولايسىزلىق كەلتۈرىدۇ، ئوتتۇرا تەبىقىلىرىمىزدە داۋاملىق ۋە ئېغىر ئەندىشىلەرنى كەلتۈرىدۇ، تۆۋەن تەبىقىلىرىمىزدە مۇتلەق ئۈمىدسىزلىكنى كەلتۈرىدۇ.

ئەمەلىيەتتە، ھەممە نەرسە بېرلىنىنىڭ كلاسسىك ئىبارىسىدىن كېلىدۇ. ئۇ ئىبارە روشەن بايان قىلىنغان خۇلاسىنى بىلدۈرىدۇ: «يۇدېن راۋس!» (يەھۇدىيلار، چىقىپ كېتىڭلار!)

مەن ئەمدى مەسىلىنى ئەڭ قىسقا شەكىلدە ئوتتۇرىغا قويىمەن: بىز ھازىر «چىقىپ كېتىشىمىز» كېرەكمۇ؟ قەيەرگە؟

ياكى، يەنە قالساق بولامدۇ؟ قانچىلىك ئۇزۇن؟

بىز تۇرغان يەردە قېلىش مەسىلىسىنى بىرىنچى بولۇپ ھەل قىلايلى. بىز ياخشىراق كۈنلەرنى ئۈمىد قىلالامدۇق؟ بىز روھىمىزنى سەۋرچانلىق بىلەن تۇتالامدۇق؟ بىز ياۋاشلارچە بويسۇنۇپ، بۇ دۇنيانىڭ شاھزادىلىرى ۋە خەلقلىرى بىزگە رەھىمدىللىق قىلغۇچە كۈتەلەمدۇق؟ مەن بۇ ھېس-تۇيغۇ دولقۇنىنىڭ ئۆزگىرىشىنى ئۈمىد قىلالمايمىز، دەپ ئويلايمەن. نېمە ئۈچۈن؟ ھەتتا بىز شاھزادىلەرنىڭ قەلبىگە باشقا پۇقرالاردەك يېقىن بولساقمۇ، ئۇلار بىزنى قوغدىيالمايتتى. ئۇلار بىزگە «بەك كۆپ» ياخشىلىق كۆرسىتىش ئارقىلىق خەلق نەپرىتىنى ھېس قىلاتتى. «بەك كۆپ» دېگىنىم، ئەمەلىيەتتە ھەر بىر ئادەتتىكى پۇقرا ياكى ھەر بىر ئىرق تەرىپىدىن ھوقۇق دەپ تەلەپ قىلىنغاندىن ئازراق دېگەنلىكتۇر. يەھۇدىيلار بىلەن ياشايدىغان مىللەتلەرنىڭ ھەممىسى يوشۇرۇن ياكى ئاشكارا ھالدا ئانتىسېمىت يەنى يەھۇدىي دۈشمەنلىكى قىلىدۇ.

ئاددىي خەلقنىڭ تارىخىي چۈشەنچىسى يوق. ھەقىقەتەنمۇ بولۇشى مۇمكىن ئەمەس. ئۇلار ئوتتۇرا ئەسىرلەرنىڭ گۇناھلىرىنىڭ ھازىر ياۋروپا دۆلەتلىرىگە يېيىلىۋاتقانلىقىنى بىلمەيدۇ. نامراتلار مەھەللىلىرى

بىزنى قانداق شەكىللەندۈرگەن بولسا بىزنى شۇنداقمىز. بىز مالىيە ساھەسىدە ئۈستۈنلۈككە ئېرىشتۇق. چۈنكى ئوتتۇرا ئەسىرلەردىكى شارائىتلار بىزنى ئۇنىڭغا مەجبۇرلىدى. ئوخشاش جەريان ھازىر تەكرارلىنىۋاتىدۇ. بىز يەنە مالىيە ساھەسىگە زورلىنىۋاتىمىز. ئەمدى ئۇ پايچەك بازارلىرىغا يۈزلىنىۋاتىمىز. چۈنكى بىز ئىقتىسادىي پائالىيەتنىڭ باشقا تارماقلىرىدىن چەتكە قېقىلىۋاتىمىز. پايچەك بازارلىرىدا بولغانلىقىمىزدىن يەنە كەمسىتىشكە ئۇچرايمىز. ئەينى ۋاقىتتا ھېچقانداق چىقىش يولى تاپالمايۋاتقان نۇرغۇن ئوقۇمۇشلۇق لېكىن كارغا كەلمەس زىيالىيلارنى شەكىللەندۈرۈۋاتىمىز. بۇ بىزنىڭ كۆپىيىۋاتقان بايلىقىمىزدەك بىزنىڭ ئىجتىمائىي ئورنىمىزنى خەۋپكە ئىتتىرىدۇ. كارغا كەلمەس ئوقۇمۇشلۇق يەھۇدىيلار ھازىر تېزلىك بىلەن سوتسىيالىستلارغا ئايلىنىۋاتىدۇ. شۇڭا بىزنىڭ سىنىپلار ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەشتە ناھايىتى ئېغىر ئازاب چېكىشىمىز مۇتلەقتۇر. چۈنكى بىز سوتسىيالىستلار ۋە كاپىتالىستلارنىڭ لاگېرلىرىدىكى ئەڭ ئۇچۇق ئورۇندا تۇرىمىز.

## ئىلگىرىكى ھەل قىلىش ئۇرۇنۇشلىرى

يەھۇدىيلارنىڭ قىيىنچىلىقلىرىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن بۇرۇن ئىشلىتىلگەن سۈنئىي ۋاستىلەر بەك ئاددىيدۇر. مەسىلەن، مۇستەملىكە قۇرۇش تىرىشچانلىقى ياكى يەھۇدىيلارنى ھازىرقى ۋەتەنلىرىدە دېھقانلارغا ئايلاندۇرۇش تىرىشچانلىقى. بىر نەچچە مىڭ يەھۇدىينى باشقا دۆلەتكە يۆتكەپ كېلىش ئارقىلىق نېمە نەتىجىگە ئېرىشىلىدۇ؟ ئۇلار يا دەرھال ھالاكەتكە ئۇچرايدۇ ياكى گۈللىنىدۇ. ئاندىن ئۇلارنىڭ گۈللىنىشى يەھۇدىي دۈشمەنلىكىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. بىز نامرات يەھۇدىيلارنى يېڭى رايونلارغا يۆتكەش تىرىشچانلىقى توغرىسىدا ئالLIقاچان مۇزاكىرە قىلىپ بولدۇق. ئەگەر ئۇ ئەمەلىيەتتە ئۆزىنىڭ مەقسىتىنى مەغلۇپ قىلمىسا، بۇ بۇرمىلاش ئېنىقلا يېتەرسىز ۋە بىھۇدە. چۈنكى ئۇ پەقەت ھەل قىلىشنى كېچىكتۈرىدۇ ۋە كېيىنگە سۈرىدۇ. بەلكىم قىيىنچىلىقلارنى تېخىمۇ ئېغىرلاشتۇرىدۇ.

ھەرقانداق كىشى يەھۇدىيلارنى دېھقانغا ئايلاندۇرۇشقا تىرىشسا،

ئىنتايىن چوڭ خاتالىق ئۆتكۈزگەن بولىدۇ. چۈنكى دېھقان بىر تارىخىي كاتېگورىيەدۇر. بۇنى بەزى دۆلەتلەردە ئۇ يۈز يىللاردىن بۇيان كىيگەن كىيىمى ئىسپاتلايدۇ. ئۇنى ئەڭ دەسلەپكى ئەجدادلىرى ئىشلەتكەن قوراللىرى دەلىللەيدۇ. ئۇنىڭ سېپى ئۆزگەرمىگەن. ئۇ ئۇرۇقنى پېشىدە ئېلىپ ماڭىدۇ. بۇغداينى كونا ئورغاق بىلەن ئورىدۇ. ھۆرمەتكە سازاۋەر بولغان ئادىتى بىلەن خامان تېپىدۇ. بىراق بىز بۇلارنىڭ ھەممىسىنى ماشىنا بىلەن قىلغىلى بولىدىغانلىقىنى بىلىمىز. دېھقانچىلىق پەقەت ماشىنا مەسىلىسىدۇر. ئامېرىكا چوقۇم ياۋروپانى مەغلۇپ قىلىشى كېرەك، خۇددى چوڭ يەر ئىگىلىكلىرى كىچىك يەر ئىگىلىكلىرىنى يۇتۇۋالغاندەك. شۇڭلاشقا، دېھقان يوقىلىۋاتقان بىر تىپتۇر. قاچانكى ئۇ سۈنئىي ھالدا ساقلانسا، بۇ سىياسىي مەنپەئەتلەر سەۋەبىدىندۇر. كونا قېلىپتا زامانىۋى دېھقانلارنى شەكىللەندۈرۈش ئەخمىقانىلىكتۇر. دەرۋەقە بۇ مۇمكىن ئەمەس. ھېچكىم مەدەنىيەتنى بىرەر قەدەم ئارقىغا چېكىندۈرۈشكە يېتەرلىك باي ياكى كۈچلۈك ئەمەس. ۋاقتى ئۆتكەن مۇئەسسەسەلەرنى ساقلاش ئۆزىلا خان ھۆكۈمرانلىقتىكى بىر دۆلەتنىڭ بارلىق بېسىم خاراكتېرلىك چارىلىرىنى قوللىنىشنى تەلەپ قىلىدىغان ئېغىر بىر ۋەزىپىدۇر.

شۇڭا، بىز ئەقىللىق بولغان يەھۇدىيلارنى كونا تىپتىكى دېھقانلارغا ئايلىنىش ئارزۇسى بار دەپ ئىشىنەمدۇق؟ بۇ خۇددى ئۇلارغا: «مانا بۇ بىر تىركەشلىك ئوق: ئەمدى ئۇرۇشقا بارغىن!» دېگەندەك گەپ. نېمە؟ باشقىلار مىلتىق ۋە يىراق ئېتىشلىق قوراللار تۇتقان ۋاقىتتا، بىز مۇشۇنداق بىر ئوق بىلەنمۇ؟ بۇ ئەھۋال ئاستىدا، كىشىلەر ئۇلارنى دېھقان قىلماقچى بولغاندا يەھۇدىيلارنىڭ تەۋرىمەي تۇرۇشى تامامەن ئورۇنلۇق. تىركەشلىك ئوق گۈزەل قورال. ئەگەر ئۇنىڭغا ۋاقىت ئاجراتالىسام، ئۇ مېنى قايغۇلۇق ھېسسىياتلارغا كەلتۈرىدۇ. لېكىن ئۇنىڭ تېگىشلىك ئورنى مۇزېيدۇر.

ھازىر، قاتتىق ئۈمىدسىزلەنگەن يەھۇدىيلار چىقىپ كېتىدىغان رايونلار چوقۇم بار. ئۇلار يا چىقىپ كېتىشنى خالايدۇ ياكى ھەر ھالدا، چىقىپ دېھقانچىلىق قىلىشقا رازى بولىدۇ. ئازراق كۆزىتىش شۇنى كۆرسىتىدۇ: بۇ رايونلار ئانتىسېمىتىزمنىڭ يەنى يەھۇدىي دۈشمەنلىكىنىڭ ئاساسلىق بازىلىرىدۇر. مەسىلەن، گېرمانىيەدىكى ھېسسېن ئېنىكلاۋى ۋە رۇسىيەدىكى بەزى ئۆلكىلەر. يەھۇدىيلارنى ساپانغا ئەۋەتكەن

دۇنيا ئىسلاھاتچىلىرى بۇ ھەقتە دەيدىغان نۇرغۇن گەپ بولغان ئىدى. قاتلامنى ئۆلچەش ئۇسۇلى ئىنتايىن مۇھىم قاتلامنى ئۈنتۈپ قالغان بولۇپ، بۇ قاتلام دېھقانلاردۇر. دېھقانلارمۇ ئوخشاشلا تولۇق ھەقلىقتۇر. چۈنكى ئۇنىڭ ھاياتىنى قىيىنلاشتۇرىدىغان نۇرغۇن ئىش بار: يەرگە سېلىنغان بېجى، زىرائەتلەرگە باغلىق خەتەرلەر، چوڭ يەر ئىگىلىرىنىڭ بېسىمى، ئامېرىكا رىقابىتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئاشلىققا بولغان باج چەكسىز ئۆسۈپ كېتەلمەيدۇ. ئىشلەپچىقارغۇچىنىڭمۇ ئاچ قېلىشىغا يول قويۇشقا بولمايدۇ. ئۇنىڭ سىياسىي تەسىرى يۇقىرىلاۋاتىدۇ. شۇڭا ئۇنىڭغا قوشۇمچە ئېتىبار بېرىش كېرەك.

بۇ قىيىنچىلىقلارنىڭ ھەممىسى مەلۇم. شۇڭا مەن ئۇلارغا پەقەت سەل-پەل ئىشارەت قىلىمەن. مەن پەقەت يەھۇدىي مەسىلىسىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن كۆپىنچىسى ياخشى نىيەتتە ئېلىپ بېرىلغان ئىلگىرىكى تىرىشچانلىقلارنىڭ قانچىلىك بىھۇدە بولغانلىقىنى ئېنىق كۆرسەت-مەكچى ئىدىم. ئېقىمنى يەنى دولقۇننى بۇراش قىيىنچىلىقنى يېڭەلمەيدۇ. پرولېتارىياتنىڭ زېھنىي سەۋىيەسىنى سۈنئىي تۆۋەنلىتىش-مۇ قىيىنچىلىقنى يېڭەلمەيدۇ. خاتاسىز دەپ گۇمان قىلىنغان ئاسسىمىلياسىيە چارىسى ئاللىقاچان مۇھاكىمە قىلىندى.

بىز بۇ ئۇسۇللارنىڭ ھېچقايسىسى بىلەن يەھۇدىي دۈشمەنلىكىنى يېڭەلمەيمىز. ئۇنىڭ سەۋەبلىرى يوقىتىلمىغۇچە، ئۇ يوقاپ كەتمەيدۇ. بۇ سەۋەبلەرنى يوقاتقىلى بولامدۇ؟

## ئانتى-سېمىتزمنىڭ سەۋەبلىرى

بىز مىجەز-خۇلق، بىر تەرەپلىمە ۋە بېكىنمە كۆز-قاراشلارنىڭ نەتىجىسى بولغان سەۋەبلەر ئۈستىدە قايتا توختالمايمىز. بەلكى بۇ يەردە ئۆزىمىزنى پەقەت سىياسىي ۋە ئىقتىسادىي سەۋەبلەر بىلەنلا چەكلەيمىز. زامانىۋى ئانتىسېمىتىزم بۇرۇنقى زامانلاردىكى يەھۇدىيلارنىڭ دىنىي زىيانكەشلىكى بىلەن ئارىلاشتۇرۇلماسلىقى كېرەك. ئۇ بەزى دۆلەتلەردە بەزىدە دىنىي مايىللىققا چۈشۈپ قېلىۋاتقان بولسىمۇ، بىراق تاجاۋۇزچى ھەرىكەتنىڭ ئاساسىي ئېقىمى ھازىر ئۆزگەردى. بۇ ئانتىسېمىتىزم ئەۋجىگە چىققان دۆلەتلەردە يەھۇدىيلارنىڭ ئازاد

قىلىنىشىنىڭ نەتىجىسى سۈپىتىدە مەيدانغا كەلدى. مەدەنىيەتلىك مىللەتلەر كەمسىتىش خاراكتېرلىك قانۇنلارنىڭ ئىنسابسىزلىقىغا دۇچ كەلگەندە ۋە ئۇلار بىزگە ھەق-ھوقۇق بەرگەندە، بىزنىڭ ھەق-ھوقۇققا ئېرىشىشىمىز تولىمۇ كېچىكىپ كەتكەنىدى.

كونا يۇرتلىرىمىزدا تۇسالغۇلىرىمىزنى يوقىتىش ئەمدى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. نامراتلار مەھەللىرىدە بولغان ۋاقتىمىزدا قىزىق يېرى، بىز بۇرژۇئا خەلقىگە ئايلانغان ئىدۇق. بىز ئۇنىڭدىن ئوتتۇرا سىنىپلار بىلەن كەسكىن رىقابەتكە كىرىش ئۈچۈنلا چىقتۇق. شۇڭا، بىزنىڭ ئازاد بولۇشىمىز بىزنى تۇيۇقسىزلا بۇ ئوتتۇرا سىنىپ چەمبىرىكىگە قويدى. بۇ يەردە بىز ئىچكى ۋە تاشقى تەرەپتىن قوش بېسىمغا چىداشقا مەجبۇر بولدۇق. خرىستىيان بۇرژۇئازىيەسى بىزنى سوتسىيالىزمغا قۇربان قىلىشقا قارشى ئەمەس. لېكىن بۇ ۋەزىيەتنى ئوڭشاشتا ئىشقا يارىمايتتى.

يەھۇدىيلارنىڭ قانۇن ئالدىدىكى باراۋەر ھوقۇقلىرى بىر قېتىم بېرىلگەن بولسا قايتۇرۇۋېلىنالمايدۇ. بۇنىڭ ئىككى سەۋەبى بار. بىرى، بۇ زامانىمىزنىڭ روھىغا قارشى بولىدۇ. يەنى بىرى، بۇ دەرھال باي ۋە نامرات بولسۇن پۈتۈن يەھۇدىيلارنى ئۆكتىچى پارتىيەلەرنىڭ سېپىگە ھەيدەيدۇ. بىزنىڭ زىيىنىمىزغا قىلىنغان ھېچقانداق ئىش ئۈنۈملۈك بولمايدۇ. قەدىمكى زامانلاردا بىزنىڭ ئالتۇن ۋە گۆھەرلىرىمىز مۇسادىرە قىلىناتتى. ھازىر بىزنىڭ كۆچمە مۈلۈكلىرىمىز قانداقمۇ مۇسادىرە قىلىنسۇن؟ دۇنيانىڭ ھەرقانداق بىر يېرىدە، بەلكىم خرىستىيانلارنىڭ ساندۇقلىرىدا ساقلانغان قەغەز پۇللاردىن تەشكىل تاپىدۇ. ئەلۋەتتە، مەلۇم ئۇسۇللار بار بولۇپ، ئۇلارغا تۆمۈر يول، بانكا ۋە ھەرخىل كارخانىلىرىدىكى ھەسسە ۋە قەرز پۇللىرىغا باج سېلىش ئارقىلىق ئېرىشىش مۇمكىن. ئۆسۈشكە ئوڭ تاناسىپ كىرىم بېجى كۈچكە ئىگە بولغان يەرلەردە بىزنىڭ بارلىق كۆچمە مۈلكىمىز كۈنلەرنىڭ بىرىدە مۇسادىرە قىلىنىشى تۇرغانلا گەپ. بىراق بۇ ئورۇنۇشلارنىڭ ھەممىسى پەقەت يەھۇدىيلارغىلا قارىتىلالمايدۇ. بۇ مەيلى قەيەردە بولۇشتىن قەتئىينەزەر، ئۇنىڭ بىۋاستە ئاقىۋەتلىرى ئېغىر ئىقتىسادىي كرىزىسلار بولاتتى. بۇ ھەرگىزمۇ تۈنجى بولۇپ تەسىرگە ئۇچرىغان يەھۇدىيلار بىلەنلا چەكلەنمەيتتى. يەھۇدىيلارغا تېگىشىنىڭ مۇمكىن بولماسلىقى ئۇلارغا بولغان نەپرەتنى ئوزۇقلاندۇرىدۇ ۋە كەسكىنلەشتۈرىدۇ.

ئانتىسېمىتىزم مىللەتلەر ئارىسىدا كۈندىن-كۈنگە، سائەتتىن-سائەتكە ئەۋجىگە چىقماقتا، ئەمەلىيەتتە ئانتىسېمىتىزم تېخىمۇ ئەۋجىگە چىقىشقا مەجبۇر. چۈنكى ئۇنىڭ ئەۋجىگە چىقىشىنىڭ سەۋەبلىرى داۋاملىشىۋاتىدۇ ۋە يوقىتىلالمايدۇ. ئۇنىڭ يىراق سەۋەبى ئوتتۇرا ئەسىرلەردە بىزنىڭ ئاسسىمىلىياسىيە قىلىش قابىلىيىتىمىزنى يوقىتىشىمىزدۇر. ئۇنىڭ بىۋاسىتە سەۋەبى بولسا بىزنىڭ كارغا كەلمەس زىيالىلارنى ھەددىدىن زىيادە شەكىللەندۈرۈشىمىز ئىدى. ئۇلار تۆۋەنگە چۈشۈش ياكى يۇقىرىغا چىقىش يولىنى تاپالمايدۇ. يەنى ھەر ئىككى يۆنىلىشتىمۇ ساغلام چىقىش يولى يوق. بىز چۆككەندە، ئىنقىلابىي پرولېتارىياتقا ئايلىنىمىز. بارلىق ئىنقىلابىي پارتىيەلەرنىڭ تۆۋەن خادىملىرىغا ئايلىنىمىز. ئەينى ۋاقىتتا، بىز كۆتۈرۈلگەندە، بىزنىڭ قورقۇنچلۇق مال-مۈلۈك كۈچىمىزمۇ كۆتۈرۈلىدۇ.

## يەھۇدىي دۈشمەنلىكىنىڭ تەسىرلىرى

بىز بەرداشلىق بېرىۋاتقان زۇلۇم بىزنى ياخشىلىمايدۇ. چۈنكى بىز ئادەتتىكى كىشىلەردىن ھېچقانچە ياخشى ئەمەس. شۇنىسى راستكى، بىز دۈشمەنلىرىمىزنى ياخشى كۆرمەيمىز. لېكىن پەقەت ئۆزىنى يېڭەلەيدىغان كىشىلا بىزنى بۇ خاتالىق بىلەن ئەيىبلەشكە جۈرئەت قىلالايدۇ .زۇلۇم تەبىئىي ھالدا زۇلۇم قىلغۇچىلارغا قارشى دۈشمەنلىكنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. بىزنىڭ ئۆچمەنلىكىمىز بېسىمنى كۈچەيتىدۇ. بۇ مەڭگۈلۈك چەمبەرچاسىدىن قېچىش مۇمكىن ئەمەس.

«ياق!» بەزى يۇمشاق يۈرەكلىك خىيالپەرەستلەر دەيدۇ. «ياق، بۇ مۇمكىن! ئىنسانىيەتنىڭ ئاخىرقى مۇكەممەللىكى ئارقىلىق مۇمكىن بولىدۇ.»

بۇ كۆز قاراشنىڭ ھېسسىي ئەخمەقلىقىنى كۆرسىتىش زۆرۈرمۇ؟ ياخشىلانغان شارائىتلارغا بولغان ئۈمىدىنى ئىنسانىيەتنىڭ ئاخىرقى مۇكەممەللىكىگە ئاساسلاندۇرىدىغان كىشى ھەقىقەتەن بىر خىيالىي جەمئىيەتكە تايىنىۋاتقان بولىدۇ!

مەن يۇقىرىدا بىزنىڭ «ئاسسىمىلاتسىيە»نى تىلغا ئېلىپ ئۆتتۈم. مەن بۇنداق ئاقىۋەتنىڭ بولۇشىنى بىرئازمۇ ئارزۇ قىلمايمەن. بىزنىڭ

مىللىي خاراكتېرىمىز تارىخىي جەھەتتىن بەك داڭلىق. ھەر خىل پەسلەشتۈرۈلۈشكە قارىماي، يەنىلا بەك ئېسىل. شۇڭا ئۇنىڭ يوقىلىشىنى ھېچكىم خالىمايدۇ. ئەگەر باشقىلار بىزنى ئىككى ئەۋلاد جەريانىدا تىنىچ قويسا، بىز بەلكىم ئۆزىمىزنى پۈتۈنلەي ئەتراپىمىزدىكى ئىرقلارغا سىڭدۈرەلىشىمىز مۇمكىن. ئەمما ئۇلار بىزنى تىنىچ قويمايدۇ. قىسقا مەزگىل ئۇلار بىزگە چىدايدۇ. ئاندىن ئۇلارنىڭ دۈشمەنلىكى قايتا-قايتا پارتلايدۇ. دۇنيا بىزنىڭ گۈللىنىشىمىزدىن ۋە قۇدرىتىمىزدىن نېمىشقىدۇر غەزەپلىنىدۇ. چۈنكى ئۇ يەنى دۇنيا نۇرغۇن ئەسىرلەردىن بېرى بىزنى نامراتلار ئارىسىدىكى ئەڭ پەس كىشىلەر دەپ قاراشقا كۆنۈپ قالغان. دۇنيا ئۆزىنىڭ نادانلىقى ۋە تار يۈرىكىدە، قۇدرىتىنىڭ ۋە گۈللىنىشىنىڭ يەھۇدىيلىقىمىزنى ئاجىزلاشتۇرىدىغانلىقىنى ۋە ئالاھىدىلىكلىرىمىزنى يوق قىلىدىغانلىقىنى بايقاشتا مۇۋەپپەقىيەتسىزلىككە ئۇچرايدۇ. پەقەت بېسىملا بىزنى ئاتا مەنبەسىگە قايتۇرىدۇ. پەقەت بىزنى قورشىغان نەپرەتلا بىزنى يەنە بىر قېتىم يات قىلىدۇ.

قىسقىسى، بىز ياقتۇرساقمۇ ياكى ياقتۇرمىساقمۇ، بىز ھەممىمىزگە ئورتاق ۋە خاس بولغان ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە تارىخىي توپلۇقمىز ۋە بۇنىڭدىن كېيىنمۇ مۇشۇ تەرىقىدە مەۋجۇدلۇقىمىزنى داۋاملاشتۇرىمىز.

بىز بىر مىللەت. دۈشمەنلىرىمىز بىزنى بىزنىڭ رازىلىقىمىزسىز بىر گەۋدە قىلدى. بۇ تارىختا قايتا-قايتا يۈز بېرىدۇ. قىيىنچىلىق بىزنى بىرلەشتۈرىدۇ. شۇنداق بىرلەشكەن ھالدا، بىز تۇيۇقسىز كۈچىمىزنى بايقايمىز. بىزنىڭ بىر دۆلەت قۇرۇشقا يېتەرلىك كۈچىمىز ۋە قۇدرىتىمىز بار. ھەتتا بىر ئۈلگە دۆلەت قۇرۇشقىمۇ قادىرمىز. بىز بۇ مەقسەت ئۈچۈن زۆرۈر بولغان بارلىق ئىنسانىي ۋە ماددىي مەنبەلەرگە ئىگە. شۇڭا بۇ بىر ئاز قوپاللىق تۇيۇلسىمۇ بىزنىڭ «ئىنسانىي ماتېرىيالىمىز» دەپ ئاتالغان نەرسە توغرىسىدا ئويلىنىش تولىمۇ زۆرۈر. لېكىن بۇ ھەممە نەرسە باغلىق بولغان پىلانىنىڭ كەڭ سىزىقلىرى ئالدى بىلەن بەلگىلەنمىگۈچە بېكىتىلمەيدۇ.

## پىلان

پۈتۈن پىلان ماھىيەت جەھەتتە مۇكەممەل دەرىجىدە ئاددىي ۋە

يغىنچاقتۇر. چۈنكى ئۇ ھەممە كىشىنىڭ چۈشىنىشى ئۈچۈن مۇشۇنداق بولۇشى كېرەك.

بىزگە يەر يۈزدىكى پۈتۈن زېمىننىڭ بىر قىسمى ئۈچۈن ئىگىلىك ھوقۇقى بېرىلسۇن. ئۇ بىر دۆلەتنىڭ ھەقلىق تەلەپلىرىنى قاندۇرۇشقا يېتەرلىك دەرىجىدە چوڭ بولسۇن. قالغىنىنى بىز ئۆزىمىز باشقۇرىمىز.

يېڭى بىر دۆلەت قۇرۇش كۈلكىلىك ياكى مۇمكىن بولمايدىغان ئىش ئەمەس. بىز ئەتراپىمىزدا كۆپ مىللەتلەرنىڭ بۇ جەريانىنى بېشىدىن ئۆتكۈزگەنلىكىگە گۇۋاھ بولدۇق. ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى ئوتتۇرا قاتلام ئەزالىرى بولمىغان، بەلكى بىزدىن نامراتراق، ئاز تەربىيە كۆرگەن ۋە بىزدىن ئاجىزراق بولغان مىللەتلەر ئىدى. ئانتىسېمىتىزم بىلەن قامچىلانغان بارلىق دۆلەتلەرنىڭ ھۆكۈمەتلىرى بىز ئىستىگەن ئىگىلىك ھوقۇقىنى قولغا كەلتۈرۈشىمىزگە ياردەم بېرىشكە قىزىقىدۇ.

پىلان، لايىھىلەشتە ئاددىي، ئەمما ئىجرا قىلىشتا مۇرەككەپ بولۇپ، ئىككى ئاگېنتلىق تەرىپىدىن ئىلىپ بېرىلىدۇ: يەھۇدىيلار جەمئىيىتى ۋە يەھۇدىي شىركىتى. يەھۇدىيلار جەمئىيىتى ئىلىم- پەن ۋە سىياسەت ساھەلىرىدە تەييارلىق خىزمىتىنى قىلىدۇ، يەھۇدىي شىركىتى بولسا كېيىن بۇنى ئەمەلىي جەھەتتىن تەدبىقلايدۇ.

يەھۇدى شىركىتى، كۆچۈپ كېتىۋاتقان يەھۇدىلارنىڭ سودا مەنپەئەتلىرىنى بىر تەرەپ قىلىدىغان ۋاكالەتچىلىك رولىنى ئۆتەيدۇ ۋە يېڭى دۆلەتتە تىجارەت ۋە سودىنى تەشكىللەيدۇ.

بىز يەھۇدىيلارنىڭ كېتىشىنى تۇيۇقسىزلا بولىدىغان بىر ئىش دەپ تەسەۋۋۇر قىلماسلىقىمىز كېرەك. ئۇ تەدرىجىي، داۋاملىق بولىدۇ ۋە ئونلارچە يىللارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئەڭ كەمبەغەللەر ئالدى بىلەن دېھقانچىلىق قىلىش ئۈچۈن بارىدۇ. ئالدىن تۈزۈلگەن پىلانغا ئاساسەن، ئۇلار يول، كۆۋرۈك، تۆمۈر يول ۋە تېلېگراف قۇرۇلمىلىرىنى قۇرىدۇ؛ دەريالارنى تەرتىپكە سالىدۇ؛ ۋە ئۆز تۇرالغۇلىرىنى سالىدۇ؛ ئۇلارنىڭ ئەمگىكى تىجارەتنى پەيدا قىلىدۇ، تىجارەت بازارلارنى، بازارلار بولسا يېڭى دېھقانلارنى جەلپ قىلىدۇ، چۈنكى ھەربىر ئادەم ئۆز ئىختىيارلىقى بىلەن، ئۆز چىقىمى ۋە ئۆز بىخەتەرلىكى بىلەن بارىدۇ. يەرگە سەرپ قىلىنغان ئەمگەك ئۇنىڭ قىممىتىنى ئاشۇرىدۇ ۋە يەھۇدىيلار بۇ يەردە

ئىلگىرى پەقەت نەپرەت ۋە ھاقارەتكە ئۇچرىغان ئىگىلىك تىكلىگۈچىلەر ئۈچۈن يېڭى ۋە مەڭگۈلۈك بىر پائالىيەت دائىرىسىنىڭ ئېچىلىۋاتقانلىقىنى تېزلا بايقايدۇ. بىز بۈگۈن بىر دۆلەت قۇرماقچى بولساق، بىز بۇنى مىڭ يىل ئىلگىرى بىردىنبىر مۇمكىن بولغان ئۇسۇلدا قىلمايمىز. نۇرغۇن زىئونىزمچىلار قىلماقچى بولغاندەك، مەدەنىيەتنىڭ كونا باسقۇچلىرىغا قايتىش ئەخمىقانىلىكتۇر. مەسىلەن، بىز دۆلەتنى ياۋايى ھايۋانلاردىن تازىلاشقا مەجبۇر بولساق، بىز بۇ ۋەزىپىنى بەشىنچى ئەسىردىكى ياۋروپالىقلارنىڭ ئۇسۇلۇبىدا قىلمايمىز. بىز نەيزە،قىلىچ ئېلىپ ئېيىقلارنى قوغلاش ئۈچۈن يالغۇز چىقمايمىز؛ بىز چوڭ ۋە ئاكتىپ ئوۋ زىياپىتىنى تەشكىللەيمىز، ھايۋانلارنى بىرلەشتۈرۈپ، ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىغا كۈچلۈك بومبا تاشلايمىز.

بىز قۇرۇلۇش ئىشلىرىنى ئېلىپ بارماقچى بولساق، بىز كۆلنىڭ قىرغىقىدا توپ-توپ قوزۇق ۋە تۈۋرۈكلەرنى تىكلىمەيمىز، بەلكى كىشىلەر ھازىر قۇرغاندەك قۇرىمىز. دەرۋەقە، بىز بۇرۇن ھەرگىز قوبۇل قىلىنمىغان تېخىمۇ جۈرئەتلىك ۋە ھەيۋەتلىك ئۇسلۇبتا قۇرىمىز، چۈنكى بىز ھازىر كىشىلەر ھېچقاچان ئىگە بولمىغان ۋاسىتىلەرگە ئىگە.

ئىقتىسادىي جەھەتتىن ئەڭ تۆۋەن ئورۇندا تۇرىدىغان كۆچمەنلەرگە ئاستا-ئاستا يۇقىرى دەرىجىلىكلەر ئەگىشىپ بارىدۇ. ھازىرقى ۋاقىتتا ئۈمىدسىزلىكتە ياشاۋاتقانلار ئالدى بىلەن بارىدۇ. ئۇلارغا ئىشلەپچىقىرىشقا ماھىر، لېكىن ھەممە يەردە زىيانكەشلىككە ئۇچراپ كېلىۋاتقان ئوتتۇرا تەبىقىدىكى ئىنسانلىرىمىز يېتەكچىلىك قىلىدۇ.

بۇ كىتابچە يەھۇدىي مەسىلىسى ھەققىدە ئومۇمىي مۇزاكىرىگە مەركەزلىشىدۇ ، ئەمما بۇ ئۇنىڭ ئۇستىدە بىرەر ئاۋاز بېرىش بولىدۇ دېگەنلىك ئەمەس. بۇنداق نەتىجە ئىشنى باشتىلا بۇزىدۇ ۋە قارشى چىققۇچىلار بىلىشى كېرەككى، قوللاش ياكى قارشى تۇرۇش پۈتۈنلەي ئىختىيارىي. بىز بىلەن كەلمەيدىغانلار كەينىدە قېلىشى كېرەك.

بىزگە قوشۇلۇشقا رازى بولغان ھەممەيلەن، بايرىقىمىزنىڭ كەينىدىن كېلىپ، ئىشىمىز ئۈچۈن ئاۋاز، قەلەم ۋە ئەمەل بىلەن كۈرەش قىلسۇن.

دۆلەت قۇرۇش ئىدىيىمىزگە قوشۇلىدىغان يەھۇدىيلار جەمئىيەتكە

قوشۇلىدۇ، بۇ ئارقىلىق جەمئىيەت خەلقىمىزنىڭ نامىدا ھۆكۈمەتلەر بىلەن سۆھبەتلىشىش ۋە مۇئامىلە قىلىش ھوقۇقىغا ئىگە بولىدۇ. جەمئىيەت بارا-بارا ھۆكۈمەتلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋەتلىرىدە دۆلەت قۇرغۇچى كۈچ دەپ ئېتىراپ قىلىنىدۇ. بۇ ئېتىراپ ئەمەلىيەتتە دەل دۆلەتنى قۇرىدۇ.

ئەگەر دۆلەتلەر بىتەرەپ بىر زېمىن ئۈستىدىكى ھۆكۈمرانلىقىمىزنى قوبۇل قىلىشقا رازى بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرسە، ئۇنداقتا جەمئىيەت بۇ زېمىنىنىڭ ئىگىدارچىلىقى ئۈچۈن مۇزاكىرىلەرگە كىرىشىدۇ. بۇ يەردە ئىككى تېررىتورىيە، پەلەستىن ۋە ئارگېنتىنا ئېتىبارغا ئېلىنىدۇ. ھەر ئىككى مەملىكەتتە مۇستەملىكىچىلىك ساھەدە مۇھىم تەجرىبىلەر قىلىنغان، لېكىن بۇ تەجرىبىلەر ئەپسۇس يەھۇدىيلارنىڭ تەدرىجي سىڭىپ كىرىشى دېگەن خاتا پرىنسىپقا تايىنىپ قالغانىدى. سىڭىپ كىرىش يامان ئاقىۋەتكە ئېلىپ بارىدۇ. بۇ يەرلىك ئاھالىگە ئۆزىنى تەھدىت ئاستىدا ھېس قىلدۇرىدۇ ۋە بۇ ھۆكۈمەتنى يەھۇدىيلارنىڭ داۋاملىق كىرىشىنى توختىتىشقا مەجبۇرلايدىغان ۋاقىتقىچە مۇقەررەر داۋاملىشىدۇ. شۇڭا، ئەگەر بىزدە داۋاملىق كۆچۈش ھوقۇقى بولمىسا، كۆچۈش بىھۇدە. يەھۇدىيلار جەمئىيىتى زېمىنىنىڭ ھازىرقى خوجايىنلىرى بىلەن مۇزاكىرە قىلىدۇ، ئەگەر ئۇلار پىلانغا دوستانە مۇئامىلە قىلسا، ئۆزىنى ياۋروپا كۈچلىرىنىڭ ھىمايىسى ئاستىغا قويىدۇ. بىز زېمىنىنىڭ ھازىرقى ئىگىلىرىگە زور پايدىلارنى تەكلىپ قىلالايمىز، ئاممىۋى قەرزنىڭ بىر قىسمىنى ئۈستىمىزگە ئالالايمىز، قاتناش ئۈچۈن يېڭى يوللارنى قۇرالايمىز، بۇ بىزنىڭ مەملىكەتتىكى مەۋجۇتلۇقىمىز زۆرۈر ۋە تەقەززا قىلىدىغان ئىشلار بولۇپ، باشقا نۇرغۇن ئىشلارنىمۇ قىلالايمىز. دۆلىتىمىزنىڭ قۇرۇلۇشى قوشنا دۆلەتلەرگە پايدىلىق بولىدۇ، چۈنكى زېمىن پارچىسىنىڭ پەرۋىش قىلىنىشى ئەتراپىدىكى رايونلارنىڭ قىممىتىنى سان-ساناقسىز يوللار بىلەن ئاشۇرىدۇ.

## پەلەستىن ياكى ئارگېنتىنا؟

بىز پەلەستىننى تاللامدۇق ياكى ئارگېنتىنانىمۇ؟ بىز بىزگە بېرىلگەن ۋە يەھۇدىي جامائىتى تاللىغان نەرسىنى ئالىمىز. جەمئىيەت بۇ ئىككى نۇقتىنى بەلگىلەيدۇ.

ئارگېنتىنا دۇنيادىكى ئەڭ مۇنبەت دۆلەتلەرنىڭ بىرى، كەڭ تېررىتورىيە ئۈستىگە سوزۇلغان، نوپۇسى ئاز ۋە كىلىماتى ئىللىق. ئارگېنتىنا جۇمھۇرىيىتى ئۆز زېمىنىنىڭ بىر قىسمىنى بىزگە ئۆتكۈزۈپ بېرىشتىن زور پايدا ئالىدۇ. ھازىرقى يەھۇدىيلارنىڭ سىڭىپ كىرىشى جەزمەن بىر قىسىم نارازىلىقلارنى كەلتۈرۈپ چىقارغان، شۇڭا بۇ جۇمھۇرىيەتكە بىزنىڭ يېڭى ھەرىكىتىمىزنىڭ ئىچكى ۋە خاس پەرقى توغرىسىدا چۈشەنچە بېرىش زۆرۈر بولىدۇ.

پەلەستىن مەڭگۈ ئەسلەيدىغان تارىخىي يۇرتىمىز. پەلەستىن دېگەن ئىسىمنىڭ ئۆزىلا ئاجايىپ كۈچلۈك تارتىش كۈچى بىلەن خەلقىمىزنى جەلپ قىلىدۇ. ئەگەر سۇلتان ئالىيلىرى بىزگە پەلەستىننى بەرسە، بىز بۇنىڭ بەدىلىگە تۈركىيەنىڭ پۈتۈن ئىقتىسادىنى تەرتىپكە سېلىشنى ئۈستىمىزگە ئالالايمىز. بىز ئۇ يەردە ئاسىياغا قارشى ياۋروپانىڭ بىر قىسمىنى، مەدەنىيەتسىزلىككە قارشى مەدەنىيەتنىڭ ئالدىنقى سېپىنى شەكىللەندۈرىمىز. بىز بىتەرەپ دۆلەت سۈپىتىدە مەۋجۇدلۇقىمىزنى كاپالەتكە ئىگە قىلىدىغان پۈتۈن ياۋروپا بىلەن ئالاقىدە بولىمىز. خىرىستىئان دىنىنىڭ مۇقەددەس جايلىرى دۆلەتلەر قانۇنلاردا بەلگىلەنگەن تېررىتورىيە سىرتىدىكى ھوقۇق دەرىجىسىنى بېرىش ئارقىلىق قوغدىلىدۇ. بىز بۇ مۇقەددەس جايلار ئەتراپىدا شەرەپ قاراۋۇللىرىنى تەشكىللەيمىز، بۇ مەجبۇرىيەتنىڭ ئورۇنلىنىشىغا مەۋجۇدلۇقىمىز بىلەن كاپالەتلىك قىلىمىز. بۇ شەرەپ قاراۋۇللىرى ئون سەككىز ئەسىرلىك يەھۇدىي تىراگېدىيەسىدىن كېيىن يەھۇدىي مەسىلىسىنىڭ ھەل قىلىنىشىنىڭ ئۇلۇغ سىمۋولى بولىدۇ.

## تەلەپ، ۋاستە، سودا سېتىق

مەن ئاخىرقى بابتا «يەھۇدىي شىركىتى يېڭى دۆلەتتە سودا-سېتىقنى تەشكىللەيدۇ» دېگەن ئىدىم. مەن بۇ يەردە بۇ نۇقتا ھەققىدە بىر قانچە پىكىرلەرنى قوشماقچىمەن.

مېنىڭچە بىر پىلان ئەگەر «ئەمەلىيەتچى» كىشىلەر تەرىپىدىن قارشىلىققا ئۇچرىسا، ئېغىر تەھدىتكە دۇچ كېلىدۇ. «ئەمەلىيەتچى» كىشىلەر ئادەتتە كۈندىلىك تۇرمۇشقا چۆكۈپ كەتكەن، كونا ئىدىيەلەرنىڭ

تار دائىرىسىدىن چىقالمايدىغان كىشىلەردۇر. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، ئۇلارنىڭ قارشى پىكىرلىرى چوڭ تەسىر كۆرسىتىدۇ. بۇ يېڭى لايىھىگە زور زىيان يەتكۈزەلەيدۇ. ھېچ بولمىغاندا بۇ يېڭى ئىش يېتەرلىك كۈچلۈك بولغۇچە شۇنداق بولىدۇ. ئاندىن بۇ يېڭى ئىش «ئەمەلىيەتچى» كىشىلەرنى ۋە ئۇلارنىڭ كونا پىكىرلىرىنى يوقىتالايدۇ.

ياۋروپادا تۆمۈر يول قۇرۇشنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە، بەزى «ئەمە-لىيەتچى» كىشىلەر بۇنداق ئويلايتتى. ئۇلار مۇنداق دەيتتى: «بۇ يوللارنى قۇرۇش ئەخمەقلىق، چۈنكى پوچتا ھارۋىلىرىنى تولدۇرغۇدەك كىشىمۇ يوق.» ئۇلار بىر ھەقىقەتنى چۈشەنمەيتتى. بۇ ھەقىقەت بىزگە ھازىر ئېنىق كۆرۈنىدۇ. يولۇچىلار تۆمۈر يول ياراتمايدۇ. ئەكسىچە، تۆمۈر يول يولۇچىلارنى يارىتىدۇ. بۇ ھەقىقەت بىزگە ھازىر ئېنىق.

تېخى قولغا كەلمىگەن، قۇرۇلمىغان يېڭى بىر دۆلەتتە سودا-سېتىقنى قانداق بەرپا قىلىشنى چۈشىنىش ھەقىقەتەن قىيىن. «ئەمەلىيەتچى» كىشىلەر بۇ يەردە تۆمۈريولنىڭ ئېھتىياجىغا گۇمان بىلەن قارايدۇ. مەلۇم بىر «ئەمەلىيەتچى» كىشى مۇنداق دېيىشى مۇمكىن: «يەھۇدىيلارنىڭ ھازىرقى ئەھۋالى نۇرغۇن جايلاردا چىدىغۇسىز ۋە كۈندىن-كۈنگە ئېغىرلاشماقتا دەپ قارايلى؛ كۆچۈپ كېتىش ئارزۇسى بارمۇ دەپ ئويلايلى؛ ھەتتا يەھۇدىيلار يېڭى دۆلەتكە كۆچۈپ كېتىدۇ دەيمۇ قارايلى؛ ئۇلار ئۇ يەردە كىرىمنى قانداق تاپىدۇ ۋە ئۇلار نېمىگە تايىنىپ ياشايدۇ؟ نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ تىجارىتى بىر كۈندىلا سۈنئىي ھالدا تەشكىللىنەلمەيدۇ، دە.»

بۇنىڭغا مەن مۇنداق جاۋاب بېرىمەن: بىزنىڭ تىجارەتنى سۈنئىي ھالدا تەشكىللەش نىيىتىمىز پەقەتلا يوق، بىز ئۇنى بىر كۈندە قىلىشقا ئۇرۇنمايمىز. ئەمما، بۇنى تەشكىللەش مۇمكىن بولمىسىمۇ، ئۇنى ئىلگىرى سۈرۈش مۇمكىن. سودا-سېتىق قانداق رىغبەتلەندۈرۈلىدۇ؟ ئەلۋەتتە تەلەپ ئارقىلىق. تەلەپ مۇئەييەنلەشتۈرۈلسە، ۋاستە ۋۇجۇدقا چىقىرىلسا، ئۇ ئۆزىنى ئۆزى قۇرىدۇ.

ئەگەر يەھۇدىيلار ئارىسىدا ئۆز ھالىتىنى ياخشىلاش ئۈچۈن ھەقىقىي چىن تەلەپ بولسا؛ ئەگەر ۋۇجۇدقا چىقىرىلىدىغان ۋاستە - يەھۇدىي شىركىتى - يېتەرلىك كۈچلۈك بولسا، ئۇنداقتا سودا-سېتىق يېڭى دۆلەتتە ئەركىن كېڭىيىدۇ.

# 3-باپ: يەھۇدىي شىركىتى

## قىسقىچە مەزمۇنى

يەھۇدىي شىركىتى چوڭ يەر-زېمىن سېتىۋېلىش شىركىتىدەك قۇرۇلىدۇ. ئۇنى يەھۇدىي ئىمتىياز شىركىتى دەپ ئاتىغىلى بولىدۇ. ئەمما ئۇ ھاكىمىيەت ھوقۇقىنى ئىشلىتەلمەيدۇ. ئۇنىڭ ۋەزىپىسى پەقەت مۇستەملىكە قۇرۇشتىن ئىبارەت ئەمەس. بۇ شىركەت ئەنگلىيەنىڭ قانۇنى بويىچە قۇرۇلىدۇ. ھەسسىدارلىق شىركىتى بولىدۇ. ئەنگلىيەنىڭ قوغدىشى ئاستىدا بولۇپ، ئاساسلىق مەركىزى لوندوندا بولىدۇ. شىركەتنىڭ پۇل سەرمايىسىنى ھازىرچە بىلمەيمەن. بۇ ھېساب-كىتابنى مالىيىچىلىرىمىزگە قالدۇرىمەن. لېكىن ئېنىقسىزلىقتا سەۋەب بولماسلىق ئۈچۈن، ئۇنى مىليون مارك قىلىپ قويىمەن. (تەخمىنەن 50 مىليون فوند ياكى 200 مىليون دوللار). بۇ كۆپ ياكى ئاز بولۇشى مۇمكىن. كېيىنچە ئېلان قىلىنىدىغان ئابونېتلىق شەكلى ئومۇمىي مىقدارنىڭ قايسى قىسمىنىڭ بىر قېتىمدىلا تۆلىنىشى كېرەكلىكىنى بەلگىلەيدۇ.

يەھۇدىي شىركىتى بىر يەھۇدىي ئۆتكۈنچى خاراكتېرلىك تەشكىلاتتۇر. ئۇ سودا تەشەببۇسى بولۇپ، يەھۇدىي جەمئىيىتىگە ئوخشىمايدۇ. بۇ شىركەت بىرىنچى بولۇپ، كۆچۈپ كېتىۋاتقان يەھۇدىيلارنىڭ مېلىنى نەق پۇلغا ئايلاندۇرىدۇ. بۇ ئۇسۇل كىرىزىس بولۇشىنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ. ھەر ئادەمنىڭ مېلىنى قوغدايدۇ. ئىلگىرى بەلگىلەنگەن خىرىستىيان پۇقرالىرىنىڭ مەملىكەت ئىچى كۆچۈشىنى ئاسانلاشتۇرىدۇ.

## كۆچمەس مۈلۈكلەر

كۆچمەس مۈلۈكلەر دائىرىسىگە بىنالار، يەر-زېمىن ۋە يەرلىك تىجارەت ئالاقىلىرى كىرىدۇ. يەھۇدىي شىركىتى دەسلەپتە بۇ مال-

مۇلۇكلەرنى سېتىش ئۈچۈن زۆرۈر بولغان سودىلىشىشلارنىلا ئۆز ئۈستىگە ئالىدۇ. بۇ يەھۇدىي سېتىشلىرى ئەركىن ھالدا ۋە باھالارنىڭ جىددىي تۆۋەنلىشى بولماي ئېلىپ بېرىلىدۇ. شىركەتنىڭ ھەر خىل شەھەرلەردىكى شۆبە ئورۇنلىرى يەھۇدىي مۇلۇكلىرىنى سېتىش ئۈچۈن مەركىزىي ئىدارىلەرگە ئايلىنىدۇ ۋە مالىيە مۇقىملىقىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىش ئۈچۈنلا سودىلار ئۈستىدىن تاپان ھەققى ئالىدۇ. بۇ ھەرىكەتنىڭ تەرەققىياتى يەر-مۇلۇك باھالىرىنىڭ خېلى تۆۋەنلىشىگە سەۋەب بولۇشى مۇمكىن ۋە ئاخىرىدا ئۇنى سېتىش بازىرىنى تېپىشنى مۇمكىن بولمايدىغان قىلىپ قويۇشى مۇمكىن. بۇ جەھەتتە شىركەت ئۆزىنىڭ يەنە بىر تارماق ۋەزىپىسىگە كىرىشىدۇ. ئۇ تاشلاندۇق مۇلۇكلەرنى ئەڭ پايدىلىق ھالدا ساتالايدىغان ۋاقىتقىچە ئۇلارنى باشقۇرۇشنى ئۆز ئۈستىگە ئالىدۇ. ئۇ ئۆي ئىجارىلىرىنى يىغىدۇ، يەر-زېمىننى ئىجارىگە بېرىدۇ ۋە تىجارەت باشقۇرغۇچىلىرىنى تەيىنلەيدۇ - بۇلار، زۆرۈر بولغان نازارەت سەۋەبىدىن، مۇمكىن بولسا ئىجارىكەشلەر بولىشى كېرەك. شىركەت ھەممە يەردە خىرىستىئان ئىجارىكەشلىرىنىڭ يەر-زېمىن ئېلىشىنى ئاسانلاشتۇرۇشقا تىرىشىدۇ. دەرۋەقە، ئۇ ياۋروپا شۆبىلىرىدىكى ئۆز ئەمەلدارلىرىنى ئاستا-ئاستا خىرىستىئان ئورۇنباسارلار (ئادۋوكاتلار قاتارلىقلار) بىلەن ئالماشتۇرىدۇ ۋە بۇلار ھېچقاچان يەھۇدىيلارنىڭ خىزمەتچىلىرى بولۇپ قالماسلىقى كېرەك؛ ئۇلار خىرىستىئان ئاھالىگە نىسبەتەن ئەركىن ۋاكالەتچىلەر بولۇشى كۆزدە تۇتۇلغان، شۇنداق بولغاندا ھەممە ئىش ئادىللىق، ئادالەت ۋە ھەققانىيەت بىلەن ئېلىپ بېرىلىدۇ ۋە خەلقنىڭ ئىچكى بىخەتەرلىكى خەۋپكە ئۇچرىمايدۇ.

ئوخشاشلا، شىركەت مۇلۇكلەرنى ساتىدۇ ياكى تېخىمۇ توغرىراق ئېيتقاندا، ئۇلارنى ئالماشتۇرىدۇ. بىر ئۆي ئۈچۈن، ئۇ يېڭى دۆلەتتە بىر ئۆي تەكلىپ قىلىدۇ؛ يەر-زېمىن ئۈچۈن، يېڭى دۆلەتتە يەر-زېمىن تەكلىپ قىلىدۇ؛ مۇمكىن بولسا، ھەممە نەرسە كونا تۇپراقتىكىغا ئوخشاش ھالەتتە يېڭى تۇپراققا كۆچۈرۈلىدۇ ۋە بۇ يۆتكەش شىركەت ئۈچۈن زور ھەجىملىك ۋە ئېتىراپ قىلىنغان پايدا مەنبەسى بولىدۇ. «ئۇ يەردە» ئالماشتۇرۇشقا تەكلىپ قىلىنغان ئۆيلەر تېخىمۇ يېڭى، تېخىمۇ چىرايلىق ۋە تېخىمۇ چىرايلىق بېزەلگەن بولىدۇ، ھەمدە يەر-زېمىنلەر تاشلاپ كەتكەنلەردىن قىممەتراق بولىدۇ؛ لېكىن ئۇلار شىركەتكە

سىلىشتۇرغاندا ئازراق پۇلغا توختايدۇ، چۈنكى شىركەت يەرنى ناھايىتى ئەرزان سېتىۋالغان بولىدۇ.

## يەر سېتىۋېلىش

يەھۇدىيلار جەمئىيىتى خەلقئارا قانۇن ئارقىلىق كاپالەتكە ئىگە قىلىنىدىغان زېمىنلارنى، ئەلۋەتتە، شەخسىي يول بىلەن ئېلىشى كېرەك. شەخسلەرنىڭ ماكانلىشىشى ئۈچۈن قىلغان تەدبىرلىرى بۇ ئومۇمىي ھېساباتنىڭ دائىرىسىگە كىرمەيدۇ. ئەمما شىركەت ئۆزىنىڭ ۋە بىزنىڭ ئېھتىياجلىرىمىز ئۈچۈن چوڭ تېررىتورىيەلەرگە ئېھتىياجلىق بولىدۇ ۋە بۇلارنى مەركەزلەشتۈرۈلگەن سېتىۋېلىش ئارقىلىق كاپالەتكە ئىگە قىلىشى كېرەك. ئاساسەن، ئۇ «ئاشۇ يەردىكى» يەر-زېمىنلارنى ئىگىلەش ئۈچۈن مالىيە رايونلىرىنى ئېلىش توغرىسىدا سودىلىشىدۇ، بۇ يەردە بەك تۆۋەن باھا قوبۇل قىلىنمىغىنىدەك، ئۇ يەردىمۇ بەك يۇقىرى باھا تۆلىمەيدۇ. باھا ئۆستۈرۈشنى ئويلاشقا بولمايدۇ، چۈنكى يەرنىڭ قىممىتى شىركەت تەرىپىدىن، يەھۇدىيلار جەمئىيىتىنىڭ نازارىتى ئاستىدا ماكانلاشتۇرۇشنى تەشكىللەش ئارقىلىق بەلگىلىنىدۇ. كېيىنكىسى بۇ ئىشنىڭ پاناما ئەمەس، سۇۋەيش بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىدۇ. شىركەت ئەمەلدارلىرىغا مۇۋاپىق باھادا قۇرۇلۇش ئورۇنلىرىنى ساتىدۇ ۋە ئۇلارنىڭ ئۆيلىرىنى قۇرۇش ئۈچۈن گۆرۈگە قويۇش ئۇسۇلىنى يول قويىدۇ، تېگىشلىك مىقدارنى ئۇلارنىڭ مائاشلىرىدىن تۇتۇۋالىدۇ ياكى ئۇنى ئۇلارنىڭ ھېساباتىغا كۆپەيتىلگەن مۇكاپات سۈپىتىدە يېزىپ قويىدۇ. بۇ ئۇلار كۈتىدىغان ئىززەت ھۆرمەتلەرگە قوشۇمچە ئۇلارنىڭ خىزمەتلىرى ئۈچۈن قوشۇمچە تۆلەم بولىدۇ. بۇ يەر سودىسىنىڭ بارلىق چوڭ پايدىلىرى شىركەتكە بارىدۇ، بۇ شىركەتنى ئىش قىلغاندا مەلۇم دەرىجىدە خەتەرگە ئىتتىرىدىغانلىقى ئۈچۈن بۇ ئېنىقسىز مۇكاپاتنى ئېلىشى مۇقەررەر ۋە تەبىئىي. قاچانكى ئىش ھەرقانداق خەتەرنى ئۆز ئىچىگە ئالسا، پايدا خەتەرگە تەۋەككۇل قىلغانلارغا ئەركىن بېرىلىشى كېرەك. ئەمما باشقا ھېچقانداق ئەھۋالدا پايداغا يول قويۇلمايدۇ. مالىيە ئەخلاقى خەتەر بىلەن پايدا ئوتتۇرىسىدىكى ئالاقىدىن ئىبارەت.

## بىنالار

شىركەت ئۆيلەر ۋە زېمىنلارنى ئالماشتۇرىدۇ. يەرنىڭ قىممىتىنىڭ پەرۋىش قىلىش ئارقىلىق ئاشىدىغانلىقىنى چۈشىنىپ يەتكەن ھەر كىمگە ئايان بولۇشى كېرەككى، شىركەت ئۆزىنىڭ يەر مۈلكىدىن پايدا ئېلىشقا مەجبۇر. بۇنى شەھەر ۋە يېزىدىكى قورشالغان يەر پارچىلىرىدا ئەڭ ياخشى كۆرگىلى بولىدۇ. قۇرۇلۇش قىلىنمىغان رايونلارنىڭ قىممىتى ئەتراپتىكى تۇرالغۇ جايلارغا ئىشلەش ئارقىلىق ئاشىدۇ. پارىژنىڭ كېڭەيتىلىشىنى ئېلىپ بارغان كىشىلەر، بۇ ئىشنىڭ ئاددىيلىقىدىن ئۇنۇملۇك بىر يەر سودىسىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئېلىپ باردى؛ شەھەرنىڭ ئاخىرقى ئۆيلىرىنىڭ بىۋاسىتە يېقىنىدا يېڭى بىنالارنى قۇرۇش ئورنىغا، ئۇلار يېقىندىكى يەرلەرنى سېتىۋالدى ۋە بۇلارنىڭ ئەتراپىدىن قۇرۇلۇش باشلىدى. بۇ تەرتىپنى تەتۈر قىلىش قۇرۇلۇش ئورۇنلىرىنىڭ قىممىتىنى ئادەتتىن تاشقىرى تېزلىك بىلەن ئۆستۈردى ۋە تاشقى چەمبەرنى تاماملىغاندىن كېيىن، ئۇلار دائىم شەھەرنىڭ چېتىدە ئۆيلەر قۇرۇش ئورنىغا، بۇ قىممىتى يۇقىرى ئورۇنلاردا شەھەرنىڭ ئوتتۇرىسىدا قۇرۇلۇش قىلدى.

شىركەت ئۆزى قۇرۇلۇش ئىشلىرىنى قىلامدۇ ياكى مۇستەقىل مىمارلارنى ئىشلىتەمدۇ؟ ئۇ ھەر ئىككىسىنى قىلالايدۇ ھەم قىلىدۇ. پات يېقىندا كۆرسىتىلىدىغاندەك، ئۇنىڭ زور ئىشچى كۈچى بار. شىركەت بۇ ئىشچى كۈچىنى خوراتمايدۇ. بەلكى ئۇلارنى يورۇق ۋە خۇشال ھايات شارائىتىغا كۆچۈرىدۇ. شۇنداق بولسىمۇ ئۇلار قىممەت بولمايدۇ. بىزنىڭ گېئولوگلىرىمىز شەھەرلەرنىڭ ئورنىنى تاللىغاندا قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرىنى تەمىنلەشنى ئوبدان دەڭسەپ كۆرگەن بولىدۇ. ئۇنداقتا قۇرۇلۇشنىڭ پرىنسىپى نېمە بولۇشى كېرەك؟

## ئىشچىلارنىڭ تۇرالغۇلىرى

ئىشچىلارنىڭ تۇرالغۇلىرى (بارلىق خىزمەتچىلەرنىڭ تۇرالغۇلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) شىركەتنىڭ ئۆز ئىمكانىيىتى ۋە چىقىمى بىلەن قۇرۇلىدۇ. ئۇلار ياۋروپا شەھەرلىرىدىكى ۋەھىمىلىك ئىشچىلار گازارمىلىرىغا ئوخشىمايدۇ، زاۋۇتلارنى قورشاپ تۇرغان ئۇ سېسىق

كەپلەر رايونىغىمۇ ئوخشىمايدۇ؛ ئۇلار جەزمەن بىر خىل كۆرۈنۈشنى ئىپادىلەيدۇ، چۈنكى شىركەت نۇرغۇن قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرىنى تەمىنلىگەن يەردە ئەرزان قۇرۇشى كېرەك؛ ئەمما كىچىك باغچىلاردىكى ئايرىم ئۆيلەر ھەر بىر رايوندا جەلپكار يەرلەر بىلەن بىرلەشتۈرۈلىدۇ. زېمىننىڭ تەبىئىي شەكلى تېخى قائىدە بىلەن چەكلەنمىگەن ياش بىناكارلىرىمىزنىڭ ئىجادكارلىقىنى قوزغايدۇ؛ ھەتتا كىشىلەر پىلاننىڭ پۈتۈن مەنىسىنى چۈشەنمىسىمۇ، ئۇلار ھەر ھالدا ئۆزلىرىنىڭ توپلىرىدا ئۆزلىرىنى راھەت ھېس قىلىدۇ. ئىبادەتخانا ئۇزۇن مۇساپىلەردىن كۆرۈنىدۇ، چۈنكى بىزنى بىر قىلىپ مەۋجۇدلۇقىمىزنى ساقلاپ كەلگەن بىزنىڭ قەدىمكى ئېتىقادىمىزدۇر. ئەڭ زامانىۋى سىستېمىلار بويىچە سېلىنغان يورۇق، جەلپكار، گۈزەل ۋە مۇستەھكەم بالىلار مەكتەپلىرى بولىدۇ. ئىشچىلارنى تېخنىكىلىق بىلىملەر بىلەن تەربىيىلەيدىغان ۋە ئۇلارنىڭ ماشىنىلارنىڭ ئىشلەش جەريانى بىلەن چوڭقۇر چۈشىنىشىنى قولغا كەلتۈرىدىغان مۇنتىزىم مەكتەپلەر بولىدۇ. ھۇزۇر-ھالاۋەت جايلىرى بولىدۇ، ئۇنىڭ توغرا يوسۇندا خىزمەت قىلىشىغا يەھۇدىيلار جەمئىيىتى مەسئۇل بولىدۇ.

بىز، ھازىرچە ئۇلارنىڭ ئىچىدە نېمىلەر بولىدىغانلىقى ھەققىدە ئەمەس، پەقەت بىنالار ھەققىدە سۆزلەۋاتىمىز. مەن شىركەتنىڭ ئىشچىلارنىڭ تۇرالغۇ جايلىرىنى ئەرزان باھادا قۇرىدىغانلىقىنى ئېيتتىم. مول قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرىنىڭ يېقىن بولۇشى، شۇنداقلا شىركەتنىڭ ئۇ يەرلەرنىڭ ئىگىسى بولۇشى، شۇنداقلا ئىشچىلارغا ئىش ھەققى بەرمەسلىك قاتارلىقلار سەۋەبىدىن ئەرزا بولىدۇ. ئامېرىكىلىق دېھقانلار ئۆي قۇرۇشتا ئۆز-ئارا ياردەملىشىش سىستېمىسىنى ئىشلىتىدۇ. بۇ بالىلارچە دوستانە سىستېما قۇرۇلغان تاختا ئۆيلەردەك چىدامسىز. ئەمما ئۇنى تېخىمۇ ياخشى ئۇسۇلدا تەرەققىي قىلدۇرغىلى بولىدۇ.

## تېخنىكىسى بولمىغان ئىشچىلار

بىزنىڭ دەسلەپتە رۇسىيە ۋە رۇمىنىيەدىكى چوڭ بازىلاردىن كېلىدىغان تېخنىكىسىز ئىشچىلىرىمىز ئۆي قۇرۇشتا بىر-بىرىگە ياردەم قىلىشى كېرەك. ئۇلار باشتا ياغاچ بىلەن قۇرۇشقا مەجبۇر، چۈنكى

دەرھال تۈمۈر ئىشلىتىشكە بولمايدۇ. كېيىنچە بۇ ناچار ۋە ۋاقىتلىق بىنالار ياخشىراق تۇرالغۇلار بىلەن ئالماشتۇرۇلىدۇ. بىزنىڭ تېخنىكىسىز ئىشچىلىرىمىز ئاۋۋال بۇ پاناگاھلارنى بىر-بىرىگە ياردەملىشىپ قۇرىدۇ. ئاندىن ئۇلار ئىشلەش ئارقىلىق بۇ ئۆيلەرنى مەڭگۈلۈك مۈلكىگە ئايلاندۇرالايدۇ. بۇ دەرھال ئەمەس، بەلكى ئۈچ يىل ياخشى خىزمەت قىلغاندىن كېيىن مۇشۇنداق بولىدۇ. مۇشۇنداق قىلىپ تەدرىجىي ئىنتايىن كۈچلۈك ۋە قابىلىيەتلىك ئادەملىرىمىز يېتىشىپ چىقىدۇ. بۇ ئادەملەر ياخشى تەرتىپ ۋە ئىنتىزام ئاستىدا ئۈچ يىللىق ئەمگەك بىلەن تۇرمۇشتا ئەمەلىي تەربىيىلىنىپ چىقىدۇ. مەن ئىلگىرى شىركەتنىڭ بۇ تېخنىكىسىز ئىشچىلارغا ھەق تۆلىمەيدىغانلىقىنى ئېيتقان ئىدىم. ئۇلار نېمىگە تايىنىپ ياشايدۇ؟ ئومۇمەن، مەن تاۋار تۈزۈمىگە قارشى. ئەمما ئۇ بۇ تۈنجى ماكانلىشىۋاتقانلارغا تەدبىق قىلىنىشى كېرەك. شىركەت ئۇلارنى ھەر خىل يوللار ئارقىلىق ، ئۇلارنىڭ كۈندىلىك خىراجىتىنى ئۈستىگە ئالسا بولىدۇ. ھەر قانداق ئەھۋالدا، تاۋار تۈزۈمى پەقەت دەسلەپكى بىر قانچە يىلدا كۈچكە ئىگە بولىدۇ. ئۇ ئىشچىلارنى كىچىك سودىگەرلەر، ئۆي ئىگىلىرى ۋە باشقىلار تەرىپىدىن سۇيئىستېمال قىلىنىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئارقىلىق ئۇلارغا پايدا يەتكۈزىدۇ. شىركەت شۇنداقلا بىزنىڭ بۇ يەردە يايمىكەشلەرگە ئايلانغان كىشىلىرىمىزنىڭ ئۇ يەردە يەنە ئوخشاش كەسىپلەردە تىرىكچىلىك قىلىشلىرىغا پۇرسەت ۋە شارائىت يارىتىپ بەرمەيدۇ. شىركەت يەنە ھاراقكەشلەر ۋە بۇزۇق ئەرلەرنى چەتكە قاقىدۇ. دېمەك ئولتۇراقلىشىشنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە ھېچقانداق ئىش ھەققى تۆلەنمەيدۇ. ئەلۋەتتە، نورمىدىن ئارتۇق ئىشلەنگەن تەقدىردە ھەق بېرىلىدۇ.

## يەتتە سائەتلىك خىزمەت كۈنى

يەتتە سائەتلىك خىزمەت كۈنى مۇنتىزىم خىزمەت كۈنىدۇر. بۇ ئوتۇن كېسىش، قېزىش، تاش چېقىش ۋە باشقا يۈزلىگەن كۈندىلىك ۋەزىپىلەرنىڭ پەقەت يەتتە سائەت ئىچىدىلا ئورۇندىلىشى كېرەك دېگەنلىك ئەمەس. ياق، ئەلۋەتتە ئۇنداق ئەمەس. ئون تۆت سائەتلىك خىزمەت بولىدۇ. ئىش ئۈچ يېرىم سائەتلىك نۆۋەتلەر بويىچە ئورۇندىلىدۇ. بۇنىڭ ھەممىسى مۇنتىزىم يەنى ھەربىيچە ئۇسۇل بويىچە تەشكىللىنىدۇ.

بۇيرۇقلار، ئۆستۈرۈلۈشلەر ۋە پىنسىيەلەر بولىدۇ. بۇ پىنسىيەلەرنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۇسۇلى كېيىن چۈشەندۈرۈلىدۇ. تىمەن ئادەم ئۈچ يېرىم سائەت ئىچىدە خېلى كۆپ ئىشنى قىلالايدۇ. ئوخشاش ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن ئۇ يەنە خىزمەت ئۈچۈن تەييار بولغان بولىدۇ. بۇ ۋاقىتنى ئۇ دەم ئېلىشقا، ئائىلىسىگە ۋە تەلىم- تەربىيەسىگە سەرپ قىلىدۇ. بۇنداق ئەمگەك سىستېمىسى مۆجىزىلەرنى يارىتالايدۇ.

يەتتە سائەتلىك خىزمەت كۈنى ئون تۆت سائەتلىك بىرلەشمە خىزمەتنى كۆرسىتىدۇ. بىر كۈنگە بۇنىڭدىن ئارتۇقنى سىغدۇرغىلى بولمايدۇ. مەن بۇ يەتتە سائەتلىك خىزمەت كۈنىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك تونۇشتۇرۇشنىڭ پۈتۈنلەي مۇمكىن ئىكەنلىكىگە ئىشىنىمەن. بېلگىيە ۋە ئەنگلىيىدە بۇ ساھەدە قىلىنغان تىرىشچانلىقلار ھەممىگە مەلۇم. بۇ تېمىنى تەتقىق قىلغان بەزى ئالدىنقى قاتاردىكى سىياسىي ئىقتىسادچىلار بەش سائەتلىك خىزمەت كۈنىنىڭ يېتەرلىك بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈشمەكتە. يەھۇدىيلار جەمئىيىتى ۋە يەھۇدىي شىركىتى دۇنيانىڭ باشقا مىللەتلىرىگە پايدا يەتكۈزىدىغان يېڭى ۋە كەڭ كۆلەملىك تەجرىبىلەرنى ئېلىپ بارىدۇ. ئەگەر يەتتە سائەتلىك خىزمەت كۈنى ئۆزىنىڭ ئۈنۈمىنى ۋە ئەمەلىيەتچانلىقىنى ئىسپاتلىسا، ئۇ بىزنىڭ كەلگۈسى دۆلىتىمىزدە قانۇنىي ۋە مۇنتىزىم خىزمەت كۈنى قىلىپ بېكىتىلىدۇ. شىركەت ھەمىشە ئۆز خىزمەتچىلىرىگە يەتتە سائەتلىك خىزمەت كۈنى بويىچە خىزمەت قىلىشقا ئىمكانىيەت يارىتىپ بېرىدۇ.

يەتتە سائەتلىك خىزمەت كۈنى خەلقىمىزنى دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىن چاقىرىدىغان چاقىرىق بولىدۇ. ھەممەيلەن ئىختىيارىي كېلىشى كېرەك، چۈنكى بىزنىڭكى ھەقىقەتەن ۋەدە قىلىنغان زېمىن بولۇشى كېرەك...

يەتتە سائەتتىن ئۇزۇن ئىشلىگەن ھەر كىم، ئارتۇقچە ۋاقىت ئۈچۈن قوشۇمچە ھەققىنى نەق پۇل بىلەن ئالىدۇ. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ بارلىق ئېھتىياجلىرىنىڭ قامدالغانلىقى ۋە ئىشلەشكە ئامالسىز بولغان ئائىلە ئەزالىرىنىڭ خەير-ساخاۋەت مۇئەسسەسەلىرى تەرىپىدىن تەمىنلەنگەن-لىكىنى كۆرۈپ، مەلۇم مىقداردا پۇلمۇ تېجەپ قالالايدۇ. خەلقىمىزنىڭ تېپىك ئالاھىدىلىكى بولغان تېجەشچانلىق خۇسۇسىيىتى چوقۇم تېخىمۇ رىغبەتلەندۈرۈلۈشى كېرەك، چۈنكى ئۇ، بىرىنچىدىن،

شەخسلەرنىڭ يۇقىرى دەرىجىلەرگە كۆتۈرۈلۈشىنى ئاسانلاشتۇرىدۇ؛ ئىككىنچىدىن، تېجەلگەن پۇل كەلگۈسى قەرزلەر ئۈچۈن غايەت زور زاپاس فوند تەمىنلەيدۇ. ئارتۇقچە ۋاقىت ئىشلەش پەقەت دوختۇرنىڭ رۇخسىتى بىلەن ئاندىن بولىدۇ ۋە بۇ ئۈچ سائەتتىن ئېشىپ كەتمەسلىكى كېرەك. چۈنكى بىزنىڭ ئەرلىرىمىز يېڭى دۆلەتتە ئىشلەشكە ئېقىپ كېلىدۇ ۋە دۇنيا بىزنىڭ قانچىلىك تىرىشچان بىر خەلق ئىكەنلىكىمىزنى كۆرىدۇ. مەن ئوقۇرمەنلىرىمنى قالايمىقانلاشتۇرۇۋېتىشتىن قورقۇپ، «تراك سىستېمىسى»نى[1] ئېلىپ بېرىش ئۇسۇلىنى تەرىپلىمەيمەن ياكى ھەرقانداق جەريانىنىڭ سان-ساناقسىز تەپسىلاتلىرى ئۈستىدە توختالمايمەن. ئاياللارنىڭ ھەرقانداق جاپالىق خىزمەت قىلىشىغا ياكى ئارتۇقچە ۋاقىت ئىشلىشىگە رۇخسەت قىلىنمايدۇ.

ھامىلدار ئاياللار بارلىق ئەمگەكتىن بوشىتىلىدۇ ۋە «تراك» تەرىپىدىن ئوزۇقلۇق يېمەكلىك بىلەن تەمىنلىنىدۇ. بىز كەلگۈسى ئەۋلادلىرىمىزنىڭ كۈچلۈك ئەر-ئاياللار بولۇشىنى خالايمىز.

بىز باللارنى باشتىن باشلاپ خالىغىنىمىزدەك تەربىيىلەيمىز؛ لېكىن بۇنىمۇ تەپسىلىي بايان قىلمايمەن.

ئىشچىلارنىڭ تۇرالغۇلىرى، تەربىيىلەنگەن ئەمگەكچىلەر ۋە ئۇلارنىڭ تۇرمۇش شەكلى ھەققىدىكى بايانلىرىم پىلانىمنىڭ قالغان قىسمىدىن ھېچقانچە ئارتۇق خىيالپەرەستلەرچە ئەمەس. مەن گېپىنى قىلغان ھەممە نەرسە ھازىرنىڭ ئۆزىدە ئەمەلگە ئاشۇرۇلماقتا، پەقەت ئۇ ئىنتايىن كىچىك كۆلەمدە، ھېچكىم دىققەت قىلمايدىغان ياكى چۈشەنمەيدىغان ھالەتتە، خالاس. مەن پارىژدا تونۇپ چۈشىنىشكە مۇۋەپپەق بولغان «ئەمگەك ئارقىلىق ياردەم»، ماڭا يەھۇدىي مەسىلىسىنى ھەل قىلىشتا چوڭ ياردەم بەردى.

## ئەمگەك ئارقىلىق ياردەم

ھازىر پارىژ قاتارلىق فرانسىيەنىڭ نۇرغۇن شەھەرلىرىدە، ئەنگلىيەدە، شۋېتسارىيەدە ۋە ئامېرىكىدا قوللىنىلىۋاتقان ئەمگەك ئارقىلىق ياردەم

[1] : ئىش ھەققىنى مال ئارقىلىق تۆلەش ئۇسۇلى.Truck system

سىستېمىسى ناھايىتى كىچىك بىر نەرسە، ئەمما ئۇ كېڭەيتىلىشكە ئوچۇقتۇر.

ئەمگەك ئارقىلىق ياردەم سىستېمىسىنىڭ پرىنسىپى نېمە؟ ھەر بىر مۇھتاج ئادەمنى ئاسان، ماھارەت ۋە تېخنىكا تەلەپ قىلمايدىغان ئىش بىلەن تەمىنلەش، مەسىلەن ئوتۇن پارچىلاش ياكى پارىژدىكى ئائىلىلەرنىڭ مەشلىرىنى يېقىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان ئوتۇن يېرىش دېگەندەك. بۇ جىنايەتتىن ئىلگىرى كىشىلىك خاراكتېرىنى يوقاتماي قىلىنغان بىر خىل تۈرمە ئىشىدۇر. بۇ كىشىلەرنى موھتاجلىقتىن جىنايەتكە مېڭىپ قېلىشتىن توسۇش، ئۇلارغا ئىش بېرىش ۋە ئۇلارنىڭ ئىشلەش رازىلىقىنى سىناش ئۈچۈندۇر. ئاچارچىلىقنىڭ ھەرگىز كىشىلەرنى ئۆز-ئۆزىنى ئۆلتۈرۈشكە ئىتتىرىشكە ھەرگىز يول قويۇلماسلىقى كېرەك؛ چۈنكى بۇنداق ئۆز-ئۆزىنى ئۆلتۈرۈشلەر بايلارنىڭ ئىتلىرىغا نان پارچىلىرىنى تاشلىشىغا يول قويىدىغان مەدەنىيەتنىڭ ئەڭ چوڭقۇر شەرمەندىچىلىكىدۇر. ئەمگەك ئارقىلىق ياردەم سىستېمىسى ھەر بىر ئادەمنى ئىش بىلەن تەمىنلەشنى مەقسەت قىلىدۇ. بۇ سىستېمىنىڭ ئاساسىي چۈشەنچىسى شۇكى، تىلەمچىگە پۇل بېرىشنىڭ ئورنىغا ئۇنى ئىش بىلەن تەمىنلەپ، ھالال ئابرويلۇق ئىشلەپ يېگۈچىگە ئايلاندۇرۇش ئىبارەت. سىستېمىنىڭ چوڭ بىر يېتەرسىزلىكى مۇنداق: تېخنىكىسىز ئىشچىلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىشقا يېتەرلىك دەرىجىدە چوڭ تەلەپ يوق. شۇڭا ئۇلارنى ئىشقا ئالغان تەشكىلاتلارغا زىيان كېلىدۇ. گەرچە تەشكىلات خەير-ساخاۋەتلىك بولۇپ زىيانغا تەييار بولسىمۇ، بۇ يەردە خەير-ئېھسان پەقەت ئىش ئۈچۈن تۆلەنگەن باھا بىلەن ئۇنىڭ ئەمەلىي قىممىتى ئوتتۇرىسىدىكى پەرقتىلا ياتىدۇ. تىلەمچىگە ئىككى سۇ بېرىشنىڭ ئورنىغا، مۇئەسسەسە ئۇنى ئىككى سۇ زىيان تارتىدىغان ئىش بىلەن تەمىنلەيدۇ. ئەمما شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ھېچ نەرسىگە يارىمايدىغان تىلەمچىنى 1 فرانك 50 سېنت تاپقان ھالال ئابرويلۇق ئىشلەپ يېگۈچىگە ئايلاندۇرىدۇ. 10 سېنت ئۈچۈن 150 سېنت! دېمەك، ھېچقانداق كەمسىتىشكە ئۇچرىمىغان خەير-ئېھساننى ئالغۇچى ئۇنى ئون بەش ھەسسە ئاشۇرىدۇ! مۇئەسسەسە جەزمەن 10 سېنت يوقىتىدۇ. ئەمما يەھۇدىي شىركىتى بىر مىليوننى يوقاتمايدۇ؛ ئۇ بۇ چىقىمدىن جىق پايدا ئالىدۇ. ھازىر مەۋجۇت بولغان ئەمگەك سىستېمىسى ئارقىلىق ياردەمنىڭ كىچىك قۇرۇلمىسى

ئەخلاقىي جەھەتتىن ئاكتىپ رول ئوينايدۇ. ئىشسىز قالغان ئادەم ئۆزىنىڭ قابىلىيىتىگە مۇناسىپ خىزمەت ئورنىنى تاپقۇچە (مەيلى بۇ ئۇنىڭ كونا كەسپىدە ياكى يېڭى بىر كەسپتە بولسۇن) تىرىشچانلىق ئارقىلىق تۇرمۇشىنى ساقلايدۇ. ئۇنىڭغا بىر ئورۇن ئىزدەش مەقسىتىدە كۈنىگە بىر قانچە سائەت رۇخسەت قىلىنىدۇ، بۇ ۋەزىپىدە مۇئەسسەسەلەر ئۇنىڭغا ياردەم قىلىدۇ. ھازىرغىچە، بۇ كىچىك تەشكىلاتلارنىڭ كەمچىلىكى ئۇلارنىڭ ياغاچ سودىگەرلىرى قاتارلىقلار بىلەن رىقابەتلى-شىشتىن چەكلەنگەنلىكىدىن بولغان. ياغاچ سودىگەرلىرى سايلىغۇچىلار بولۇپ ئۇلار نارازىلىق بىلدۈرىدۇ، شۇنداقلا نارازىلىق بىلدۈرۈشتە تامامەن ھەقلىقتۇر. دۆلەتنىڭ تۇرمە ئەمگىكى بىلەن رىقابەتلىشىشمۇ مەنئى قىلىنغان، چۈنكى دۆلەت ئۆزىنىڭ جىنايەتچىلىرىنى بىرەر ئىش بىلەن بەند قىلىشى ۋە بېقىشى كېرەك.

ئەمەلىيەتتە، بۇرۇن قۇرۇلغان بىر جەمئىيەتتە «ئەمگەك ئارقىلىق ياردەم» سىستېمىسىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك قوللىنىش ئۈچۈن ناھايىتى ئاز بوشلۇق مەۋجۇت. ئەمما يېڭى بىر جەمئىيەتتە بوشلۇق كۆپ. چۈنكى، ھەممىدىن مۇھىمى، بىز ماكانلىشىشىنىڭ دەسلەپكى قوپال ئىشلىرىنى قىلىش، يوللارنى ياساش، كۆچەت تىكىش، يەرنى تەكشىلەش، تۆمۈر يول، تېلېگراف قۇرۇلۇشلىرى قاتارلىقلارنى قۇرۇش ئۈچۈن زور ساندىكى تېخنىكسىز ئىشچىلارغا ئېھتىياجلىقمىز. بۇلارنىڭ ھەممىسى ئالدىن بەلگىلەنگەن چوڭ پىلان بويىچە ئېلىپ بېرىلىدۇ.

## سودا-سېتىق

يېڭى دۆلەتتە ئېلىپ بېرىلىدىغان ئەمگەك تەبىئىي ھالدا سودا-سېتىقنى شەكىللەندۈرىدۇ. تۇنجى بازارلار پەقەت ھاياتنىڭ مۇتلەق زۆرۈرىيەتلىرىنى ۋە ئېھتىياجلىرىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىدۇ ؛ چارۋا ماللار، ئاشلىق، خىزمەت كىيىملىرى، قوراللار قاتارلىقلار بولۇپ، مەن پەقەت بىر قانچە نەرسىنى تىلغا ئالاي. بىز بۇلارنى دەسلەپتە قوشنا دۆلەتلەردىن ياكى ياۋروپادىن ئېلىشقا مەجبۇر بولىمىز؛ ئەمما بىز مۇمكىن قەدەر تېزلىكتە ئۆزىمىزنى مۇستەقىل قىلىمىز. يەھۇدىي ئىگىلىك تىكلىگۈچىلەر يېڭى دۆلەت تەمىنلىگەن تىجارەت پۇرسەت-لىرىنى تېزلا تونۇپ يېتىدۇ.

شىركەت ئەمەلدارلىرى ئاستا-ئاستا ھاياتىنىڭ تېخىمۇ ئىنچىكە تەلەپلىرىنى ئىقتىسادىي ساھەگە كىرگۈزىدۇ. (ئەمەلدارلار مۇداپىئە كۈچلىرىمىزنىڭ ئوفېتسېرلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، ئۇلار ھەمىشە ئەر كۆچمەنلىرىمىزنىڭ ئوندىن بىر قىسمىنى تەشكىل قىلىدۇ. ئۇلارنىڭ سانى قوزغىلاڭلارنى تىنچىتىش ئۈچۈن يېتەرلىك بولىدۇ، چۈنكى كۆچمەنلىرىمىزنىڭ كۆپچىلىكى تىنچلىق تەرەپدارى بولىدۇ.) يۇقىرى ئورۇندىكى ئەمەلدارلىرىمىز ھاياتىنىڭ ئىنچىكە تەرەپلىرىگە دائىر ئىقتىسادىي ساھەگە كىرگۈزگەن تەلەپلىرى بولسا مۇۋاپىق يۈكسىلىدىغان بازارنى يارىتىدۇ، بۇ بازار ئۆزىنى ئىزچىل تۈردە ياخشىلاشنى داۋاملاشتۇرىدۇ. ئۆيلەنگەن ئەر «ئۇ يەردە» يېڭى ئۆي قۇرۇلغان ھامان ئايالى ۋە بالىلىرىنى، بويتاقلار ئاتا-ئانىسى ۋە تۇغقانلىرىنى چاقىرتىدۇ. ئامېرىكا قوشما شتاتلىرىغا كۆچۈپ كەتكەن يەھۇدىيلار ھەمىشە مۇشۇنداق يول تۇتىدۇ. ئۇلاردىن بىرى كۈندىلىك يېمەكلىك ۋە ئۆي ئوچىقىغا ئېرىشكەن ھامان، يېقىن-يورۇقلىرىنى چاقىرتىدۇ؛ چۈنكى ئائىلە رىشتىلىرى بىزنىڭ ئارىمىزدا كۈچلۈك. يەھۇدىيلار جەمئىيىتى ۋە يەھۇدىي شىركىتى ئائىلىلەرگە تېخىمۇ كۆڭۈل بۆلۈپ، ئۇلار پەقەت ئەخلاقىي جەھەتتىنلا ئەمەس، ماددىي جەھەتتىنمۇ كۈچەيتىش ئۈچۈن بىرلىشىدۇ. ئەمەلدارلار ئۆيلىنىش ۋە بالىلارنىڭ تۇغۇلۇشىدا قوشۇمچە ئىش ھەققى ئالىدۇ، چۈنكى بىزگە ئۇ يەردىكى ھەممەيلەن ۋە ئەگىشىپ كېلىدىغانلارنىڭ جىمىسى كېرەك.

## باشقا خىلدىكى تۇرالغۇلار

مەن ئىلگىرى پەقەت ئىشچىلارنىڭ ئۆزلىرى قۇرغان تۇرالغۇلىرىنى تەسۋىرلىدىم ۋە باشقا خىلدىكى تۇرالغۇلار توغرۇلۇق پەقەتلا توختالمىدىم. مەن ئەمدى ئۇلار ھەققىدە توختىلىمەن. شىركەتنىڭ بىناكارلىرى ھەم نامرات سىنىپ پۇقرالار ئۈچۈن قۇرۇلۇش قىلىدۇ، ماتېرىيال ياكى نەق پۇل بىلەن ھەق ئالىدۇ؛ تەخمىنەن يۈز خىل ئوخشىمىغان تىپتىكى ئۆيلەر قۇرۇلىدۇ ۋە ئەلۋەتتە بۇلار تەكرارلىنىدۇ. بۇ گۈزەل ئۆيلەر بىزنىڭ تەشۋىقاتىمىزنىڭ بىر قىسمىنى تەشكىل قىلىدۇ. ئۇلارنىڭ قۇرۇلۇشىنىڭ ساغلام بولۇشىغا شىركەت كاپالەتلىك قىلىدۇ ۋە بۇ ئۆيلەرنى ئولتۇراقلاشقۇچىلارغا مۇقىم سومما بىلەن سېتىش ئارقىلىق

پەقەتلا ھېچقانداق كىرىم قىلمايدۇ. بۇ ئۆيلەر قەيەرگە جايلاشقان بولىدۇ؟ بۇلار يەرلىك گۇرۇپپىلارغا مۇناسىۋەتلىك بۆلۈمدە كۆرسىتىلىدۇ.

شىركەت قۇرۇلۇش ئىشلىرىدىن ئەمەس، پەقەت يەر-زېمىندىن پايدا ئېلىشنى خالىمىغاچقا، ئۇ مۇمكىن قەدەر كۆپ بىنكارلارنىڭ شەخسىي كېلىشىم بويىچە قۇرۇلۇش قىلىشىنى ئارزۇ قىلىدۇ. بۇ سىستېما يەر مۈلكىنىڭ قىممىتىنى ئۆستۈرۈپ ھەيۋەتلىكىنى ئاشۇرىدۇ. بۇ نۇرغۇن مەقسەتلەرگە خىزمەت قىلىدۇ. ئېسىل سەنئەت ۋە سانائەتنى رىغبەتلەندۈرىدۇ، كەلگۈسىدە چوڭ مۈلۈكلەرنىڭ بارلىققا كېلىشىگە شارائىت ھازىرلايدۇ. ھازىر ئۆزلىرىنىڭ قىممەتلىك نەرسىلىرىنى ئۈستىلىق بىلەن يوشۇرۇشقا ۋە ئۆزلىرىنىڭ زېرىكىشلىك زىياپەتلىرىنى چۈشۈرۈلگەن پەردىلەر كەينىدە ئۆتكۈزۈشكە مەجبۇر بولۇۋاتقان باي يەھۇدىيلار «ئۇ يەردە» ئۆزلىرىنىڭ مۈلۈكلىرىدىن خاتىرجەم ھوزۇرلىنالايدۇ. ئەگەر ئۇلار بۇ كۆچۈش پىلانىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتا ھەمكارلاشسا، ئۇلارنىڭ مەبلىغى قايتا ئەسلىگە كەلتۈرۈلىدۇ ۋە مىسلى كۆرۈلمىگەن بىر ئىشنى ئىلگىرى سۈرۈشكە خىزمەت قىلغان بولىدۇ. ئەگەر يېڭى ماكانلاشقان يەردە بايلار ياۋروپادا ھەسەت كۆزى بىلەن قارالغان ھەشەمەتلىك ئۆيلىرىنى قايتىدىن ياساشقا باشلىسا، ئۇ يەردە چىرايلىق زامانىۋى ئۆيلەردە ياشاش تېزلا مودا بولىدۇ.

## يۆتكەشنىڭ بەزى تۈرلىرى

يەھۇدىي شىركىتىنىڭ ۋەزىپىسى يەھۇدىيلارنىڭ كۆچمەس مال-مۈلكىنى قوبۇل قىلىش ۋە باشقۇرۇشتۇر. شىركەتنىڭ ئۆي-جاي ۋە يەر-زېمىننى يۆتكەش ئۈچۈن قانداق ئۇسۇلنى ئىشلىتىشىنى ئاسان تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولىدۇ. ئەمما سودا-سېتىقنى يۆتكەش ئۈچۈن قانداق ئۇسۇل ئىشلىتىلىدۇ؟ بۇ يەردە كۆپ ئۇسۇللار بار. بۇلارنىڭ ھەممىسىنى بۇ قىسقا چۈشەندۈرۈشتە كۆرسىتىش مۇمكىن ئەمەس. ئەمما ھېچبىرى چوڭ قىيىنچىلىق كەلتۈرمەيدۇ. چۈنكى ھەر بىر سودىگەر ئۆز ئىختىيارى بىلەن كۆچۈپ كېتىشنى قارار قىلغاندا، ئۇ ئۆز رايونىدىكى شىركەت خىزمەتچىلىرى بىلەن ئەڭ پايدىلىق يۆتكەش ئۇسۇلى توغرىسىدا كېلىشەلەيدۇ. بۇ ئىش كىچىك سودىگەرلەر ئۈچۈن ئەڭ ئاسان. ئۇلارنىڭ سودىسىدا ئىگىسىنىڭ شەخسىي پائالىيىتى ئەڭ مۇھىم. مال ۋە

شىركەت ئىككىنچى ئورۇندا تۇرىدۇ. شىركەت كۆچۈپ كەتكۈچىنىڭ شەخسىي پائالىيىتى ئۈچۈن مەلۇم بىر ساھە بىلەن تەمىنلەيدۇ. ئۇنىڭ مېلىنىڭ ئورنىغا بىر پارچە يەر ۋە ماشىنا قەرزى بېرىدۇ. يەھۇدىيلار ھەر خىل تىرىشچىلىق ئۇسۇلىغا تېزلا ماسلىشىدۇ. ئۇلار يېڭى كەسىپنى تېز ئۆگىنىدۇ. بۇ يول بىلەن نۇرغۇن كىچىك سودىگەرلەر كىچىك يەر ئىگىسىگە ئايلىنىدۇ. شىركەت ئەڭ كەمبەغەل كۆچۈپ كەتكۈچىلەرنىڭ يۆتكىلى بولمايدىغان مال-مۈلكىنى ئېلىشتا زىيان تارتقاندەك كۆرۈنسىمۇ، بۇنى قوبۇل قىلىشقا تەييار. چۈنكى بۇ يول بىلەن يەر-زېمىنىنىڭ ئەركىن تېرىلىشىغا شارائىت يارىتىپ بېرىدۇ. بۇ يېقىندىكى قوشنا يەر-زېمىنىنىڭمۇ قىممىتىنى ئاشۇرىدۇ.

ئوتتۇرا كۆلەملىك تىجارەتلەردە ئەھۋال باشقىچە بولۇپ، مال ۋە تەشكىللەش باشقۇرغۇچىنىڭ شەخسىي پائالىيىتىگە تەڭ ياكى بەزىدە ئۇنىڭدىن مۇھىم بولغاندا، تېخىمۇ كەڭ دائىرىلىك ئالاقىسىمۇ ئۆتكۈزۈپ بېرىلمەيدىغان بولغاچقا، بۇ ئەھۋالدا ھەرخىل يۆتكەش ئۇسۇللىرى مۇمكىن بولىدۇ. بۇ خىرىستىئان پۇقرالار ئۈچۈن پۇرسەت كەلتۈرىدۇ. ئۇلار يەھۇدىيلار بوشاتقان ئورۇنلارغا كۆچۈپ كېلەلەيدۇ. بۇنى ئىچكى كۆچۈش دەيمىز. كۆچۈپ كېتىدىغان يەھۇدىيلار شەخسىي تىجارەتتىكى ئىشەنچلىكنى يوقاتمايدۇ. ئۇ بۇنى ئۆزى بىلەن تەڭ ئېلىپ ماڭىدۇ. يېڭى دۆلەتتە ئورۇنلىشىش ئۈچۈن بۇنىڭدىن ياخشى پايدىلىنىدۇ. يەھۇدىي شىركىتى ئۇنىڭ ئۈچۈن بانكا ھېساباتى ئاچىدۇ. كۆچۈپ كېتىدىغان يەھۇدىيلارنىڭ بىر نەچچە تاللىشى بار. ئۇ ئەسلىدىكى تىجارىتىنىڭ ياخشى نامىنى ساتالايدۇ ياكى ئۇنى باشقۇرغۇچىلارغا تاپشۇرالايدۇ. شىركەت ئەمەلدارلىرى بۇ باشقۇرغۇچىلارنى نازارەت قىلىدۇ. باشقۇرغۇچىلار تىجارەتنى ئىجارىگە ئالالايدۇ ياكى ئۇنى سېتىۋالالايدۇ. ئەگەر سېتىۋالسا، بۆلۈپ تۆلىيەلەيدۇ. شىركەت كۆچمەنلەرنىڭ ۋاقىتلىق كاپالەتچىسى سۈپىتىدە خىزمەت قىلىدۇ. شىركەت مەسئۇللىرى ۋە ئادۋوكاتلىرى ئارقىلىق ئۇلارنىڭ ئىشلىرىنى نازارەت قىلىدۇ. بارلىق تۆلەملەرنىڭ توغرا يىغىلىشىغا قارايدۇ. بەزى يەھۇدىيلار ياشاۋاتقان يېرىدە قېلىشنى تاللىشى مۇمكىن. تىجارىتىنى ساتالمىغان ياكى ئۇنى بىرەر ۋاكالەتچىگە ئامانەت قىلالمىغان ۋەياكى شەخسىي باشقۇرۇشتىن ۋاز كېچەلمىسە ياشاۋاتقان جايىدا قالسا بولىدۇ. قالىدىغان يەھۇدىيلار بەكمۇ يامان كۈن كۆرۈپ كەتمەيدۇ. كېتىپ قالغانلارنىڭ رىقابىتىدىن

قۇتۇلىدۇ ۋە ئۇلار ئەمدى «يەھۇدىيلاردىن سېتىۋالماڭلار!» دېگەن يەھۇدىي دۈشمەنلىكى ۋارقىراشلىرىنى ئاڭلىمايدۇ.

ئەگەر كۆچكەن تىجارەتچى ئۆزىنىڭ كونا تىجارىتىنى يېڭى دۆلەتتە داۋاملاشتۇرماقچى بولسا، ئۇ بۇنىڭ ئۈچۈن باشتىن باشلاپ بارلىق تەييارلىقلىرىنى قىلالايدۇ. بىر مىسال مېنىڭ مەقسىتىمنى ئەڭ ياخشى چۈشەندۈرىدۇ. ئىكس (X) شىركەت قۇرۇق مال-مۈلۈك بىلەن چوڭ تىجارەت ئېلىپ بارىدۇ. شىركەت خوجايىنى كۆچمەكچى بولغاندا، ئۇ كەلگۈسىدىكى تۇرار جايىدا بىر شۆبە تىكلەپ، ئۆز تاۋارلىرىدىن ئەۋرىشكىلەرنى ئەۋەتىش بىلەن باشلايدۇ. تۇنجى قېتىم كۆچكەن نامرات كۆچمەنلەر ئۇنىڭ تۇنجى خېرىدارلىرى بولىدۇ، ئۇلاردىن كېيىن يۇقىرى تەبىقىدىكى كۆچمەنلەر كېلىدۇ ۋە ئۇلار ئۈستۈن سۈپەتلىك تاۋارلارنى تەلەپ قىلىدۇ. ئاندىن مەلۇم شىركەت تېخىمۇ يېڭى تاۋارلارنى ئەۋەتىدۇ ۋە ئاخىردا ئەڭ يېڭى تاۋارلارنى يوللايدۇ. شۆبە تەسىس قىلىنغان ئاساسىي تەسىس مەۋجۇت ئەھۋال ئاستىدا، پايدا ئېلىپ كېلىشكە باشلايدۇ. شۇڭا ئىكس شىركەت ئاخىرىدا ئىككى پايدىلىق شەكىلدە تىجارىتىنى ئاخىرلاشتۇرىدۇ. ئۇ ئەسلىدىكى تىجارىتىنى ساتىدۇ ياكى ئۇنى باشقۇرۇش ئۈچۈن ئۆزىنىڭ ئىشەنچلىك ۋەكىلىگە تاپشۇرۇپ بېرىدۇ، ئاندىن يېڭى تىجارەتخانىنى تولۇق قولغا ئېلىش ئۈچۈن يولغا چىقىدۇ.

يەنە بىر تېخىمۇ چوڭ مىسال : ئىكس كىشى ۋە ئوغلىنىڭ كانلىرى ۋە زاۋۇتلىرى بولغان چوڭ كۆمۈر كان كارخانچىلىرىدۇر. بۇنچە چوڭ ۋە مۇرەككەپ بايلىقنى قانداق بىر تەرەپ قىلىش كېرەك؟ بىرىنچى ئۇسۇل: كانلار ۋە ئۇلار بىلەن باغلىق بارلىق نەرسىلەرنى شۇلار تۇرۇشلۇق دۆلەت سېتىۋالىدۇ.. ئىككىنچى ئۇسۇل: يەھۇدى شىركىتى ئۇلارنى ئۆزىگە سېتىپ ئالىدۇ. پۇلنىڭ بىر قىسمىنى يەر بىلەن، بىر قىسمىنى نەق پۇل بىلەن تۆلەيدۇ. ئۈچىنچى ئۇسۇل: ئىكس كىشى ۋە ئوغۇلنى چەكلىك مەسئۇلىيەتلىك شىركەتكە ئايلاندۇرۇش. تۆتىنچى ئۇسۇل: ئەسلىدىكى خوجايىنلار تىجارەتنى داۋاملاشتۇرىدۇ. ئۇلار قەرەللىك ۋاقىت ئىچىدە قايتىپ كېلىپ مۈلۈكلىرىنى تەكشۈرىدۇ. ئۇلار چەتئەللىك سۈپىتىدە كېلىدۇ. ھەر مەدەنىيەتلىك دۆلەتتە قانۇن ئۇلارنى قوغدايدۇ. بۇ ئۇسۇللارنىڭ ھەممىسى ھەر كۈنى ئىشلىتىلىدۇ. بەشىنچى ئۇسۇل: بۇ ئەڭ ياخشى ۋە پايدىلىق بولۇشى مۇمكىن. ھازىر بۇ ئۇسۇلنىڭ مىسالى

ئاز. ئەمما ھازىرقى زامان ئەقلىي ئۇنى قوبۇل قىلىشقا تەييار. ئىكىس كىشى ۋە ئوغۇل ئۆز تىجارىتىنى ئىشچىلىرىغا ساتىدۇ. ئىشچىلار ھەمكارلىق جەمئىيىتى قۇرىدۇ. بۇ جەمئىيەتنىڭ مەسئۇلىيىتى چەكلىك بولىدۇ. ئۇلار كىرەكلىك پۇلنى دۆلەت خەزىنىسىنىڭ ياردىمى بىلەن تۆلەيدۇ. دۆلەت خەزىنىسى يۇقىرى ئۆسۈم ئالمايدۇ.

ئىشچىلار ئاندىن قەرزنى ئاستا-ئاستا تۆلەيدۇ. بۇ قەرزنى ئۇلارغا دۆلەت بېرىدۇ. بۇنىڭدىن سىرتىدا يەھۇدى شىركىتى بېرىدۇ. ھەتتا ئىكىس كىشى ۋە ئوغۇلنىڭ شىركىتىمۇ بېرىدۇ. يەھۇدى شىركىتى ئەڭ كىچىك ئىشلارنى ھەل قىلىشقا تەييار. ئەڭ چوڭ ئىشلارنى ھەل قىلىشقىمۇ تەييار. يەھۇدىلار داۋراڭ سالماي تىنچ ھالەتتە كۆچۈپ كېتىدۇ. ئۇلار يېڭى ئۆيلىرىنى سالىدۇ. شۇ ۋاقىتتا شىركەت چوڭ باشقۇرۇش ئورگىنى بولۇپ ئىشلەيدۇ. شىركەت كۆچۈپ كېتىشنى تەشكىللەيدۇ. تاشلاپ كېتىلگەن مۈلۈكلەرنى باشقۇرىدۇ. كۆچۈش ھەرىكىتىنىڭ توغرا مېڭىشىغا كاپالەت بېرىدۇ. شىركەتنىڭ كۆرۈنەرلىك دەرىجىدە مال- مۈلۈكلىرى بار. ئۇ ئالىلىبۇرۇن ماكانلاشقان ۋە ماكانلاشماقچى بولغان كىشىلەرنىڭ دائىملىق بىخەتەرلىكىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىدۇ.

## شىركەتنىڭ كاپالەتلىرى

شىركەت [يەھۇدى شىركىتى] يەھۇدىلارنىڭ بىر قىسىم دۆلەتلەرنى تەرك ئېتىشىنىڭ شۇ دۆلەتلەردىكى نامراتلىق ۋە ۋە ئىقتىسادىي كىرىزىسقا سەۋەبچى بولماسلىقىغا قانداق كاپالەتلىك قىلىدۇ؟

مەن ئىلگىرى ئېيتقانىدەك، بىر قىسىم يەھۇدى دۈشمەنلىكىگە قارشى سەممىي كىشىلەر بار بولۇپ، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ مۇستەقىللىقىنى ساقلىغان ھالەتتە، بىزنىڭ ئەمەلدارلىرىمىز بىلەن ھەمكارلىشىپ بىزنىڭ مۈلۈكلىرىمىزنىڭ يۆتكىلىشىنى كونترول قىلىدۇ.

دۆلەت زىيان تارتىشى مۇمكىن، چۈنكى باج تۆلىگۈچىلەرنىڭ (پايدا بېرىۋاتقانلار) بىر گۇرۇپپىسىدىن مەھرۇم قالىدۇ . بۇ كىشىلەر يۇقىرالىق سۈپىتىدە ئاز قەدىرلەنسىمۇ، مالىيە ساھەسىدە ئەتىۋارلىنىدۇ. شۇڭا دۆلەت بۇ يوقاتقىنى ئۈچۈن تۆلەم ئېلىشى كېرەك. بىز بۇنى ۋاستىلىك

ھالدا بىرىمىز. دۆلەتكە يەھۇدىلارنىڭ زېرەكلىكى ۋە تىرىشچانلىقى بىلەن قۇرغان كارخانىلانى قالدۇرىمىز. خرىستىئان يۇرتداشلىرىمىز بوشاتقان ئورنىمىزغا كۆچىدۇ ۋە نۇرغۇن كىشىلەر چوڭ بايلىققا ئېرىشىدۇ. بۇ تىنچ يول بىلەن بولىدۇ ۋە بۇنداق مىسال ئىلگىرى بولمىغان. فرانسىيە ئىنقىلابىدا ئوخشاش نەتىجە چىققان ئەمما كىچىك مىقياستا ئىدى، ئەمما ئۇ ئىشلار قان تۆكۈش بىلەن كەلگەن بولۇپ، فرانسىيەنىڭ ھەر ئۆلكىسى ۋە ياۋروپانىڭ جەڭ مەيدانلىرىدا قان تۆكۈلگەن. مىراس ھوقۇقى ۋە ئېرىشكەن ھوقۇق يوق قىلىنغان بولۇپ، پەقەت ھىيلىگەر ۋە پۇرسەتپەرەستلەر دۆلەت مۈلۈكلىرىنى سېتىۋېلىش بىلەن بېيىغان.

يەھۇدى شىركىتى ئۆز پائالىيەت دائىرىسىگە كىرىدىغان دۆلەتلەرگە بىۋاستە ۋە ۋاستىلىك پايدا بېرىدۇ. شىركەت ھۆكۈمەتلەرگە تاشلىنىپ كەتكەن يەھۇدى مۈلۈكلىرىنى تەكلىپ قىلىپ، سېتىۋالغۇچىلارغا ئەڭ ياخشى تەكلىپ ۋە شارائىتلارنى سۇنىدۇ. ھۆكۈمەتلەر بولسا بۇنداق مال-مۈلۈكلەرگە ئېرىشىش سۇنۇلغان بۇ دوستانە تەكلىپ ۋە شارائىتلارنى پۇقرالىرىنىڭ ئىجتىمائىي پاراۋانلىق ئىشلىرى ئۈچۈن ئىشلىتەلەيدۇ.

يەھۇدى شىركىتى ھۆكۈمەتلەر ۋە پارلامېنتلارنىڭ خرىستىئان پۇقرالارنىڭ ئىچكى كۆچۈشىنى تەشكىللەش تىرىشچانلىقىغا ياردەم بېرىدۇ.

يەھۇدى شىركىتى ئېغىر باج تۆلەيدۇ. ئۇنىڭ مەركىزىي ئىشخانىسى لوندوندا بولىدۇ، نەتىجىدە ھازىرچە يەھۇدى دۈشمەنلىكى بولمىغان بىر كۈچنىڭ قانۇنىي ھىمايىسىدە بولىدۇ. شىركەت رەسمىي ۋە يېرىم رەسمىي قوللاشقا ئېرىشسە، ھەممە يەردە كەڭ باج ئاساسىنى تەمىنلەيدۇ. بۇ مەقسەتتە ھەممە يەردە باج ئىشلىرىنى بېجىرىدىغان شۆبە ئىشخانىلىرىنى قۇرىدۇ. بۇنىڭدىن تاشقىرى، ئېلىپ بارىدىغان قوش مال ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن قوش باج تۆلەيدۇ. ھەتتا شىركەت راستىنلا پەقەت كۆچمەس مۈلۈك ئاگېنتلىقى بولغان ئىشلاردىمۇ، ۋاقتىنچە ئالغۇچى سۈپىتىدە كۆرۈنىدۇ، ئوخشاشلا يەر-مۈلۈك تىزىملىكىدە ۋاقتىنچە ئىگىدار دەپ يېزىلىدۇ.

بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسى پۈتۈنلەي ھېسابلىغىلى بولىدىغان ئىشلاردۇر. ھەر يەردە شىركەت ھېچقانداق مەغلۇبىيەت خەتىرىگە ئۇچرىماي، ئۇنىڭ

قانچىلىك پائالىيەت يۈرگۈزەلەيدىغانلىقى مۇلاھىزە قىلىنىشى ۋە قارار بېرىلىشى كېرەك. شىركەتنىڭ ئۆزى مالىيە مىنىستىرلىرى بىلەن ھەر خىل مەسىلىلەر ئۈستىدە ئەركىن سۆھبەتلىشىدۇ. مىنىستىرلار بىزنىڭ تەشەببۇسىمىزنىڭ دوستانە روھىنى تونۇپ يېتىپ، بۇ چوڭ تەشەببۇسنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن كېرەكلىك ھەر تۈرلۈك قولايلىقنى يارىتىپ بېرىدۇ.

يولۇچىلار ۋە مال-تاۋارلارنى توشۇشتىن ھۆكۈمەتلەرگە تېخىمۇ كۆپ ۋە بىۋاسىتە پايدا كېلىدۇ. تۆمۈر يوللار دۆلەت مۈلكى بولغان يەرلەردە كىرىملەر دەرھال كۆرۈنىدۇ. ئۇلار خۇسۇسىي شىركەتلەرگە تەۋە بولغاندا، يەھۇدى شىركىتى چوڭ كۆلەمدە مال يەتكۈزگۈچى سۈپىتىدە توشۇش ئۈچۈن قولاي شەرتلەرگە ئېرىشىدۇ. يۈك ۋە ئاپتوموبىل خىراجەتلىرىمۇ خەلقىمىز ئۈچۈن مۇمكىن قەدەر ئەرزان بولۇشى كېرەك، چۈنكى ھەر يولۇچى ئۆز خىراجىتىنى ئۆزى تۆلەيدۇ. ئوتتۇرا سىنىپلار ياكى ئوتتۇرا قاتلام كىشىلىرى يۇقىرى سىنىپ بېلەتلىرى بىلەن ساياھەت قىلىدۇ، نامرات سىنىپلار كۆچمەن پويىزلىرىدا ساياھەت قىلىدۇ. شىركەت ئېتىبار باھالار بىلەن يولۇچىلار ۋە يۈكلەردە مۇۋاپىق كېلىشىملەرنى قىلالايدۇ. لېكىن بۇ يەردە، باشقا يەرلەردىكىدەك، ئالغان ھەقلەرنى خىزمەت چىقىملىرىدىن ئاشۇرۇپ ئالماسلىق پرىنسىپىغا رىئايە قىلىنىشى كېرەك.

نۇرغۇن يەرلەردە يەھۇدىيلار ترانسپورت ئىشلىرىنى كونترول قىلىدۇ، شۇڭا ترانسپورت كەسىپلىرى شىركەتكە تۇنجى بولۇپ كېرەك بولىدىغان ۋە تۇنجى بولۇپ بىكار قىلىنىدىغان ساھەدۇر. بۇ ئىشلارنىڭ ئەسلى ئىگىلىرى يا شىركەتنىڭ خىزمىتىگە كىرىدۇ ياكى يېڭى يەردە مۇستەقىل خىزمەت قىلىدۇ. يېڭى كەلگەنلەر چوقۇم ئۇلارنىڭ ياردىمىگە موھتاج بولىدۇ، بۇ ئۇلار ئۈچۈن ھەق تۆلىنىدىغان بىر كەسىپ بولۇپ، يېڭى يەردە تىرىكچىلىك قىلىش ئۈچۈن زۆرۈر. بۇ چوڭ ھەرىكەتنىڭ بارلىق تىجارەت تەپسىلاتلىرىنى تەرىپلەشنىڭ ھاجىتى يوق. ئۇلار ئەڭ ياخشى سىستېمىغا ئېرىشىش ئۈچۈن، ئەقلىنى ئىشلىتىدىغان نۇرغۇن قابىل كىشىلەر تەرىپىدىن ئەسلى پىلاندىن تېخىمۇ ئاقىلانە ھالدا تەرەققىي قىلدۇرۇلۇشى كېرەك.

## شىركەتنىڭ بەزى پائالىيەتلىرى

نۇرغۇن پائالىيەتلەر بىر-بىرى بىلەن باغلىنىشلىق بولىدۇ. مەسىلەن: شىركەت مال ئىشلەپچىقىرىشنى ئاستا-ئاستا يېڭى ماكانلارغا كىرگۈزىدۇ، باشلىنىشىدا ئەلۋەتتە ئېپتىدائىي باسقۇچتا بولىدۇ. كىيىم-كېچەك، رەخت ۋە ئاياغلار ئالدى بىلەن بىزنىڭ كەمبەغەل مۇھاجىرلىرىمىز ئۇچۇن ئىشلەپچىقىرىلىدۇ، ئۇلار ھەر خىل ياۋروپا مۇھاجىرەت مەركەزلىرىدە يېڭى كىيىملەر بىلەن تەمىنلىنىدۇ. ئۇلار بۇ كىيىملەرنى سەدىقە سۈپىتىدە ئالمايدۇ، چۈنكى بۇ ئۇلارنىڭ ئىززەت-نەپسىگە تېگىشى مۇمكىن، بەلكى كونا كىيىملىرى بىلەن ئالماشتۇرىدۇ: شىركەتنىڭ بۇ ئالماشتۇرۇشتىن تارتقان ھەرقانداق زىيىنى تىجارەت زىيىنى سۈپىتىدە خاتىرىلىنىدۇ. پۈتۈنلەي ئىمكانىيىتى بولمىغانلار شىركەتكە بولغان قەرزلىرىنى ئادىل ئىش ھەققى بويىچە ئارتۇقچە ۋاقىت ئىشلەپ تۆلەيدۇ.

مەۋجۇت مۇھاجىرەت جەمئىيەتلىرى بۇ يەردە قىممەتلىك ياردەم بېرەلەيدۇ، چۈنكى ئۇلار شىركەتنىڭ مۇستەملىكىچىلىرى ئۇچۇن بۇرۇن كەتكەن يەھۇدىيلار ئۇچۇن قىلغاندەك قىلىدۇ. بۇنداق ھەمكارلىقنىڭ شەكىللىرىنى ئاسانلا تاپقىلى بولىدۇ.

ھەتتا كەمبەغەل يېڭى ماكانلاشقۇچىلارنىڭ يېڭى كىيىملىرىنىڭمۇ سىمۋوللۇق مەنىسى بولىدۇ. «سىز ھازىر يېڭى ھاياتقا كىرىۋاتىسىز.» يەھۇدىيلار جەمئىيىتى سەپەردىن ئۇزۇن ۋاقىت ئىلگىرى ۋە سەپەر جەريانىدىمۇ دۇئا-تىلاۋەتلەر، ئاممىباب لېكسىيەلەر، سەپەرنىڭ مەقسىتى توغرىسىدا تەلىم، يېڭى تۇرالغۇ جايلىرى ئۇچۇن ساغلاملىق بىلىملىرى ۋە كەلگۈسىدىكى ئىشلىرى توغرىسىدا يولباشچىلىق قىلىش ئارقىلىق جىددىي ئەمما تەنتەنىلىك روھنىڭ ئاشۇرۇلۇشىغا كاپالەتلىك قىلىدۇ. چۈنكى ۋەدە قىلىنغان زېمىن ئىش-ئەمگەك زېمىنىدۇر. مۇھاجىرلار كەلگەندە، ئۇلارنى باش ئەمەلدارلىرىمىز مۇناسىپ تەنتەنە بىلەن، ئەمما ئەخمىقانە خۇشاللىق بىلەن ئەمەس، قارشى ئالىدۇ، چۈنكى ۋەدە قىلىنغان زېمىن تېخى بويسۇندۇرۇلمىغان. ئەمما بۇ كەمبەغەل كىشىلەر ئاللىقاچان ئۆز ۋەتىنىدە ئىكەنلىكىنى كۆرۈشى كېرەك.

شىركەتنىڭ كىيىم-كېچەك سانائىتى، ئەلۋەتتە، مۇۋاپىق تەشكىللەنمەستىن مەھسۇلات ئىشلەپچىقارمايدۇ. يەھۇدىيلار جەمئىيىتى يەرلىك

تارماقلاردىن ماكانلاشقۇچىلارنىڭ سانى، ئېھتىياجلىرى ۋە كېلىش ۋاقتى توغرىسىدىكى ئۇچۇرلارنى ئالىدۇ، ھەمدە بارلىق بۇنداق ئۇچۇرلارنى ۋاقتىدا يەھۇدىي شىركىتىگە يەتكۈزىدۇ. بۇ ئارقىلىق ئۇلارنى ھەر تۈرلۈك ئېھتىياتچانلىق بىلەن تەمىنلەش مۇمكىن بولىدۇ.

## سانائەتنى ئىلگىرى سۈرۈش

يەھۇدىي شىركىتى بىلەن يەھۇدىيلار جەمئىيىتىنىڭ مەجبۇ-رىيەتلىرىنى بۇ لايىھەدە ئېنىق ئايرىش تولىمۇ قىيىن. بۇ ئىككى چوڭ تەشكىلات داۋاملىق ھەمكارلىقتا ئىشلىشى كېرەك، خۇددى يەھۇدىي جەمئىيىتى شىركەتنىڭ ماددىي ياردىمىدىن ۋاز كېچەلمىگىنىدەك، شىركەتمۇ جەمئىيەتنىڭ ئەخلاقىي ئىناۋىتى ۋە قوللىشىغا تايىنىدۇ. مەسىلەن، كىيىم-كېچەك سانائىتىنى تەشكىللەشتە، تەمىنات بىلەن تەلەپ ئوتتۇرىسىدا تەڭپۇڭلۇقنى ساقلاش ئۈچۈن، دەسلەپتە ئىشلەپچىقىرىش مىقدارى چەكلەنگەن بولىدۇ؛ ھەمدە شىركەت يېڭى سانائەتلەرنى تەشكىللەشكە كىرىشكەن ھەر يەردە ئوخشاش ئېھتىيات-چانلىقنى ۋە تەدبىرنى قوللىنىش كېرەك.

ئەمما شەخسىي ئىگىلىك تىكلەشنى شىركەتنىڭ نوپۇزلۇق كۈچى بىلەن ھەرگىز چەكلىمەسلىك كېرەك. بىز پەقەت ۋەزىيەتنىڭ قىيىنچىلىقلىرى ئورتاق ھەرىكەتنى تەلەپ قىلغاندىلا جامائەتچىلىك بىلەن ئىشلەيمىز؛ بىز مۇمكىن بولغان ھەر يەردە شەخسنىڭ ھوقۇقلىرىغا كۈچلۈك ھۆرمەت قىلىمىز. خۇسۇسىي مۈلۈكچىلىك، يەنى مۇستەقىللىقنىڭ ئىقتىسادىي ئاساسى ئەركىن تەرەققىي قىلدۇرۇلىدۇ ۋە ھۆرمەت قىلىنىدۇ. بىزنىڭ تۇنجى تېخنىكىسىز ئىشچىلىرىمىز دەرھال خۇسۇسىي مۈلۈكدارلىققا يۈكسىلىش پۇرسىتىگە ئىگە بولىدۇ.

ئىگىلىك تىكلەش روھى، دەرۋەقە، ھەر مۇمكىن بولغان يول بىلەن رىغبەتلەندۈرۈلۈشى كېرەك. سانائەتلەرنى تەشكىللەش ئورۇنلۇق بېجىرىم سىستېمىسى، ئەرزان خام ئەشيالارنى ئىشلىتىش ۋە سانائەت ستاتىستىكىسىنى توپلاش ۋە ئېلان قىلىش كومىتېتىنى قۇرۇش ئارقىلىق ئىلگىرى سۈرۈلىدۇ. ئەمما بۇ ئىگىلىك تىكلەش روھى

ئاقىلانە رىغبەتلەندۈرۈلۈشى ۋە خەتەرلىك مۆلچەرلەشتىن ساقلىنىش كېرەك. ھەر بىر يېڭى سانائەت قۇرۇلۇشتىن ئىلگىرى ئۇزۇن مۇددەت ئېلان قىلىنىشى كېرەك، شۇنداق بولغاندا ئالتە ئاي كېيىن ئوخشاش تىجارەتنى باشلىماقچى بولغانلارنىڭ مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىشىنىڭ ئالدىنى ئالغىلى بولىدۇ. يېڭى بىر كارخانا ئورنى قۇرۇلغان ھامان، شىركەتكە خەۋەر بېرىلىشى كېرەك، شۇنداق بولغاندا بارلىق قىزىققۇچىلار ئۇنىڭدىن ئۆچۈر ئالالايدۇ.

سانائەتچىلەر مەركەزلەشكەن خىزمەت ئورۇنلىرىدىن پايدىلىنالايدۇ، بۇ ئورۇنلار پەقەت ئۆزلىرىنىڭ داۋاملىشىشىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىدىغان يېتەرلىك تاپان ھەققى ئالىدۇ. مەسىلەن، كارخانىچىلار ئۈچ كۈن، ئۈچ ھەپتە ياكى ئۈچ ئايلىق ئۈچۈن 500 نەپەر تەربىيەلەنمىگەن ئىشچى تەلەپ قىلىپ تېلېگىراف يوللىيالايدۇ. خىزمەت ئورنى بۇ 500 نەپەر تەربىيەلەنمىگەن ئىشچىنى بارلىق مۇمكىن بولغان مەنبەلەردىن توپلاپ، دېھقانچىلىق ياكى سانائەت كارخانىلىرىدا ئىشلەش ئۈچۈن دەرھال ئەۋەرتىدۇ. ئىشچىلار توپى شۇنداق سىستېمىلىق ھالدا بىر قوشۇنغا ئوخشاش بىر جايدىن يەنە بىر جايغا ئەۋەرتىلىدۇ. ئەلۋەتتە، بۇ ئادەملەر ئېغىر ئەمگەككە سېلىنمايدۇ، پەقەت كۈنىگە يەتتە سائەت ئىشلەيدۇ؛ ئورۇننىڭ ئۆزگىرىشىگە قارىماي، ئۇلار ئۆز تەشكىلاتىنى ساقلاپ قالىدۇ، خىزمەت مۇددىتىنى تاماملايدۇ، ھەمدە بۇيرۇق، ئۆستۈرۈلۈش ۋە پېنسىيە ھەققىگە ئېرىشىدۇ. بەزى كارخانىلار ئەلۋەتتە ئۆز ئىختىيارى بويىچە باشقا مەنبەلەردىن ئىشچىلارنى ئالالايدۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ بۇنداق قىلىشى ئاسان بولمايدۇ. جەمئىيەت جاھىل ئىش بەرگۈچىلەرنى بايقۇت قىلىش، قاتناشقا توسقۇنلۇق قىلىش ۋە باشقا تۈرلۈك ئۇسۇللار ئارقىلىق يەھۇدىي بولمىغان قۇل-ئىشچىلارنىڭ كىرگۈزۈلۈشىنىڭ ئالدىنى ئالالايدۇ. شۇڭا، يەتتە سائەتلىك ئىشچىلارنى ئېلىشقا توغرا كېلىدۇ، شۇنداق قىلغاندا بىز خەلقىمىزنى ئاستا-ئاستا ۋە مەجبۇرلاشسىز نورمال يەتتە سائەتلىك خىزمەت كۈنىگە كۆندۈرىمىز.

## تېخنىكىلىق ئىشچىلارنىڭ تەمىنلىنىشى

كەسپىي تەلىم ئالمىغان ئىشچىلارغا نىسبەتەن، تېخنىكىلىق ئىشچىلارنىڭ ئىشىنى تەمىنلەش تېخىمۇ ئاسان. ئۇلار كارخانىلاردا

ئوخشاش قائىدە نىزاملار ئاستىدا ئىشلەيدۇ ۋە مەركىزىي خىزمەت ئورنى كېرەك بولغاندا بۇلارنى تەمىنلەيدۇ. مۇستەقىل ئىگىلىكچىلەر ۋە كىچىك ئىشدارلارغا نىسبەتەن ئەگەر ئۇلار ئانچە ياش بولمىسىمۇ، ئۇلارغا ئىلمىي ۋە تېخنىكىلىق يېڭىلىقلارنىڭ تېز ئىلگىرىلىشى سەۋەبىدىن ئۆگىنىش زۆرۈر. ئۇلار تېخنىكىلىق بىلىملەرنى ئىگىلىشى، سۇنىڭ كۈچىنى ئۆگىنىشى ۋە ئېلېكتىر كۈچىنى چۈشىنىشى كېرەك. مۇستەقىل ئىشچىلارمۇ جەمئىيەتنىڭ ئورگىنى تەرىپىدىن بايقىلىشى ۋە تەمىنلىنىشى كېرەك. يەرلىك شۆبە مەركىزىي ئىدارىگە: «بىزگە بۇنچىلىك ياغاچچى، قۇلۇپچى، ئەينەكچى قاتارلىقلار كېرەك» دەپ مۇراجىئەت قىلىدۇ. مەركىزىي ئىدارە بۇ تەلەپنى ئېلان قىلىدۇ، مۇۋاپىق ئادەملەر ئۇ يەرگە ئىش ئۈچۈن ئىلتىماس قىلىدۇ. ئۇلار ئائىلىلىرى بىلەن بىرگە تەلەپ قىلغان يەرگە بېرىپ، ئاشۇرۇۋېتىلگەن رىقابەتنىڭ بېسىمىنى ھېس قىلماي شۇ يەردە تۇرىدۇ. نەتىجىدە، ئۇلارغا مۇقىم ۋە قولايلىق ئۆي تەمىنلىنىدۇ.

## كاپىتال توپلاش يوللىرى

شىركەتنى قۇرۇش ئۈچۈن كېرەكلىك كاپىتال ئىلگىرى يۇقىرى سان بىلەن كۆرسىتىلگەن ئىدى. ئەمەلىيەتتە كېرەكلىك مىقدارنى مالىيەچىلەر بەلگىلەيدۇ، ھەر قانداق ئەھۋالدا خېلى كۆپ پۇل بولىدۇ. بۇ مەبلەغنى توپلاشنىڭ ئۈچ يولى بار بولۇپ، جەمئىيەت ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى كۆزدە تۇتىدۇ.

يەھۇدىيلارنىڭ چوڭ ئۈمىدى بولغان بۇ جەمئىيەت ئەڭ ياخشى ۋە ئەڭ توغرا ئادەملىرىمىز تەرىپىدىن قۇرۇلىدۇ. ئۇلار ئەزالىقتىن ھېچقانداق ماددىي مەنپەئەت ئالماسلىقى كېرەك. جەمئىيەت دەسلەپتە مەنىۋى ھوقۇقلاردىن باشقا ھېچقانداق ھوقۇققا ئىگە بولمىسىمۇ، بۇ ھوقۇق مىللەتنىڭ نەزىرىدە يەھۇدىي شىركىتىنىڭ ئىشەنچىسىنى قۇرۇش ئۈچۈن يېتەرلىك. يەھۇدىي شىركىتى جەمئىيەتنىڭ ماقۇللىقىنى ئالمىغۇچە ئۆز ئىگىلىكىدە مۇۋەپپەقىيەت قازىنالمايدۇ. شۇڭا ئۇ ئادەتتىكى مالىيەچىلەر گۇرۇپپىسىدىن قۇرۇلمايدۇ. جەمئىيەت تاللايدۇ، سايلايدۇ ۋە قارار قىلىدۇ، پىلاننىڭ ۋىجدانلىق بىلەن ئېلىپ بېرىلىشى ئۈچۈن ساغلام ئاساسنىڭ بارلىقىغا ئىشەنچ ھاسىل قىلمىغۇچە ماقۇللۇق بەرمەيدۇ.

جەمئىيەت ئاجىز ۋاسىتىلەر بىلەن سىناقلارنىڭ ئېلىپ بېرىلىشىغا يول قويمايدۇ، چۈنكى بۇ ئىش تۈنجى قېتىمدىلا مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇشى كېرەك. دەسلەپكى ھەرقانداق مەغلۇبىيەت پۈتكۈل ئىدىيەنى كېيىنكى نەچچە ئون يىللارغىچە خەتەرگە ئىتتىرىدۇ ياكى ھەتتا ئۇنىڭ ئەمەلگە ئاشۇرۇلۇشىنى مەڭگۈ مۇمكىن بولمايدىغان قىلىپ قويىدۇ.

كاپىتال توپلاشنىڭ ئۈچ ئۇسۇلى مۇنداق: بىرىنچى، چوڭ بانكىلار ئارقىلىق، ئىككىنچى، كىچىك ۋە خۇسۇسىي بانكىلار ئارقىلىق، ئۈچىنچى، ئاممىۋى تارقىتىش ئارقىلىق

كاپىتال توپلاشنىڭ بىرىنچى ئۇسۇلى چوڭ بانكىلار ئارقىلىق بولىدۇ. چوڭ مالىيە گۇرۇپپىلىرى بۇ يولنىڭ مۇۋاپىقلىقى ھەققىدە مۇزاكىرە قىلغاندىن كېيىن، كېرەكلىك مەبلەغ قىسقا ۋاقىت ئىچىدە توپلىنالايدۇ. بۇ ئۇسۇلنىڭ چوڭ پايدىسى شۇكى، بىر مىليون پۇلنى دەرھال تولۇق تۆلەش زۆرۈرىيىتىنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ. يەنە بىر پايدىسى شۇكى، كۈچلۈك مالىيە مۇتەخەسسىسلىرىنىڭ ئابروي-ئىشەنچىسى بۇ ئىشقا خىزمەت قىلىدۇ. بىزنىڭ مالىيە كۈچىمىزدە نۇرغۇن يوشۇرۇن سىياسىي كۈچلەرياتىدۇ. بۇ كۈچ دۈشمەنلىرىمىز تەرىپىدىن كۈچلۈك ۋە خەتەرلىك دەپ جاكارلانغان. شۇنداق بولۇشى مۇمكىن، ئەمما ئەمەلىيەتتە ئۇنداق ئەمەس. كەمبەغەل يەھۇدىيلار پەقەت بۇ مالىيە كۈچىمىز قوزغىغان ياكى سەۋەب بولغان نەپرەتنى ھېس قىلىدۇ. ئۇلار مالىيە كۈچىمىزنىڭ ئورتاق تەقدىرىنى يەڭگىللىتىشتىكى پايدىسىنى تېخى ھېس قىلمىدى. بىزنىڭ قابىل ۋە مەشھۇر يەھۇدى مالىيەچىلىرىمىزنىڭ ئابروي-ئىشەنچىسى مىللىي غايىنىڭ خىزمىتىگە تاپشۇرۇلۇشى كېرەك. لېكىن ئۆز تەقدىرىدىن تامامەن رازى بولغان بۇ جانابلار، باشقا يەھۇدى دىنداشلىرى ئۈچۈن بىر ئىش قىلىشنى خالىمىسا، بۇ پىلاننىڭ ئەمەلگە ئاشۇرۇلۇشى ئۇلار بىلەن قالغان يەھۇدىيلار ئارىسىدا ئېنىق ئايرىم سىزىق سىزىش پۇرسىتىنى بېرىدۇ.

بۇنىڭدىن تاشقىرى، چوڭ مالىيەچىلەردىن پەقەت خەير ساخاۋەتنى مەقسەت قىلىپلا ئۇلاردىن چوڭ مەبلەغ توپلاشنى كۈتۈشكە بولمايدۇ. بۇ ئارتۇقچە كۈتۈش بولىدۇ. ئەكسىچە، يەھۇدى شىركىتىنىڭ مەسئۇللىرى ۋە پاي ئىگىلىرىنىڭ ياخشى تىجارەت قىلىشى كۈتۈلىدۇ. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ مۇۋەپپەقىيەت پۇرسىتىنى ئالدىن ھېسابلىيالايدۇ. يەھۇدىي جەمئىيىتى يەھۇدى شىركىتىنىڭ ئىستىقبالىنى بەلگىلەشكە خىزمەت

قىلىدىغان بارلىق ھۆججەت ۋە كېلىشىملەرگە ئىگە بولىدۇ. جەمئىيەت يېڭى يەھۇدى ھەرىكىتىنىڭ كۆلىمىنى ئىنچىكىلىك بىلەن تەكشۈرۈپ، شىركەت ئىگىلىرىنى ئۇلارنىڭ قانچىلىك قوللاشقا ئېرىشەلەيدىغانلىقى توغرىسىدا ئىشەنچلىك ئۇچۇر بىلەن تەمىنلەيدۇ. جەمئىيەت ئەمەلىيەتتە فرانسىيەدىكى «تەتقىقات جەمئىيىتى» دەپ ئاتىلىدىغان ئىشنى قىلىدۇ. جەمئىيەت يەنى چوڭ كارخانىچىلارنى مەبلەغ بىلەن تەمىنلەشتىن بۇرۇن بارلىق دەسلەپكى تەتقىقاتلارنى ئېلىپ بارىدۇ. شۇنداق بولسىمۇ، بۇ تەشەببۇس بىزنىڭ پۇلدار بايلىرىمىزنىڭ قىممەتلىك ياردىمىگە ئېرىشەلمەسلىكى مۇمكىن. ئۇلار بەلكىم ھەتتا يوشۇرۇن ۋاكالەتچىلىرى ئارقىلىق يەھۇدى ھەرىكىتىگە قارشى تۇرۇشقا ئۇرۇنۇشى مۇمكىن. بۇنداق قارشىلىقلارغا بىز قەتئىيلىك بىلەن تاقابىل تۇرىمىز.

بۇ پۇلدارلار بۇ پىلاننى كۆلۈمسىرەپ رەت قىلىشقا رازى دەپ پەرەز قىلساق: دېمەك، بۇ ئىش ئۈچۈنمۇ؟

ياق.

چۈنكى ئۇ چاغدا پۇل باشقا يول بىلەن توپلىنىدۇ - ئوتتۇراھال باي يەھۇدىيلارغا مۇراجىئەت قىلىش ئارقىلىق. كىچىك يەھۇدىي بانكىلىرى ئىككىنچى ۋە كۈچلۈك مالىيە كۈچىگە توپلانغۇچە، مىللىي ئىدىيە نامىدا چوڭ بانكىلارغا قارشى بىرلىشىشى كېرەك. ئەمما، ئەپسۇسكى، بۇنىڭ ئۈچۈن دەسلەپتە نۇرغۇن مەبلەغ سېلىش كېرەك - چۈنكى ئىش باشلاشتىن بۇرۇن 50 مىليون فوندستېرلىڭ توپلانغۇدەك تولۇق ئەزا بولۇشى كېرەك؛ بۇ سوممىنى پەقەت ئاستا توپلىغىلى بولغاچقا، دەسلەپكى بىر قانچە يىلدا ھەر خىل بانكا ئىشلىرىنى قىلىش ۋە قەرز بېرىش كېرەك. ھەتتا بۇ سودىلارنىڭ ھەممىسى جەريانىدا، ئۇلارنىڭ دەسلەپكى مەقسىتى ئۇنتۇلۇپ كېتىشى مۇمكىن؛ ئوتتۇراھال باي يەھۇدىيلار يېڭى ۋە چوڭ تىجارەت قۇرغان بولىدۇ، يەھۇدىيلارنىڭ كۆچۈپ كېلىشى ئۇنتۇلۇپ قالىدۇ.

بۇ ئۇسۇلدا پۇل يىغىش چۈشەنچىسى ھەرگىزمۇ ئەمەلىيەتكە زىت ئەمەس. چوڭ بانكىلارغا قارشى كۈچ شەكىللەندۈرۈش ئۈچۈن خىرىستىئان پۇلىنى يىغىش تەجرىبىسى ئاللىقاچان سىنالغان. ئەمما يەھۇدى پۇلى بىلەنمۇ ئۇلارغا قارشى تۇرۇش مۇمكىنلىكى ھەققىدە ھازىرغىچە ئويلاپ بېقىش بولمىغان.

بىراق بۇ خىل مالىيە توقۇنۇشلىرى ھەر خىل كىرىزىسلارنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. بۇ ئىشلار يۈز بەرگەن دۆلەتلەر زىيان تارتىدۇ ۋە يەھۇدى دۇشمەنلىكى كۈچىيىپ كېتىدۇ.

شۇڭا بۇ ئۇسۇلنى تەۋسىيە قىلغىلى بولمايدۇ. مەن بۇنى پەقەت چۈشەنچىنىڭ مەنتىقىلىق تەرەققىياتى جەريانىدا ئوتتۇرىغا چىققانلىقى ئۈچۈنلا تەكلىپ قىلدىم.

مەن يەنە كىچىكرەك خۇسۇسىي بانكىلارنىڭ بۇنى قوبۇل قىلىش-قىلماسلىقىنى بىلمەيمەن.

ھەر قانداق ئەھۋالدا، ھەتتا ئوتتۇرا ھال باي يەھۇدىيلارنىڭ رەت قىلىشىمۇ بۇ پىلاننى ئاخىرلاشتۇرالمايدۇ. ئەكسىچە، بۇ ئىشقا راستىنلا جىددىي مۇئامىلە قىلىشقا توغرا كېلىدۇ.

تىجارەتچى بولمىغان ئەزالاردىن تەشكىل تاپقان يەھۇدى جەمئىيىتى، شىركەتنى مىللىي ئەزالىق ئاساسىدا قۇرۇشنى سىناپ كۆرسە بولاتتى.

شىركەتنىڭ كاپىتالى بىر ئۇيۇشمىنىڭ ۋاستىسى بولماي تۇرۇپمۇ ، بىۋاسىتە خەلقنىڭ ئەزالىقى ئارقىلىق يىغقىلى بولاتتى. پەقەت نامرات يەھۇدىيلارلا ئەمەس، بەلكى ئۇلاردىن قۇتۇلۇشنى خالايدىغان خرىستىئانلارمۇ بۇ فوندقا ئازراق مەبلەغ سالىدۇ. بۇنىڭ بىلەن يەھۇدىي مەسىلىسىنىڭ بۇ ھەل قىلىش چارىسىگە ئاۋاز قوشقان ھەر بىر كىشىنىڭ مۇئەييەن مىقداردا پۇل سېلىپ ئۆز پىكرىنى ئەركىن ئىپادىلىيەلەيدىغان يېڭى ۋە ئۆزگىچە ئۇسۇل شەكىللەندۇرەلەيتتى. بۇ ئەھۋال بىخەتەرلىكنى كاپالەتكە ئىگە قىلاتتى. ئەزالىق پۇلى پەقەت ئۇلارنىڭ ئومۇمىي سوممىسى تەلەپ قىلىنغان مىقدارغا يەتكەندىلا تۆلىنەتتى. بولمىسا دەسلەپكى تۆلەملەر قايتۇرۇلاتتى.

ئەگەر تەلەپ قىلىنغان پۈتۈن سومما خەلق ئەزالىقى ئارقىلىق يىغىلسا، ئۇنداقتا ھەر بىر كىچىك مىقداردىكى مەبلەغ باشقا كۆپ ساندىكى كىچىك مىقداردىكى مەبلەغلەر تەرىپىدىن كاپالەتكە ئىگە قىلىنغان بولاتتى.

ئەلۋەتتە، بۇلارنىڭ ھەممىسى مەنپەئەتدار ھۆكۈمەتلەرنىڭ ئېنىق ۋە كەسكىن ياردىمىنى تەقەززا قىلاتتى.

# 4-باپ: يەرلىك گۇرۇپپىلار يەھۇدىيلارنىڭ كۆچۈشى

ئالدىنقى بابلاردا پەقەت كۆچۈش پىلانىنىڭ قانداق ئىقتىسادىي پاراكەندىچىلىك كەلتۈرۈپ چىقارماي تۇرۇپمۇ ئېلىپ بېرىلىدىغانلىقى چۈشەندۈرۈلدى. لېكىن بۇنچە چوڭ ھەرىكەت نۇرغۇن چوڭقۇر ۋە كۈچلۈك ھېس-تۇيغۇلارنى قوزغىماي قالمايدۇ. بىزنى ئۆيلىرىمىزگە باغلايدىغان كونا ئادەتلەر، كونا خاتىرىلەر بار. بىزنىڭ بۆشۈكلىرىمىز، قەبرىلىرىمىز بار. پەقەت بىزلا يەھۇدى قەلبلىرىنىڭ قەبرىلەرگە قانچىلىك باغلانغانلىقىنى بىلىمىز. بۆشۈكلىرىمىزنى بىز ئۆزىمىز بىلەن ئېلىپ كېتىمىز - ئۇلار بىزنىڭ كەلگۈسىمىزنى كۈلۈمسىرىگەن ھالەتتە تۇتۇپ تۇرىدۇ. سۆيۈملۈك قەبرىلىرىمىزنى بىز تاشلاپ كېتىشىمىز كېرەك. مەن بۇ تاشلاپ كېتىشنىڭ باشقا ھەرقانداق قۇربانلىقتىن بىزگە قىممەتكە چۈشىدىغانلىقىنى ئويلايمەن. لېكىن ئۇ شۇنداق بولۇشى كېرەك. ئىقتىسادىي قىيىنچىلىق، سىياسىي بېسىم ۋە ئىجتىمائىي خورلۇقلار بىزنى ئاللىقاچان ئۆيلىرىمىزدىن ۋە قەبرىلىرىمىزدىن قوغلىغان. بىز يەھۇدىيلار ھازىر داۋاملىق بىر جايدىن يەنە بىر جايغا كۆچۈۋاتىمىز. ھەقىقىي كۈچلۈك دولقۇن بىزنى دېڭىز ئارقىلىق غەرب تەرەپكە، ئامېرىكا قوشما شتاتلىرىغا ئېلىپ بېرىۋاتىدۇ. ئۇ يەردىمۇ بىزنىڭ مەۋجۇتلىقىمىز خالىنىپ كەتمەيدۇ.بىز ۋەتەنسىز بىر مىللەت بولۇپ تۇرساق، مەۋجۇتلىقىمىز قەيەردە قارشى ئېلىنىدۇ؟

لېكىن بىز خەلقىمىزگە بىر ئۆي ۋە يۇرت بېرىمىز. بىز ئۇنى بېرىمىز، ئۇلارنى رەھىمسىزلىك بىلەن بېقىپ تۇرغان تۇپراقتىن تارتىپ چىقىرىش ئارقىلىق ئەمەس، بەلكى ئۇلارنى ئەستايىدىللىق بىلەن ياخشىراق تۇپراققا يۆتكەش ئارقىلىق ئاتا قىلىمىز. خۇددى بىز يېڭى سىياسىي ۋە ئىقتىسادىي مۇناسىۋەتلەرنى قۇرماقچى بولغىنىمىزدەك، خەلقىمىزنىڭ قەلبىدە قىممەتلىك بولغان ئۆتمۈشتىكى بارلىق نەرسىلەرنى مۇقەددەس قىلىپ ساقلاپ قالىمىز. شۇڭا، بىر قانچە تەكلىپ كۇپايە قىلىدۇ،

چۈنكى مېنىڭ پىلانىمنىڭ بۇ قىسمى ئېھتىمال خىيالىي دەپ ئەيىبلىنىدۇ. لېكىن ھەتتا بۇ مۇمكىن ۋە رېئال خىيال. گەرچە ئۇ ھازىر مۇجمەل ۋە مەقسەتسىز بىر نەرسە بولۇپ كۆرۈنسىمۇ، تەشكىللىنىش ئۇنىڭدىن ئاقىلانە بىر ئىشنى ۋۇجۇدقا چىقىرىدۇ.

## گۇرۇپپىلار بويىچە كۆچۈش

خەلقىمىز ئائىلە ۋە دوستلار گۇرۇپپىلىرى بويىچە كۆچۈشى كېرەك. لېكىن ھېچقانداق ئادەم ئۆزىنىڭ ئىلگىرىكى تۇرغان جايىغا تەۋە بولغان گۇرۇپپىغا قوشۇلۇشقا مەجبۇرلانمايدۇ. ھەر بىر ئادەم ئۆز ئىشلىرىنى ھەل قىلغاندىن كېيىن تاللىغان ئۇسۇلى بويىچە سەپەر قىلالايدۇ. ھەر بىر ئادەم پويىز ۋە كېمە بىلەن بارىدىغان چىقىملىرىنى ئۆزى تۆلىگەنلىكتىن، ئۇ تەبىئىي ھالدا ئۆزىگە ئەڭ مۇۋاپىق بولغان بىلەتلەرنى تاللاپ سەپەر قىلىدۇ. بەلكىم نامراتلارنىڭ ئۇزۇن سەپەر جەريانىدا ئۆز ئورنىنى بەك چوڭقۇر ھېس قىلىپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن، پويىز ۋە كېمىدە ئىجتىمائىي قاتلاملار بويىچە بۆلۈنۈش بولماسلىقى مۇمكىن. گەرچە بىز دەل ھوزۇر سەپىرىنى تەشكىللىمىگەن بولساقمۇ، يولدا ئۇلارنى ياخشى كەيپىياتتا ساقلاش تولىمۇ زۆرۈر.

ھېچكىم نامراتلىق ئىچىدە سەپەر قىلمايدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن، ھەشەمەتلىك راھەتتە سەپەر قىلىشنى خالايدىغانلارنىڭ ھەممىسى ئۆز مەيلى بويىچە ماڭالايدۇ. ھەتتا قولايلىق شارائىتلار ئاستىدىمۇ، بۇ ھەرىكەت كەلگۈسى بىر قانچە يىل ئىچىدە مەلۇم تۈركۈم يەھۇدىيلارغا تەسىر كۆرسەتمەسلىكى مۇمكىن. شۇڭا، ئارىلىقتىكى مەزگىلنى سەپەرلەرنى تەشكىللەشنىڭ ئەڭ ياخشى ئۇسۇللىرىنى تاللاشقا ئىشلىتىشكە بولىدۇ. ھالى ياخشىلار خالىسا توپ بولۇپ سەپەر قىلالايدۇ، ئۆز شەخسىي دوستلىرى ۋە تونۇشلىرىنى ئۆزلىرى بىلەن ئېلىپ كېتەلەيدۇ. يەھۇدىيلارنىڭ ئەڭ باي بولغانلىرىدىن باشقا ھەممىسىنىڭ خرىستىئانلار بىلەن بولغان ئارىلىشىشى ناھايىتى ئاز. بەزى دۆلەتلەردە ئۇلارنىڭ خرىستىئانلار بىلەن تونۇشلۇقى بىر قانچە پاراخورلار، قەرز ئالغۇچىلار ۋە قارام ئادەملەر بىلەن چەكلەنگەندى. ياخشىراق تەبىقىدىكى خرىستىئانلار ھەققىدە ئۇلار ھېچنېمە بىلمەيدۇ. نامراتلار مەھەللىلىرىنىڭ تاملىرى چۈۋۈلۈپ كەتكەن بولسىمۇ بۇ

ئەھۋال مۇشۇ تەرىقىدە داۋاملىشىۋاتىدۇ. شۇڭا، ئوتتۇرا تەبىقىدىكىلەر كېتىش ئۈچۈن مۇرەككەپ ۋە ئەستايىدىل تەييارلىق قىلىدۇ. ھەر بىر جايدا بىر ساياھەتچىلەر گۇرۇپپىسى قۇرۇلىدۇ. چوڭ شەھەرلەر رايونلارغا بۆلۈنىدۇ، ھەر بىر رايوندا بىر گۇرۇپپا بولىدۇ. ئۇلار بۇ مەقسەت ئۈچۈن سايلانغان ۋەكىللەر ئارقىلىق ئالاقىلىشىدۇ. بۇ رايونلارغا بۆلۈنۈشكە قاتتىق ئەمەل قىلىش شەرت ئەمەس. بۇ پەقەتلا نامراتلارنىڭ سىرتقا بولغان سەپىرى جەريانىدىكى قولايسىزلىق ۋە ئۆي سېغىنىشىنى يېنىكلىتىشنى مەقسەت قىلىدۇ. ھەر كىم يالغۇز ياكى ئۆزى خالىغان ھەرقانداق يەرلىك گۇرۇپپىغا قوشۇلۇپ سەپەر قىلىشتا ئەركىندۇر. سەپەر شەرتلىرى - دەرىجىلەرگە قاراپ تەڭشەلگەن - ھەممىگە ئوخشاشلا قوللىنىلىدۇ. يېتەرلىك ساندىكى ھەرقانداق ساياھەت گۇرۇپپىسى شىركەتتىن ئالاھىدە پويىز ۋە ئالاھىدە كېمە ئىجارىگە ئالالايدۇ.

شىركەتنىڭ ئۆي-مۈلۈك ئاگېنتلىقى ئەڭ نامرات كىشىلەرنى تۇرالغۇ بىلەن تەمىنلەيدۇ. كېيىنچە، قول ئىلكىدە بولغان كۆچمەنلەر كەلگەندە، تۇنجى قەدەمدە تۇرالغۇ ئېھتىياجى خۇسۇسىي كارخانىچىلارغا تەۋە مېھمانخانىلار تەرىپىدىن ھەل قىلىنىشى كېرەك. بۇ باي كۆچمەنلەرنىڭ بەزىلىرى دائىمىي ئولتۇراقلاشقۇچىلار بولۇشتىن ئىلگىرىلا ئۆيلىرىنى سېلىپ بولغان بولۇپ، ئۇلار پەقەت كونا ئۆيدىن يېڭى ئۆيگە كۆچۈپ كىرىدۇ. ئارىمىزدىكى زېرەك كىشىلىرىمىزگە ئۇلارنىڭ نېمە قىلىشى كېرەكلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىش ھۆرمەتسىزلىك بولاتتى. مىللىي غايىگە باغلانغان ھەر بىر ئادەم ئۇنى قانداق يېيىشنى ۋە ئۆزىنىڭ تەسىر دائىرىسى ئىچىدە قانداق رېئاللىققا ئايلاندۇرۇشنى ياخشى بىلىدۇ. بىز ئالدى بىلەن ھاخامىلىرىمىزنىڭ ھەمكارلىقىنى تەلەپ قىلىمىز.

## ھاخاملارنىڭ رولى

ھەر بىر گۇرۇپپىنىڭ ئۆز جامائىتى بىلەن سەپەر قىلىدىغان ھاخامى بولىدۇ. يەرلىك گۇرۇپپىلار كېيىنچە ئۆز ھاخامى ئەتراپىدا ئىختىيارىي شەكىللىنىدۇ ۋە ھەر بىر جايدا ئۆزىنىڭ روھىي يېتەكچىسى بولىدۇ. بىز چاقىرىق قىلىدىغان ھاخاملىرىمىز ئۆز كۈچ-قۇۋۋىتىنى غايىمىزگە خىزمەت قىلىشقا بېغىشلايدۇ ۋە مۇنبەردىن تەشۋىق قىلىش ئارقىلىق ئۆز جامائەتلىرىگە ئىلھام بېرىدۇ. ئۇلار بۇ مەقسەت ئۈچۈن ئالاھىدە

يىغىن ئاچمىسىمۇ بولىدۇ. بۇنداق چاقىرىق يەھۇدىي ئىبادەتخانىلىرىدا قىلىنسا بولىدۇ. شۇنداق قىلىنىشى كېرەك. چۈنكى بىز ئۆزىمىزنىڭ تارىخىي باغلىنىشىمىزنى پەقەت ئاتا-بوۋىلىرىمىزنىڭ ئېتىقادى ئارقىلىق ھېس قىلىمىز. بىز ئۇزۇن يىللاردىن بېرى ھەر خىل مىللەتلەرنىڭ تىللىرىنى قەتئىي يوقاتمايدىغان دەرىجىدە مەھكەم ئۆزلەشتۇردۇق. ھاخاملار جەمئىيەت ۋە شىركەتتىن مۇنتىزىم خەۋەر ئېلىپ تۇرىدۇ ۋە بۇلارنى ئۆز جامائەتلىرىگە ئېلان قىلىپ چۈشەندۈرىدۇ. ئىسرائىل بىز ئۇچۇن ۋە ئۆزى ئۇچۇن دۇئا قىلىدۇ.

## يەرلىك گۇرۇپپىلارنىڭ ۋەكىللىرى

يەرلىك گۇرۇپپىلار ھاخامنىڭ باشچىلىقىدا يەرلىك ئىشلارنى مۇزاكىرە قىلىش ۋە ھەل قىلىش ئۈچۈن ئەرلەردىن كىچىك كومىتېتلار تەيىنلەيدۇ. خەير-ساخاۋەت ئورگانلىرى ئۆز يەرلىك گۇرۇپپىلىرى تەرىپىدىن ئۆتكۈزۈپ بېرىلىدۇ، ھەر بىر ئورگان «ئۇ يەردە» دەسلەپ قۇرۇلغان گۇرۇپپىلارنىڭ مۈلكى بولۇپ قالىدۇ. مېنىڭچە كونا بىنالار سېتىلماسلىقى كېرەك. بەلكى كۆچۈپ كېتىلگەن شەھەرلەردىكى نامرات خىرىستىئانلارغا ياردەم بېرىشكە بېغىشلىنىشى كېرەك. يەرلىك گۇرۇپپىلار يېڭى دۆلەتتە ھەقسىز قۇرۇلۇش ئورۇنلىرى ۋە قايتا قۇرۇش خىزمەتلىرى ئۈچۈن ھەر تۈرلۈك قولايلىقلارغا ئېرىشىش ئارقىلىق تۆلەم ئالىدۇ.

خەير-ساخاۋەت ئورگانلىرىنىڭ ئۆتكۈزۈپ بېرىلىشى پىلانىمدا تەكىتلەنگەن ئىنسانىيەتكە خىزمەت قىلىش تەجرىبىسىنىڭ يەنە بىر قېتىم بارلىققا كېلىش پۇرسىتىنى بېرىدۇ. بىزنىڭ ھازىرقى سىستېمىسىز خۇسۇسىي خەير-ساخاۋىتىمىز ئاز پايدا كەلتۈرىدۇ. ئۇنىڭغا كېتىدىغان چوڭ خىراجەتكە نىسبەتەن پايدىسى كىچىك. لېكىن بۇ ئورگانلار سىستېمىنىڭ بىر قىسمى بولالايدۇ ۋە بولۇشى كېرەك. ئۇلار ئاخىرىدا بىر-بىرىنى تولۇقلايدۇ. يېڭى جەمئىيەتتە بۇ تەشكىلاتلار بىزنىڭ زامانىۋى ئەقلىمىز ئارقىلىق تەرەققىي قىلدۇرۇلىدۇ. ئۇلار بۇرۇنقى بارلىق ئىجتىمائىي تەجرىبىلەرگە ئاساسلىنىشى مۇمكىن. بۇ ئىش بىزگە ئىنتايىن مۇھىم. چۈنكى ئارىمىزدا نۇرغۇن تىلەمچىلەر بار. بىزنىڭ ئارىمىزدىكى ئاجىزراق خاراكتېرلىق كىشىلەر تاشقى بېسىم سەۋەبىدىن ھەۋەسلىرىنى يوقىتىدۇ. ئۇلار بايۋەچچىلىرىمىزنىڭ ياخشى

كۆڭۈللۈك خەير-ساخاۋەتلىرى تەرىپىدىن بۇزۇلىدۇ. ئاخىرىدا ئاسانلا تىلەمچىلىك قىلىشقىچە چۈشۈپ كېتىدۇ. جەمئىيەت يەرلىك گورۇپپىلارنىڭ قوللىشىدا، بۇ ئالاھىدە مەسىلىگە نىسبەتەن خەلققە بېرىلىدىغان تەلىم-تەربىيەگە ئەڭ كۆپ دىققەت قىلىدۇ. ئۇ ھازىر بىھۇدە ھالدا سولغۇنلىشىپ كېتىۋاتقان نۇرغۇن كىشىلەر ئۈچۈن مۇناسىپ تۇپراق ۋۇجۇدقا چىقىرىدۇ. كىمكى ئىشلەشكە ھەقىقىي ئىستەك بىلدۈرسە، مۇناسىپ خىزمەتكە ئورۇنلاشتۇرۇلىدۇ. تىلەمچىلەرگە يول قويۇلمايدۇ. كىمكى ئەركىن ئادەم سۈپىتىدە ھېچقانداق ئىش قىلىشنى رەت قىلسا، ئىش ئۆيىگە ئەۋەتىلىدۇ.

يەنە بىر تەرەپتىن، بىز ياشانغانلارنى سەدىقە ئۆيىگە ئەۋەتمەيمىز. سەدىقە ئۆيى بىزنىڭ ئەخمەق ياخشى تەبىئىتىمىز ئىجاد قىلغان ئەڭ رەھىمسىز خەير-ساخاۋەتلەرنىڭ بىرىدۇر. ئۇ يەردە ياشانغانلىرىمىز ساپ نومۇستىن ئۆلۈپ كېتىدۇ. ئۇلار ئۇ يەردە ئۆلمەي تۇرۇپ ئاللىبۇرۇن كۆمۈلگەن بولىدۇ. بىراق بىز ھەتتا زېھنىي ئىقتىدارى ئەڭ تۆۋەن دەرىجىدە تۇرىدىغانلارغىمۇ دۇنيادا ئۆزلىرىنىڭ پايدىلىق ئىكەنلىكى توغرىسىدىكى تەسەللى بېرىدىغان ھېس-تۇيغۇنى قالدۇرىمىز. بىز جىسمانىي ئەمگەككە قادىر بولمىغانلار ئۈچۈن ئاسان ۋەزىپىلەر بىلەن تەمىنلەيمىز. چۈنكى بىز ئاللىقاچان ئاجىزلاشقان بىر ئەۋلادنىڭ نامراتلىرىدا ھاياتىي كۈچىنىڭ يەنى ئاكتىپچانلىق ۋە جانلىقلىقىنىڭ ئاجىزلىشىشىغا يول قويماسلىقىمىز كېرەك. لېكىن كەلگۈسى ئەۋلادلارغا باشقىچە مۇئامىلە قىلىنىدۇ. ئۇلار ئەركىنلىك مۇھىتتا ئەركىن ھايات ئۈچۈن تەربىيىلىنىدۇ.

بىز ھەر ياشتىكى ۋە ھەر سىنىپتىكى كىشىلەرگە ئەمگەكنىڭ ئەخلاقىي نىجاتلىقىنى ئاتا قىلىشقا تىرىشىمىز؛ نەتىجىدە، خەلقىمىز يەتتە سائەتلىك خىزمەت كۈن زېمىنىدا ئۆز كۈچ-قۇدرىتىنى قايتا تاپالايدۇ.

## شەھەرلەرنىڭ پىلانلىرى

يەرلىك گورۇپپىلار شەھەرلەر ئۈچۈن ئورۇنلارنى تاللاشقا ۋەكىللىرىنى تەيىنلەپ چىقىدۇ. يەر تەقسىملىگەندە، ئېرىشىلگەن ھوقۇقلارنى

نەزەرگە ئېلىپ ئېھتىياتچانلىق بىلەن يۆتكەش ئۇچۇن ئىنچىكىلىك بىلەن تەدبىرلەر قوللىنىلىدۇ. يەرلىك گورۇپپىلاردا شەھەر پىلانلىرى تۈزۈلىدۇ. بۇ ئارقىلىق خەلقىمىز ئالدىن قەيەرگە بارىدىغانلىقىنى، قايسى شەھەرلەردە ۋە قايسى ئۆيلەردە ياشايدىغانلىقىنى بىلەلەيدۇ. ئىلگىرى تىلغا ئېلىنغان بىنا قۇرۇلۇش پىلانلىرىنىڭ ھەر تەرەپلىمە لايىھەلىرى يەرلىك گورۇپپىلار ئارىسىدا تارقىتىلىدۇ. باشقۇرۇشىمىزنىڭ ئاساسىي پرىنسىپى يەرلىك گورۇپپىلىرىمىزنىڭ ئاپتونومىيەسىنى قوغداش ۋە بۇ ئارقىلىق مەركەزلەشتۈرۈش بولىدۇ. بۇنداق قىلغاندا، يۆتكەش ئەڭ ئاز قىيىنچىلىق بىلەن ئەمەلگە ئاشۇرۇلىدۇ. مەن بۇنىڭ ھەممىسىنى ئەمەلىيەتتىكىدىن ئاسانراق دەپ تەسەۋۋۇر قىلمايمەن؛ يەنە بىر تەرەپتىن، كىشىلەر بۇنى رېئاللىقتىكىدىن قىيىنراق دەپ تەسەۋۋۇر قىلماسلىقى كېرەك.

## ئوتتۇرا قاتلام كىشىلىرىنىڭ كۆچۈشى

ئوتتۇرا قاتلام كىشىلىرى ئىختىيارسىز ھالدا كۆچۈش دولقۇنىغا قاتنىشىدۇ، چۈنكى ئۇلارنىڭ ئوغۇللىرى جەمئىيەتنىڭ ئەمەلدارلىرى ياكى شىركەتنىڭ «ئۇ تەرەپتىكى» خادىملىرى بولىدۇ. ئادۋوكاتلار، دوختۇرلار، ھەر خىل تېخنىكلار، ياش تىجارەتچىلەر – ئەمەلىيەتتە، ھازىر ئۆز ۋەتىنىدىكى زۇلۇمدىن قېچىپ، چەت ئەللەردە تۇرمۇش كەچۈرۈش ئۇچۇن پۇرسەت ئىزدەۋاتقان بارلىق يەھۇدىيلار – شۇنداق ياخشى ۋەدىلەرگە تولغان بىر زېمىنغا يىغىلىدۇ. ئوتتۇرا تەبىقىكىلەرنىڭ قىزلىرى بۇ ئىنتىلىشچان ئەرلەرگە ياتلىق بولىدۇ. ئۇلارنىڭ بىرى ئۆز ئائىلى ياكى قىزىنى يېنىغا كېلىشكە تەكلىپ قىلىدۇ، يەنە بىرى ئاتا-ئانىسى، ئاكا-ئۇكا، ئاچا-سىڭىللىرىنى چاقىرىدۇ. يېڭى مەدەنىيەتنىڭ ئەزالىرى ياش توي قىلىدۇ. بۇ ئومۇمىي ئەخلاقنى ئىلگىرى سۈرىدۇ ۋە يېڭى ئەۋلادتا مۇستەھكەملىكنى كاپالەتلەندۈرىدۇ. قىسقىسى، بىزدە كىچىككىپ توي قىلغانلارنىڭ نازۇك پەرزەنتلىرى، يەنى ھاياتلىق كۈرىشىدە كۈچلىرىنى سەرپ قىلغان ئاتىلارنىڭ پەرزەنتلىرى بولمايدۇ.

ھەر بىر ئوتتۇرا تەبىقىدىكى كۆچمەن ئۆزىدەك باشقىلارنى ئۆز كەينىدىن ئېلىپ كېلىدۇ. تەبىئىي ھالدا ئەڭ باتۇرلار يېڭى دۇنيادىن

ئەڭ ياخشى نەرسىلەرنى ئالىدۇ. لېكىن بىز بۇ يەردە شۇبھىسىزكى مېنىڭ پىلانىمنىڭ ھەل قىلىش قىيىن بولغان ئاساسىي قىيىنچىلىقىغا تەگكەندەك قىلىمىز. ھەتتا بىز يەھۇدىي مەسىلىسى ئۈستىدە جىددىي شەكىلدە دۇنيا مىقياسىدا مۇنازىرە قوزغاشتا مۇۋەپپەقىيەت قازانغان بولساقمۇ - ھەتتا بۇ مۇنازىرە بىزنى يەھۇدىي دۆلىتىنىڭ دۇنياغا زۆرۈر ئىكەنلىكى توغرىسىدا ئىجابىي خۇلاسىگە ئېلىپ كەلگەن بولسىمۇ - ھەتتا كۈچلەر[ھاكىمىيەتلەر] بىزنىڭ بىر پارچە زېمىن ئۈستىدىكى ھۆكۈمرانلىقىنى قولغا كەلتۈرۈشىمىزگە ياردەم قىلغان بولسىمۇ - بىز يەھۇدىيلارنىڭ توپلىرىنى ئۇرۇنسىز زورلۇق بولمىغان ھالدا ئۇلارنىڭ ھازىرقى ئۆيلىرىدىن بۇ يېڭى دۆلەتكە قانداق يۆتكەيمىز؟ ئۇلارنىڭ كۆچۈشى ئەلۋەتتە ئىختىيارىي بولۇشى نەزەردە تۇتۇلىدۇ.

## توپ-توپ ئادەملەر ھادىسىسى

ھەرىكەتنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن چوڭ تىرىشچانلىقلار كەتمەيدۇ. يەھۇدىي دۈشمەنلىرى كېرەكلىك كۈچنى تەمىنلەيدۇ. ئۇلار پەقەت ئىلگىرى قىلغانلىرىنى قىلسا بولىدۇ، ئاندىن ئۇلار: ئىلگىرى مەۋجۇت بولمىغان يەرلەردە كۆچۈش ئارزۇسىنى يارىتىدۇ ۋە ئىلگىرى مەۋجۇت بولغان يەرلەردە ئۇنى كۈچەيتىدۇ. ھازىر يەھۇدىي دۈشمەنلىكى قىلىدىغان دۆلەتلەردە قالغان يەھۇدىيلار ئاساسەن شۇنىڭ ئۈچۈن قالغان چۈنكى ھەتتا ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى تارىختىن ئەڭ بىخەۋەر بولغانلارمۇ ئۆتكەن ئەسىرلەردىكى نۇرغۇن تۇرار جاي ئۆزگەرتىشلەرنىڭ ئۇلارغا ھېچقانداق مەڭگۈلۈك ياخشىلىق ئېلىپ كەلمىگەنلىكىنى بىلىشىدۇ. بۈگۈن يەھۇدىيلارنى قارشى ئالىدىغان ۋە ئۇلارغا ھەتتا يەھۇدىي دۆلىتى كاپالەتلەندۈرىدىغاندىنمۇ ئاز ئارتۇقچىلىقلارنى تەكلىپ قىلىدىغان ھەرقانداق زېمىن دەرھال خەلقىمىزنىڭ چوڭ دولقۇنىنى جەلپ قىلىدۇ. ھېچنەرسىسى يوق بولغان ئەڭ نامراتلار ئۇ يەرگە بېرىشىدۇ. لېكىن مەن شۇنداق قارايمەن (ھەر بىر ئادەم ئۆزىدىن مېنىڭ توغرا ئىكەنلىكىمنى ياكى ئەمەسلىكىمنى سورىشى مۇمكىن): بىزگە چۈشۈۋاتقان بېسىم ھەتتا جەمئىيەتنىڭ باي قاتلاملىرى ئارىسىدىمۇ كۆچۈش ئارزۇسىنى ئويغىتىدۇ. ھازىر بىزنىڭ ئەڭ نامرات قاتلاملىرىمىزلا

بىر دۆلەت قۇرۇشقا يېتەرلىك بولىدۇ. ئۇلار بىر زېمىننى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن ئەڭ كۈچلۈك ئىنسانىي ماتېرىياللارنى تەشكىل قىلىدۇ، چۈنكى چوڭ بىر تەشەببۇسنىڭ شەكىللىنىشى ئۈچۈن بىر ئاز ئۈمىدسىزلىك زۆرۈردۇر. لېكىن بىزنىڭ «ئۈمىدسىزلىرىمىز» ئۆز مەۋجۇتلۇقى ۋە ئۇلارنىڭ ئۇنىڭغا سەرپ قىلغان ئەمگىكى بىلەن زېمىننىڭ قىممىتىنى ئاشۇرغاندا، ئۇلار ئۇنى بىرلا ۋاقىتتا ئەھۋالى ياخشىراق ئادەملەر ئۈچۈن ئولتۇراقلىشىش ئورنى سۈپىتىدە تېخىمۇ جەلپ قىلارلىق قىلىدۇ. ھەتتا يۇقىرى ۋە تېخىمۇ يۇقىرى قاتلاملارمۇ ئۇ يەرگە كۆچۈپ كېتىش ئۈچۈن جەلپ قىلىنىدۇ. تۇنجى ۋە ئەڭ نامرات كۆچمەنلەرنىڭ سەپىرى شىركەت ۋە جەمئىيەت بىرلىكتە ئېلىپ بارىدۇ، ھەمدە ئېھتىمال مەۋجۇت كۆچۈش ۋە زىئونىزم جەمئىيەتلىرى تەرىپىدىن قوشۇمچە قوللاپ-قۇۋۋەتلىنىدۇ.

بىر تۈركۈم ئادەملەرنى مەلۇم بىر جايغا بېرىشقا ئېنىق بۇيرۇق بەرمەي تۇرۇپ قانداق يېتەكلىگىلى بولىدۇ؟ چوڭ مىقياستا يەھۇدىيلارنىڭ ئازابلىرىنى زىئونىزم تەجرىبىلىرى ئارقىلىق يېنىكلەتمەكچى بولغان مەلۇم ساندا يەھۇدىي ساخاۋەتچىلەر بار. ئۇلارنىڭ قارىشىچىمۇ بۇ مەسىلە تەكرار پەيدا بولغان ۋە كۆچمەنلەرگە پۇل ياكى ئىشقا ئورۇنلىشىش ۋاسىتىلىرىنى بېرىش ئارقىلىق بۇنى ھەل قىلماقچى بولغان. بۇ سەۋەبتىن خەير-ساخاۋەتچىلەر مۇنداق دېيىشتى: «بىز بۇ ئادەملەرگە ئۇ يەرگە بېرىشى ئۈچۈن پۇل تۆلەيمىز». بۇنداق ئىش قىلىش شەكلى پۈتۈنلەي خاتا بولۇپ، دۇنيادىكى بارلىق پۇللار مەقسىتى بويىچە ئىشلىتىلمەيدىغان ئەھۋال بار . يەنە بىر تەرەپتىن، شىركەت: «بىز ئۇلارغا پۇل تۆلىمەيمىز، ئۇلار بىزگە پۇل تۆلىسۇن. بىز پەقەت ئۇلارغا كۆچۈپ كېتىشى ئۈچۈن بەزى رىغبەتلەندۈرگۈچى ئامىللارنى سۇنىمىز» دەيدۇ.

خىيالىي بىر مىسال مېنىڭ مەقسىتىمنى تېخىمۇ ئېنىق قىلىدۇ: شۇ خەير-ساخاۋەتچىلەرنىڭ بىرى (ئۇنى «بارون» دەپ ئاتايلى)، مەن ۋە ئۇ ئىككىمىز ئىسسىق بىر يەكشەنبە چۈشتىن كېيىن، پارىژ يېنىدىكى لوڭشامپ تۇزلەڭلىكىگە توپ-توپ كىشىلەرنى يىغماقچىمىز. بارون ھەر بىر كىشىگە 10 فرانك ۋەدە قىلىش ئارقىلىق، 200,000 فرانك خەجلەپ، 20,000 تەرلەپ-پىشىپ بىئارام بولغان كىشىنى يىغىدۇ، بۇ كىشىلەر ئۆزلىرىگە شۇنچە ئاۋارىچىلىك كەلتۈرگىنى ئۈچۈن بارونغا لەنەت

ئوقۇيدۇ. مەن بولسام، بۇ 200,000 فرانكنى ئەڭ تېز چاپقۇر ئاتقا مۇكاپات سۈپىتىدە تەكلىپ قىلىمەن — شۇنىڭ بىلەن كىشىلەرنى لوڭشامپقا كىرگۈزمەسلىك ئۈچۈن توساق قويۇشۇم كېرەك بولىدۇ. ئۇلار كىرىش ئۈچۈن پۇل تۆلەيدۇ: 1 فرانك، 5 فرانك، 20 فرانك.

نەتىجىدە، مەن ئۇ يەرگە يېرىم مىليون كىشىنى يىغالايمەن؛ جۇمھۇرىيەت پرېزىدېنتى «ا لا دومونت» ماشىنىسىنى ھەيدەپ كېلىدۇ ۋە خالايىق ھۇزۇرلىنىپ كۆڭۈل ئاچىدۇ. ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى ئىسسىق ۋە چاڭ-توزاڭغا قارىماي، ئوچۇق ھاۋادا تەبىئىي سەيلە قىلغاندەك ھېس قىلىدۇ؛ مەن بولسام 200,000 فرانكىم بىلەن كىرىش پۇلى ۋە بەيگىدىن ئېلىنغان باج بىلەن تەخمىنەن بىر مىليون تاپقان بولىمەن. مەن خالىغان ۋاقىتتا ئوخشاش كىشىلەرنى يەنە شۇ يەرگە يىغالايمەن — ئەمما ھېچقانداق شارائىتتا بارون ئۇنداق قىلالمايدۇ.

مەن توپ-توپ كىشىلەر تىرىكچىلىك قىلىۋاتقان يەردىكى ھادىسە توغرىسىدا تېخىمۇ جىددىي بىر مىسال بېرەي. بىر كىشى شەھەر كوچىلىرىدا: «كىمكى قىشنىڭ قاتتىق سوغۇقىدا ياكى يازنىڭ پىژغىرىم ئىسسىقىدا پۈتۈن كۈن بويى ھەر تەرىپى ئوچۇق تۆمۈر زالدا تۇرۇشقا، ھەر بىر يولدىن ئۆتكۈچىلەرگە گەپ قىلىشقا ۋە ئۇلارغا زىننەت بۇيۇملىرى ياكى بېلىق ۋە ياكى مېۋە ئېلان قىلىشقا ئۇنىسا، ئىككى فلورىن ياكى تۆت فرانك ياكى شۇنىڭغا ئوخشاش نەرسە ئالىدۇ» دەپ ۋارقىرىسا، قانچە كىشى زالغا بارار ئىدى؟ ئاچلىق ئۇلارنى شۇ يەرگە ھەيدىگەندە، قانچە كۈن چىدار ئىدى؟ ۋە ئەگەر چىدىسا، يولدىن ئۆتكۈچىلەرنى بېلىق، مېۋە ۋە زىننەت بۇيۇملىرىنى سېتىۋېلىشقا قايىل قىلىش ئۈچۈن قانداق كۈچ-قۇۋۋەت كۆرسىتەر ئىدى؟

بىز بۇنى باشقىچە يول بىلەن قىلىمىز. سودا گۈللەنگەن جايلاردا، بۇ جايلارنى بىز ئاسانلا تاپالايمىز، چۈنكى بىز ئۆزىمىز خالىغان يەرگە سودىنى بۇرىيالايمىز، بۇ جايلاردا بىز چوڭ زاللارنى قۇرىمىز ۋە بۇلارنى بازار دەپ ئاتايمىز. بۇ زاللار يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغانلارغا قارىغاندا ناچارراق قۇرۇلغان ۋە كۆرۈمسىزرەك بولۇشى مۇمكىن، لېكىن يەنىلا كىشىلەر ئۇلارغا قاراپ ئېقىپ كېلىدۇ. لېكىن بىز بارلىق كۈچىمىزنى چىقىرىمىز ۋە ئۇلارنى ياخشىراق سالىمىز، ئالدىنقىلارغا قارىغاندا چىرايلىقراق قىلىمىز. بىز ھېچنېمە ۋەدە قىلمايمىز، چۈنكى بىز

ئۇلارنى ئالدىماي تۇرۇپ ھېچنېمە ۋەدە قىلالمايمىز، بۇ ئاجايىپ، ئۆتكۈر سودىگەرلەر خۇش-خۇراملىق بىلەن ئەڭ ئاكتىپ سودا مۇناسىۋىتىنى يارىتىدۇ. ئۇلار ئالغۇچىلارغا چارچىماي سۆزلەيدۇ؛ ئۇلار ئۆرە تۇرىدۇ ۋە ھارغىنلىقنى پەقەت ئويلىمايدۇ. بىرىنچى بولۇش ئۈچۈن، تاڭ سەھەردە ئالدىراپ كېتىدۇ؛ ئۇلار تىرىكچىلىكنى داۋاملاشتۇرۇش ئۈچۈن ئىنتىلىپ قاقلار قۇرىدۇ. ئەگەر ئۇلار كۈن ئاخىرىدا پۈتۈن ئەمگىكىنىڭ پەقەت 1 فلورىن، 50 كرېيتزېر ياكى 3 فرانك ياكى شۇنىڭغا ئوخشاش بىرنەرسىنى ئېلىپ كەلگەنلىكىنى بايقىسا، بەلكىم ئۇلارغا ياخشىراق شارائىت ئېلىپ كېلىدىغان كېلەر كۈنگە ئۈمىدۋارلىق بىلەن قارايدۇ.

بىز ئۇلارغا ئۈمىد بەرگەنمىز. بازارنى ۋۇجۇتقا كەلتۈرىدىغان تەلەپ نەدىن كېلىدۇ دەپ سورايدىغانلار بارمۇ؟ ئۇلارغا قايتا ئېيتىش ھەقىقەتەن كېرەكمۇ؟ مەن «ئەمگەك ئارقىلىق ياردەم» سىستېمىسى[1] ئارقىلىق كىرىمنى ئون بەش ھەسسە ئاشۇرغىلى بولىدىغانلىقىنى كۆرسەتكەن ئىدىم. بىر مىليون ئون بەش مىليوننى ئېلىپ كېلەتتى. بۇ كىچىك نىسبەتتە شۇنداق بولۇشى مۇمكىن؛ چوڭ نىسبەتتىچۇ؟ كاپىتال جەزمەن ئۆزىنىڭ ئۆسۈشىگە تەتۈر تاناسىپ بولغان ھالدا ئازىيىدىغان كىرىمنى بېرىدۇ. پاسسىپ ۋە ھەرىكەتسىز كاپىتال بۇ ئازىيىدىغان كىرىمنى بېرىدۇ، لېكىن ئاكتىپ كاپىتال ھەيران قالارلىق دەرىجىدە ئۆسۈۋاتقان كىرىم ئېلىپ كېلىدۇ. بۇنىڭ تېگىدە ئەسلىدە ئىجتىمائىي مەسىلە ياتىدۇ.

مەن بىر ھەقىقەتنى ئوتتۇرىغا قويۇۋاتىمەنمۇ؟ مەن ئۆزۈمنىڭ راستچىللىقىغا ئەڭ باي يەھۇدىيلارنى گۇۋاھچى قىلىپ چاقىرىمەن. ئۇلار نېمىشقا شۇنچە كۆپ ھەرخىل كارخانىلارنى باشقۇرىدۇ؟ نېمىشقا ئۇلار كىشىلەرنى يەر ئاستىغا ئەۋەتىپ، قورقۇنچلۇق خەۋپلەر ئىچىدە كۆمۈر قېزىشقا ئەۋەتىدۇ؟ مەن بۇنىڭ ھەتتا كان ئىگىلىرىگىمۇ خۇشاللىق ئېلىپ كېلىدىغانلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلالمايمەن. مەن كاپىتالىستلارنىڭ رەھىمسىز ئىكەنلىكىگە ئىشەنمەيمەن ۋە بۇنداق ئىشەنگەندەك قىلىپ ئۆزۈمنى كۆرسەتمەيمەن. مېنىڭ ئارزۇيۇم پەرقلەرنى كۈچەيتىش ئەمەس، بەلكى يۇمشىتىشتۇر. كۆپچىلىك توپ-توپ ئادەملەر ھادىسىسىنى ۋە ئۇلارنىڭ مەلۇم بىر جايغا توپلىنىشىنى دىنىي

[1] Assistance par le Travail

زىيارەتلەرگە ئىشارەت قىلىپ سۆرەتلەش زۆرۈرمۇ؟ مەن ھېچكىمنىڭ دىنىي سەزگۈرلۈكىنى خاتا چۈشەندۈرۈلۈشى مۇمكىن بولغان سۆزلەر بىلەن چەكلىمەكچى ئەمەسمەن.

مەن پەقەت قىسقىچە مۇسۇلمانلارنىڭ مەككىگە، كاتولىكلارنىڭ لۇردېسقا[1] ۋە باشقا نۇرغۇن ئىمانى بىلەن تەسەللى تاپقان كىشىلەر قايتىپ كېلىدىغان جايلارغا ۋە تىرېردىكى[2] مۇقەددەس تاشقا بولغان زىيارەتلىرىنى تىلغا ئالىمەن. قىسقىسى، بىز خەلقىمىزنىڭ چوڭقۇر دىنىي ئېھتىياجلىرى ئۈچۈن بىر مەركەز ۋۇجۇدقا چىقىرىمىز. بىزنىڭ دىنىي خادىملىرىمىز بىزنى ئەڭ ئاۋۋال چۈشىنىدۇ ۋە بىز بىلەن بىللە بولىدۇ. بىز ھەر بىر ئادەمنىڭ ئۆزىنىڭ ئالاھىدە ئۇسۇلى بىلەن «ئۇ يەردە» نىجاتلىق تېپىشىغا يول قويىمىز. ھەممىدىن ئاۋۋال، بىز ئەركىن پىكىرلىك كىشىلىرىمىزنىڭ ئۆلمەس گۇرۇپپىسىغا ئورۇن ئاجرىتىمىز، ئۇلار ئىنسانىيەت ئۈچۈن ئىزچىل يېڭى غەلىبىلەرنى قازىنىۋاتىدۇ. ھېچكىمگە دۆلەت ۋە تەرتىپنى ساقلاش ئۈچۈن زۆرۈر بولغاندىن ئارتۇق كۈچ ئىشلىتىلمەيدۇ؛ ۋە زۆرۈر بولغان كۈچ بىر ياكى بىر نەچچە ئۆزگىرىپ تۇرىدىغان ھوقۇق ئىگىلىرى تەرىپىدىن خالىغانچە بەلگىلەنمەيدۇ؛ ئۇ تۆمۈر قانۇنلار بىلەن بېكىتىلىدۇ.

ئەمدى، ئەگەر مەن بەرگەن مىساللار كىشىلەرنى بىر توپ خەلقنىڭ پەقەت ۋاقىتلىق ھالدا ئېتىقاد، تىجارەت ياكى كۆڭۈل ئېچىش مەركەزلىرىگە جەلپ قىلىنىدىغانلىقى دېگەن خۇلاسىگە كەلتۈرسە، ئۇلارنىڭ قارشىلىقىغا جاۋاب بېرىش ئاددىي. بۇ نىشانلارنىڭ پەقەت بىرسىلا كۆپچىلىكنى جەلپ قىلالىسىمۇ، بۇ جەلپ قىلىش مەركەزلىرىنىڭ ھەممىسى بىرلەشكەندە داۋاملىق ھالدا ئۇلارنى تۇتۇپ تۇرۇش ۋە قانائەتلەندۈرۈش ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى بۇ مەركەزلەرنىڭ ھەممىسى بىرلىكتە خەلقىمىز ھەمىشە ئېرىشىشكە ئىنتىلىۋاتقان، ئۆزىنى جانلىق ساقلاپ كېلىۋاتقان يېگانە، ئۇلۇغ، ئۇزۇن ۋاقىتتىن بېرى ئارزۇ قىلىنىۋاتقان نىشاننى شەكىللەندۈرىدۇ – ئەركىن ماكان!

ھەرىكەت باشلانغاندا، بىز بەزى كىشىلەرنى ئۆزىمىزنىڭ كەينىدىن

[1] Lourdes

[2] Trier

ئەگەشتۇرىمىز ۋە باشقىلارنىڭ ئەگىشىشىگە يول ئېچىپ بېرىمىز؛ يەنە باشقىلار دولقۇنىغا سۆرۈلۈپ كىرىدۇ، ئەڭ ئاخىرقىلار بىزنىڭ كەينىمىزدىن ئىنتىرىلىدۇ. بۇ ئاخىرقى ئىككىلىنىپ قالغانلارنىڭ ھەم بۇ يەردە ھەم ئۇ يەردە ئەھۋالى ئەڭ ناچار بولىدۇ. ئەمما ئەڭ ئاۋۋال ئىمان، ھەۋەس ۋە جاسارەت بىلەن ئۆتكەنلەر ئەڭ ياخشى ئورۇنلارغا ئېرىشىدۇ.

## يەھۇدىلارنىڭ ئىنساني ماتېريالى

يەھۇدىيلار ھەققىدە باشقا ھەرقانداق خەلقتىن كۆپرەك خاتا چۈشەنچىلەر مەۋجۇت. بىز تارىخىي ئازابلىرىمىزدىن شۇنچە چۈشكۈنلەشكەن ۋە ئۈمىدسىزلەنگەنكى، بىز ئۆزىمىزمۇ بۇ خاتالىقلارنى تەكرارلايمىز ۋە ئىشىنىمىز. بۇلارنىڭ بىرى بىزنىڭ سودىغا بولغان چەكسىز مۇھەببىتىمىز. ئەمدى شۇ مەلۇمكى، قەيەردە بولمىسۇن يۇقىرى قاتلاملاردىن ئورۇن ئېلىشىمىزغا رۇخسەت قىلىنسا، بىز دەرھال تىجارەتنى تاشلايمىز. كۆپ ساندىكى يەھۇدىي سودىگەرلەر ئوغۇللىرىغا ئالىي مائارىپ شارائىتى يارىتىپ بېرىدۇ. شۇڭا، جىمى ئىلمىي كەسىپلەر ئاتالمىش «يەھۇدىيلىشىشى»قا يۈزلىنىدۇ. ئەمما ئىقتىسادىي جەھەتتىن ئاجىزراق بولغان جەمئىيەت تەبىقىلىرىدىمۇ، بىزنىڭ سودىغا بولغان مۇھەببىتىمىز ئومۇمەن تەسەۋۋۇر قىلىنغاندەك يۇقىرى ئەمەس. شەرقىي ياۋروپا دۆلەتلىرىدە نۇرغۇن سودىگەر بولمىغان يەھۇدىيلار بار، ئۇلار ئېغىر ئەمگەكتىنمۇ قورقمايدۇ. يەھۇدىيلار جەمئىيىتى ئىنسان كۈچلىرىمىز يەنى ماتېرىياللىرىمىز ھەققىدە ئىلمىي جەھەتتىن توغرا ستاتىستىكا تەييارلاش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولىدۇ. يېڭى دۆلەتتە خەلقىمىزنى كۈتىۋاتقان يېڭى ۋەزىپىلەر ۋە ئىستىقباللار ھازىرقى ھۈنەرۋەنلىرىمىزنى قانائەتلەندۈرىدۇ ۋە نۇرغۇن ھازىرقى كىچىك سودىگەرلەرنى قول ئەمگەكچىلىرىگە ئايلاندۇرىدۇ.

ئېغىر يۈكنى دۈمبىسىگە ئارتىپ مەملىكەتنى ئايلىنىپ يۈرگەن بىر سەييارە ساتقۇچى زۇلۇم قىلغۇچىلار تەسەۋۋۇر قىلغاندەك خۇشال ئەمەس. يەتتە سائەتلىك خىزمەت كۈنى ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى ئىشچىلارغا ئايلاندۇرىدۇ. ئۇلار ياخشى، خاتا چۈشىنىلگەن كىشىلەر بولۇپ، ھازىر بەلكىم باشقىلاردىن ئېغىرراق ئازاب تارتىۋاتىدۇ. يەھۇدىيلار

جەمئىيىتى، بۇنىڭدىن تاشقىرى، باشتىلا ئۇلارنى ھۇنەرۋەن قىلىپ تەربىيەلەش بىلەن مەشغۇل بولىدۇ. ئۇلارنىڭ پايدا كۆرۈشكە بولغان مۇھەببىتى ساغلام ئۇسۇلدا رىغبەتلەندۈرۈلىدۇ. يەھۇدىيلار تېجەشچان ۋە ماسلىشىشچان خاراكتېرگە ئىگە بولۇپ، تىرىكچىلىك قىلىش ئۈچۈن ھەر قانداق شارائىتقا ماسلىشالايدۇ، شۇڭا كىچىك تىجارەتنى پايدىسىز ھالغا كەلتۈرۈش ، ھەتتا ھازىرقى سەييارە ساتقۇچىلارنىڭ تامامەن ۋاز كېچىشكە سەۋەب بولۇش ئۈچۈن يېتەرلىكتۇر. مەسىلەن، بۇ بارلىق تۇرمۇش زۆرۈرىيەتلىرىنى ۋە ئېھتىياجلىرىنى تەمىنلەيدىغان چوڭ كۆلەملىك دۇكانلارنى رىغبەتلەندۈرۈش ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشۇرۇلىدۇ. بۇنداق چوڭ دۇكانلار ھازىرمۇ چوڭ شەھەرلەردىكى كىچىك تىجارەتكە بېسىم ئېلىپ كېلىۋاتىدۇ. يېڭى مەدەنىيەت مۇھىتىدا ئۇلار كىچىك تىجارەتنىڭ مەۋجۇتلۇقىغا توسالغۇ بولىدۇ. بۇ دۇكانلارنىڭ قۇرۇلۇشى يەنە پايدىلىق، چۈنكى بۇ تۇرمۇشنىڭ ئىنچىكە زۆرۈرىيەتلىرىنى تەلەپ قىلىدىغان كىشىلەر ئۈچۈن مەملىكەتنى تۇرمۇش كەچۈرۈشكە قولاي ھالەتكە كەلتۈرۈشتە رول ئوينايدۇ.

## ئادەتلەر

ئادەتتىكى ئادەمنىڭ كىچىك ئادەتلىرى ۋە خاتىرجەم تۇرمۇشى ھەققىدە قىلىنغان بىر نەقىل بۇ كىتابچىنىڭ جىددىي تەبىئىتى بىلەن ماس كېلەمدۇ؟ مېنىڭچە ماس كېلىدۇ، ئۇنىڭدىن تاشقىرى، ناھايىتى مۇھىم. چۈنكى بۇ كىچىك ئادەتلەر مىڭلىغان بىر نازۇك يىپلاردىن ئىبارەت بولۇپ، بىرلىكتە ئۈزۈلمەس ئارغامچىنى شەكىللەندۈرىدۇ.

بۇ يەردە بەزى چەكلىك ئۇقۇملارنى بىر چەتكە قويۇش كېرەك. كىمكى دۇنيادىن ھەرقانداق نەرسىنى كۆرگەن بولسا بىلىدۇكى، دەل مۇشۇ كىچىك كۈندىلىك ئادەتلەرنى ھەر قايسى جايلارغا ئاسانلا كۆچۈرگىلى بولىدۇ. بۇ پىلاننىڭ ئىنسانىيەت خىزمىتىدە قوللىنىشنى پىلانلاۋاتقان زامانىمىزنىڭ تېخنىكىلىق قۇرۇلمىلىرى ھازىرغىچە ئاساسەن بىزنىڭ كىچىك ئادەتلىرىمىز ئۈچۈن ئىشلىتىلگەن. مىسىردا ۋە شۋېيتسارىيەنىڭ تاغ چوققىسىدا ئىنگلىز مېھمانخانىلار، جەنۇبىي ئافرىقىدا ۋېيانا قەھۋەخانىلىرى، رۇسىيەدە فرانسۇز تىياتىرخانىلىرى،

ئامېرىكىدا گېرمان ئوپېرالىرى ۋە پارىژدا ئەڭ ياخشى باۋارىيە پىۋىسى بار. بىز مىسىردىن يەنە قايتا سەپەرگە چىققىنىمىزدا، گۆش قازانلىرىنى تاشلاپ كەتمەيمىز. ھەر بىر ئادەم ئۆز ئادەتلىرىنى يەرلىك گۇرۇپپىلاردا قايتا تاپىدۇ، لېكىن ئۇلار بۇرۇنقىدىن ياخشى، گۈزەل ۋە يېقىملىق بولىدۇ.

# 5-باپ: يەھۇدىيلار جەمئىيىتى ۋە يەھۇدىي دۆلىتى

## مۇزاكىرە خىزمىتى

بۇ كىتابچە ئادۋوكاتلار ئۈچۈن يېزىلمىدى. شۇڭا، مەن باشقا نۇرغۇن نەرسىلەرگە ئوخشاش، دۆلەتنىڭ قانۇنىي ئاساسلىرى ھەققىدىكى يېڭى نەزەرىيەم توغرىسىدا قىسقىچە توختىلىمەن. شۇنداقتىمۇ، مەن يېڭى نەزەرىيەمگە بىر قەدەر ئەھمىيەت بېرىشىم كېرەك، بۇ نەزەرىيەنى ھەتتا ھوقۇقشۇناسلىق ساھەسىدە ياخشى بىلىملىك بولغان كىشىلەر بىلەنمۇ مۇنازىرىلىشىپ ياقلاپ قالالايمەن دەپ ئويلايمەن.

رۇسسونىڭ ھازىر كونىراپ قالغان كۆزقارىشىچە، دۆلەت ئىجتىمائىي كېلىشىم[1] ئارقىلىق شەكىللىنىدۇ. رۇسسو مۇنداق قارايتتى: «بۇ

---

[1] social contract: ئىجتىمائىي كېلىشىم شەخسلەرنىڭ ئۆز-ئارا كېلىشىش، بەزى قائىدىلەرگە بويسۇنۇش ۋە بىر-بىرىنى زوراۋانلىق، ئالدامچىلىق ياكى دىققەتسىزلىكتىن قوغداش ئۈچۈن بىرلىشىدىغانلىقىنى ياقلايدىغان بىر ئۇقۇمدۇر. بۇ ئۇقۇمنىڭ ئاساسى ئىنسانلارنىڭ بىر دۆلەتكە ياكى ھوقۇقدارغا مۇستەقىللىقىنىڭ بىر قىسمىدىن قانۇنىنىڭ ئۈستۈنلۈك چۈشەنچىسى بىلەن ۋاز كېچىشىدۇر. ئۇنى باشقۇرۇلغۇچىلار تەرىپىدىن بەزى قائىدىلەر بىلەن باشقۇرۇلۇش ئۈستىگە ھاسىل بولغان كېلىشىم سۈپىتىدىمۇ چۈشەنگىلى بولىدۇ. ئىجتىمائىي كېلىشىم نەزەرىيەسى قانۇنلۇق دۆلەت ھوقۇقىنىڭ باشقۇرۇلغۇچىلارنىڭ ئىجازىتى بىلەن ئەمەلگە ئاشۇرۇلۇشى كېرەكلىكىنى ياقلايدۇ. بۇ خىل نەزەرىيەلەرنىڭ ئادەتتىكى باشلانغۇچ نۇقتىسىنى ئىجتىمائىي تەرتىپنىڭ ھېچ بولمىغان ئىنسانىنىڭ تەبىئىتىنى تەتقىق قىلىش شەكىللەندۈرىدۇ. بۇ ھالەتتە شەخسنىڭ ھەرىكەتلىرى پەقەت ئۆزىنىڭ شەخسىي كۈچى ۋە ئاڭغا ئاساسلىنىدۇ. بۇ باشلانغۇچ نۇقتىدىن باشلاپ، ئىجتىمائىي كېلىشىم نەزەرىيەچىلىرى بىر شەخسنىڭ سىياسىي ۋە ئىقتىسادىي تۈزۈم ۋە تەرتىپتىن پايدىلىنىش ئۈچۈن ئۆزىنىڭ ئەقلىي مەنپەئەتلىرى ۋە تەبىئىي ئەركىنلىكلىرىدىن نېمىشقا ئىختىيارى ھالدا ۋاز كېچىشنى ئىسپاتلاشقا تىرىشىدۇ. توماس ھوببېس (1651) ۋە جېن-جاك روسو

كېلىشىمنىڭ شەرتلىرى كېلىشىمنىڭ تەبىئىتى تەرىپىدىن شۇنچىلىك ئېنىق بەلگىلەنگەنكى، كىچىككىنە ئۆزگەرتىش ئۇلارنى بىكار قىلىۋېتىدۇ. بۇنىڭ نەتىجىسى شۇكى، ھەتتا ئۇلار ئوچۇق بايان قىلىنمىغان بولسىمۇ، ئۇلار ھەممە يەردە ئوخشاش، ۋە ھەممە يەردە يوشۇرۇن قوبۇل قىلىنغان ۋە ئېتىراپ قىلىنغان» ۋە ھاكازا.

روسسونىڭ نەزەرىيەسىنى مەنتىقە ۋە تارىخىي جەھەتتىن رەت قىلىش، ئۇنىڭ تەسىرلىرى قانچىلىك چوڭ بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ھېچقاچان ئاسان بولمىغان، ھازىرمۇ قىيىن. «شەرتلىرى ئوچۇق بايان قىلىنمىغان، ئەمما ئۆزگەرتىلمەيدىغان» ئىجتىمائىي كېلىشىم زامانىۋى ھۆكۈمەت شەكىللىرى ئاستىدىكى دۆلەتلەر ئۈچۈن ھېچقانداق ئەمەلىي قىزىقىش ئويغاتمايدۇ. چۈنكى ھۆكۈمەت بىلەن پۇقرا ئارىسىدىكى قانۇنىي مۇناسىۋەت ھەر قانداق ئەھۋالدا ھازىر ئېنىق بەلگىلەنگەن. لېكىن ئاساسىي قانۇن تۈزۈلۈشتىن بۇرۇن ۋە يېڭى دۆلەت قۇرۇلۇۋاتقان مەزگىلدە، بۇ پرىنسىپلار چوڭ ئەمەلىي ئەھمىيەتكە ئىگە بولىدۇ. بىز دۆلەتلەرنىڭ يەنىلا داۋاملىق شەكىللىنىۋاتقانلىقىنى بىلىمىز ۋە ئۆز كۆزىمىز بىلەن كۆرۈۋاتىمىز: مۇستەملىكىلەر مەركىزى دۆلەتتىن ئايرىلىپ چىقىدۇ، بېقىندى دۆلەتلەر ئۆز خوجايىنلىرىدىن ئايرىلىپ چىقىدۇ، يېڭى ئېچىلغان زېمىنلار دەرھال ئەركىن دۆلەتلەرگە ئايلىنىدۇ.

يەھۇدىي دۆلىتىنىڭ بەلگىلەنمىگەن زېمىنىدا ئالاھىدە زامانىۋى قۇرۇلما سۈپىتىدە تەسەۋۋۇر قىلىنىشى توغرا. ئەمما دۆلەت زېمىن پارچىلىرى بىلەن ئەمەس، بەلكى ئالىي ھاكىمىيەت ئاستىدا بىرلەشكەن بىر قىسىم كىشىلەر تەرىپىدىن قۇرۇلىدۇ. **خەلق** دۆلەتنىڭ سۇبيېكتىپ ئاساسى، **زېمىن** بولسا ئوبيېكتىپ ئاساسى بولۇپ، سۇبيېكتىپ ئاساس ئىككىسىنىڭ ئىچىدە ئەڭ مۇھىمىدۇر. مەسىلەن، ھېچقانداق ئوبيېكتىپ ئاساسى بولمىغان بىر ھاكىمىيەت، بەلكىم دۇنيادىكى ئەڭ ھۆرمەتكە سازاۋەر ھاكىمىيەتتۇر - مەن پاپا ھاكىمىيىتىنى كۆزدە تۇتۇۋاتىمەن.

---

(1762) جەمئىيەتلىك كېلىشىم نەزەرىيەسىنىڭ ئەڭ داڭلىق پەيلاسوپلىرىدۇر. بۇ پەيلاسوپلارنىڭ نەزەرىيەلىك تەتقىقاتلىرى ئاساسىي قانۇنلۇق پادىشاھلىق، لىبېرال دېموكراتىيە ۋە جۇمھۇرىيەتچىلىكنىڭ ئاساسىنى تەييارلىغان

هازىر سىياسەت ئىلمىدە قوبۇل قىلىنغان نەزەرىيە راتسىئوناللىق نەزەرىيەسىدۇر. بۇ نەزەرىيە دۆلەت قۇرۇشنى ياقلاشقا تامامەن يېتەرلىك بولۇپ، ئىجتىمائىي كېلىشىم نەزەرىيەسىگە ئوخشاش تارىخىي جەھەتتىن رەت قىلىنالمايدۇ. مەن پەقەت يەھۇدىي دۆلىتىنى قۇرۇشقىلا كۆڭۈل بۆلگەنلىكىم ئۈچۈن، راتسىئوناللىق نەزەرىيەسىنىڭ چەكلىمىسى ئىچىدە تۇرغان بولىمەن. ئەمما دۆلەتنىڭ قانۇنىي ئاساسىغا مۇناسىۋەتلىك بولغاندا، مەن ئۇلاردىن ئاللىبۇرۇن ھالقىدىم. دىنىي مۇئەسسەسە، ئالىي كۈچ[1] ، كېلىشىم نەزەرىيەلىرى، پاترىئارخال[2] نەزەرىيەسى قاتارلىق نەزەرىيەلەر زامانىۋى كۆز-قاراشلارغا ماس كەلمەيدۇ. دۆلەتنىڭ قانۇنىي ئاساسى يا كىشىلەرنىڭ ئىچىدە بەك كۆپ ئىزدىلىدۇ (پاترىئارخال نەزەرىيە، ئالى كۈچ ۋە كېلىشىم نەزەرىيەلىرى)، يا ئۇلاردىن بەك يۇقىرى (دىنىي مۇئەسسەسە)، يا ئۇلاردىن بەك تۆۋەن (ئوبيېكتىپ پاترىمونىئال نەزەرىيەلەردىن[3] ئىزدىلىدۇ.

راتسىئوناللىق نەزەرىيەسى بۇ مەسىلىنى ئېھتىياتچانلىق بىلەن جاۋابسىز قالدۇرىدۇ. ئەمما ھەر دەۋردىكى ھوقۇقشۇناسلىق دوكتورلىرىنى جىددىي بەند قىلغان بىر مەسىلە پۈتۈنلەي قۇرۇق مەسىلە بولمايدۇ. ئەمەلىيەتتە، ئىنسانىي ۋە ئىنسانىيدىن ئۈستۈن بولغان ئارىلاشما دۆلەت پەيدا بولۇشى مۇمكىن. پۇقرالارنىڭ بەزىدە ھۆكۈمرانلارغا بىر قەدەر بېسىم قىلىدىغان مۇناسىۋەت شەكلىنى چۈشەندۈرۈش ئۈچۈن بىر قانۇنىي ئاساس زۆرۈر. مەن ئۇنىڭ پۇقرالار بىرلىكىنىڭ دومىنۇس نېگوتىئورۇم[4] ۋە ھۆكۈمەتنىڭ ۋەكالەتچىلىكىگە[5] ۋەكىلىل قىلىدىغان نېگوتىئورۇم گېستىئو[6] تېرمىنلىرىدىن تېپىلىدىغانلىقىغا ئىشىنىمەن. رىملىقلار ئۆزلىرىنىڭ ھەيران قالارلىق ئادالەت تۇيغۇسى بىلەن نېگوتىئورۇم گېستىئو دېگەن گۈزەل شاھ ئەسەرنى روياپقا چىقاردى. بىر ئېزىلگەن كىشىنىڭ مۈلكى خەۋپكە ئۇچرىغاندا، ھەرقانداق ئادەم كۆكرەك كىرىپ

[1] superior force

[2] patriarchal theory

[3] patrimonial theory

[4] dominus negotiorum: ھاكىمىيەتنىڭ ھەققىي ئىگىسى

[5] gestor

[6] negotiorum gestio: ھاكىمىيەتنى ۋاكالىتەن باشقۇرۇش

ئالدىغا چىقىپ ئۇنى قۇتقۇزالايدۇ. بۇ كىشى گېستور بولۇپ، ئۆزىگە تەۋە بولمىغان ئىشلارنىڭ باشقۇرغۇچىسىدۇر. ئۇ ھېچقانداق بۇيرۇق ئالمىغان بولۇپ، تېخىمۇ يۇقىرى مەجبۇرىيەتلەر ئۇنى ھەرىكەت قىلىش ھوقۇقىغا ئىگە قىلىدۇ. يۇقىرى مەجبۇرىيەتلەر دۆلەت ئۈچۈن ھەرخىل ئۇسۇللار بىلەن فورمۇلالاشتۇرۇلۇشى مۇمكىن، شۇنداقلا ئومۇمىي ئۇقۇم تۈرتكىسىدە ھاسىل بولغان شەخسىي مەدەنىيەت قاتلاملىرىغا جاۋاب بېرەلەيدۇ. گېستىئو دومىنۇس - خەلق، يەنى گېستورنىڭ ئۆزى تەۋە بولغان خەلقنىڭ پايدىسى ئۈچۈن ئىشلەشنى نىيەت قىلىدۇ.

گېستور ئۆزى ئورتاق ئىگە بولغان مۈلۈكنى باشقۇرىدۇ. ئۇنىڭ ئورتاق ئىگىدارچىلىقى ئۇنىڭغا قانداق جىددىي ۋەزىيەتنىڭ ئۇنىڭ ئارىلىشىشىنى ھەقلىق قىلىدىغانلىقىنى ۋە تىنچلىق ياكى ئۇرۇشتا ئۇنىڭ يېتەكچىلىكىنى تەلەپ قىلىدىغانلىقىنى ئۆگىتىدۇ. لېكىن ھېچقانداق بىر ئەھۋالدا ئۇنىڭ ھوقۇقى ئورتاق ئىگىدارچىلىق سۈپىتىدە ئېتىراپ قىلىنمايدۇ. نۇرغۇنلىغان ئورتاق ئىگىلەرنىڭ ماقۇللۇقى ھەتتا مۇۋاپىق شارائىتلاردىمۇ پەرەزنى ئاساس قىلىدۇ. بىر دۆلەت مىللەتنىڭ مەۋجۇتلۇق كۈرىشى تۈرتكىسىدە قۇرۇلىدۇ. ھەرقانداق كۈرەشتە ئالدىن شەكىللەنگەن شارائىتلارغا ماس ھالدا مۇۋاپىق ھاكىمىيەتنى قولغا كەلتۈرۈش مۇمكىن ئەمەس. ئەمەلىيەتتە، كۆپچىلىكنىڭ ئېنىق قارار چىقىرىشى ئۈچۈن ئالدىنئالا ئېلىپ بېرىلغان تىرىشچانلىقلار، بەلكىم بۇ تىرىشچانلىقلارنى بىھۇدە نەرسىگە ئايلاندۇرۇپ قويىدۇ. چۈنكى ئېچكى بۆلۈنۈشلەر خەلقنى تاشقى خەۋپلەرگە قارشى مۇداپىئەسىز قىلىپ قويىدۇ. بىز ھەممىمىز ئوخشاش بىر پىكىردە بولالمايمىز، شۇڭا گېستور پەقەتلا يېتەكچىلىكنى ئۆز قولىغا ئېلىپ ئالدىدا ماڭىدۇ. دۆلەت گېستورىنىڭ ھەرىكىتى، ئومۇمىي ئىش خەتەرگە دۇچ كەلگەن ۋە دومىنۇس يا ئىرادە ئاجىزلىقى ياكى باشقا سەۋەبلەر بىلەن باشقىلارنىڭ ياردىمىگە ئېرىشەلمىگەن ئەھۋالدا، تامامەن ھەقلىق ۋە ھوقۇقلۇق ھالەتكە كېلىدۇ. لېكىن گېستور دۆلەت ئىشلىرىغا ئارىلىشىش جەھەتتە دومىنۇسقا ئوخشاش قالىدۇ ۋە بۇ جەرياندا مىزان كېلىشىمىگە[1] باغلىق ھالەتتە ھەرىكەت قىلىدۇ. بۇ دۆلەتتىن ئىلگىرى مەۋجۇت بولغان ياكى دۆلەت

---

[1] quasi ex contractu: بۇ رىم ھوقۇقىدىكى ئېرمىن بولۇپ، رەسمىي كېلىشىم بولمىسىمۇ، كېلىشىمگە ئوخشاش قانۇنىي مەجبۇرىيەتنى بىلدۈرىدۇ

بىلەن بىر ۋاقىتتا قۇرۇلغان قانۇنىي مۇناسىۋەتتۇر. گېستور نەتىجىدە ھەر خىل سەل قاراشلاردىن، ھەتتا ئىگىلىك تىكلەش تىرىشچانلىقلىرىنىڭ مەغلۇبىيىتىدىن ۋە ئۇنىڭغا زىچ مۇناسىۋەتلىك ئىشلارنىڭ نەزەردىن ساقىت قىلىنىشى قاتارلىقلاردىن جاۋابكار بولىدۇ. رىم ھوقۇقىدىكى مۇھىم قائىدە شۇكى: «تىجارەت باشقۇرۇشى، ئەگەر ئىگىسى تەرىپىدىن تەستىقلانسا، خۇددى ئەسلىدە ئۇنىڭ ھوقۇقى بىلەن ئېلىپ بېرىلغاندەك ئۈنۈملۈك بولىدۇ.»

يەھۇدىي خەلقى ھازىر چېچىلىش ۋە دۇنيانىڭ نۇرغۇن جايلىرىدا تارتقان قىيىنچىلىقلىرى سەۋەبىدىن ئۆزلىرىنىڭ سىياسىي ئىشلىرىنى ئۆزلىرى باشقۇرۇشتىن ئاجىز كەلدى. شۇڭا ئۇلارغا ھەممىدىن ئاۋۋال بىر گېستور كېرەك. بۇ گېستور ئەلۋەتتە يەككە شەخس بولالمايدۇ. بۇنداق بىرسى يا ئۆزىنى كۆلكىلىك ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويىدۇ ياكى ئۆزىنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن ئىشلەۋاتقاندەك كۆرۈنگەنلىكى ئۈچۈن باشقىلارنىڭ قارغىشىغا قالىدۇ. يەھۇدىيلارنىڭ ۋەكىلى چوقۇم بىر ئورگان خاراكتېرىگە ئىگە بولۇشى كېرەك بولۇپ، بۇ بولسىمۇ دەل يەھۇدىيلار جەمئىيىتىدۇر.

## يەھۇدىيلارنىڭ ۋەكىلى

ماھىيىتى ۋە رولى ھەققىدە باش قاتتۇرۇۋاتقان مىللىي ھەرىكەتنىڭ بۇ ئورگىنى ئەمەلىيەتتە، باشقا ھەرقانداق نەرسىدىن ئاۋۋال قۇرۇلىدۇ. ئۇنىڭ شەكىللىنىشى ئىنتايىن ئاددىي. ئۇ مەن لوندوندا ئۆز پىلانىمنى يەتكۈزگەن ئىرادىلىك يەھۇدىيلار ئارىسىدا شەكىللىنىدۇ.

جەمئىيەت ئىلمىي ۋە سىياسىي ۋەزىپىلەرگە ئىگە بولىدۇ، چۈنكى مەن تەسەۋۋۇر قىلغاندەك، يەھۇدىي دۆلىتىنىڭ قۇرۇلۇشى ئىلمىي ئۇسۇللارنىڭ قوللىنىلىشىنى ئالدىنئالا پەرەز قىلىدۇ. بىز ھازىرقى كۈندە مىسىردىن قەدىمكى زامانلارنىڭ ئىپتىدائىي ئۇسلۇبىدا چىقالمايمىز. بىز ئالدى بىلەن ئۆز سانىمىز ۋە كۈچىمىزنىڭ توغرا ھېساباتىنى قىلىمىز. قەدىمكى كۈنلەردىكى يەھۇدىيلارنىڭ ئۇلۇغ ۋە قەدىمىي ۋەكىلىنىڭ چوڭ ھەرىكىتى، بىزنىڭكى بىلەن، خۇددى ئاجايىپ مېلودىيەنىڭ زامانىۋىي ئوپېرا بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىگە

ئوخشاش مۇناسىۋەتكە ئىگە. بىز ئوخشاش مىلودىيەنى تېخىمۇ كۆپ ئىسكرىپكا، ئۇزۇن نەي، ئارفا، باس ئىسكرىپكا ۋە ۋىئولونچېل بىلەن؛ شۇنداقلا ئېلېكتىر يوروۇقلۇقى، بىزەكلەر، خورلار، چىرايلىق كىيىملەر ۋە دەۋرنىڭ ئەڭ كاتتا ناخشىچىلىرى بىلەن چېلىۋاتىمىز.

بۇ كىتابچە يەھۇدىي مەسىلىسىنى ئومۇمىي مۇزاكىرىگە قويۇشنى مەقسەت قىلىدۇ. دوستلار ۋە دۈشمەنلەر ئۇنىڭغا قاتنىشىدۇ؛ ئەمما ئۇ، ئۈمىد قىلىمەنكى، ئەمدى زوراۋانلىق بىلەن ھاقارەتلەش ياكى ھېسسىياتچان ئاقلاش شەكلىنى ئالماي، ئەمەلىي، كەڭ كۆلەملىك، جىددىي ۋە سىياسىي مۇنازىرە تۈسىنى ئالىدۇ. يەھۇدىيلار جەمئىيىتى دۆلەت ئەربابلىرى، پارلامېنتلار، يەھۇدىي جامائەتلىرى، جەمئىيەتلەرنىڭ بارلىق مەۋجۇت باياناتلىرىنى، مەيلى نۇتۇق ياكى يازمىلاردا، يىغىنلار، گېزىتلەر ياكى كىتابلاردا ئىپادىلەنگەن بولسۇن، توپلايدۇ. نەتىجىدە، جەمئىيەت تۇنجى قېتىم يەھۇدىيلارنىڭ راستتىنلا ۋەدە قىلىنغان زېمىنغا بېرىشنى خالاپ-خالىمايدىغانلىقىنى ۋە ئۇلارنىڭ ئۇ يەرگە بېرىشى كېرەك ياكى ئەمەسلىكىنى بىلىدۇ. دۇنيادىكى ھەر بىر يەھۇدىي جامائىتى يەھۇدىيلارغا ئالاقىدار سانلىق مەلۇماتلارنىڭ ھەر تەرەپلىمە ۋە تولۇق توپلىنىشى ئۈچۈن جەمئىيەتكە ئىئانە ئەۋەتىدۇ.

مۇتەخەسسىسلەر تەرىپىدىن يېڭى مەملىكەت ۋە ئۇنىڭ تەبىئىي بايلىقلىرىنىڭ تەكشۈرۈلۈشى، كۆچمەنلىك ۋە ماكانلىشىشنىڭ بىر پۈتۈن پىلانلىنىشى، قائىدە پرىنسىپلار ۋە باشقۇرۇش ئۈچۈن دەسلەپكى خىزمەتلەر ئەسلىدىكى پىلان ئاساس قىلىنغان ھالدا تېخىمۇ تەرەققىي قىلدۇرۇلۇشى كېرەك.

تاشقى جەھەتتىن، مەن ئومۇمىي قىسمدا ئىلگىرى چۈشەندۈرگەندەك، جەمئىيەتنىڭ دۆلەت قۇرغۇچى كۈچ سۈپىتىدە ئېتىراپ قىلىنىشى ئۈچۈن تىرىشچانلىق ئېلىپ بېرىلىدۇ. نۇرغۇن يەھۇدىيلارنىڭ ئەركىن ماقۇللۇقى ئۇنىڭغا ھۆكۈمەتلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋەتلىرىدە زۆرۈر ھوقۇقلارنى بېرىدۇ. ئىچكى جەھەتتىن، يەنى يەھۇدىي خەلقى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىدە، جەمئىيەت دەسلەپكى زۆرۈر ئورگانلارنى قۇرىدۇ؛ كېيىنچە ئۇ يەھۇدىي دۆلىتىدە قۇرۇلىدىغان دۆلەت ئورگانلىرىنىڭ يادروسىنى تەشكىل قىلىدۇ.

بىزنىڭ تۇنجى مەقسىتىمىز، مەن ئىلگىرى ئېيتقاندەك، دۇنيادا

خەلقئارا قانۇن بىلەن كاپالەتكە ئىگە ۋە ھەققانىي تەلەپلىرىمىزنى قانائەتلەندۈرۈشكە يېتەرلىك دەرىجىدە چوڭ بولغان ھۆكۈمرانلىق بەرپا قىلىشتۇر.

كېيىنكى قەدەم نېمە؟

## يەرنىڭ ئىگەللىنىشى

تارىخىي دەۋرلەردە مىللەتلەرنىڭ كۆچۈش جەريانىدا، تەلەي ۋە تاسادىپىيلىقلار ئۇلارنى ئۆزلىرىنىڭ ئالدىغا سۈرەپ مېڭىپ، ئۇياقتىن بۇياققا يۆتكەپ يۈرگەن، شۇنداقلا مىللەتلەرنى چېكەتكە توپلىرىغا ئوخشاش، ھەر يەرگە پەرۋاسىزلارچە ماكانلاشتۇرغان. چۈنكى تارىخىي زامانلاردا دۇنيا ئىنسانغا تونۇشلۇق ئەمەس، نامەلۇم ئىدى. ئەمما ھازىرقى زامانىۋى يەھۇدىيلارنىڭ كۆچۈشى ئىلمىي پرىنسىپلار بويىچە ئېلىگىرىلىشى، پىلانلىق ھالدا ئېلىپ بېرىلىشى لازىم.

قىرىق يىلدىن ئاۋۋال ئالتۇن قېزىش ئىشلىرى ناھايىتى قالاق ۋە ئىپتىدائىي ئۇسۇلدا ئېلىپ بېرىلاتتى. كالىفورنىيەدىكى ئۇ ئىشلار تولىمۇ قىيىن كۈنلەردىن باشتى كەچۈرگەن ئىدى. بىر خەۋەر يەر- زېمىننىڭ ھەرقايسى بۇلۇڭلىرىدىن جىنايەتچىلەرنى بىر يەرگە يىغقان؛ ئۇلار زېمىن پارچىلىرىنى ئوغرىلىغان، بىر-بىرىدىن ئالتۇن بۇلىغان ۋە ئاخىرىدا خۇددى قاراقچىلار قىلغاندەك، ئۇنى قىمارغا تىكىپ يوقىتىپ قويغان. لېكىن بۈگۈن ئەھۋال پۈتۈنلەي باشقىچە! ترانسۋالدا بۈگۈنكى ئالتۇن قېزىش قانداق ئېلىپ بېرىلىۋاتىدۇ؟ تەۋەككۈلچى سەرسانلار ئۇ يەردە يوق؛ پەقەت سالماق گېئولوگلار ۋە ئىنژېنېرلارلا ئالتۇن سانائىتىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ۋە رۇدىنى ئەتراپىدىكى تاشلاردىن ئايرىش مەقسىتىدە ئەقىللىق ماشىنىلارنى قوللىنىش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلىۋاتىدۇ. ھازىر تاسادىپىيلىقتا يۈز بېرىدىغان ئىشلار ناھايىتى ئاز. ھەممە ئىش ئىلمىي پرىنسىپلار ۋە پىلانلىق ھالدا ئېلىپ بېرىلىۋاتىدۇ. تارىخىي كۆچ ۋە ئالتۇن قېزىش مىسالى ئارقىلىق كۆرۈشكە بولىدۇكى، ئىنسانىيەت تاسادىپىي ۋە پەرۋاسىز ھەرىكەتلەردىن ئىلمىي ۋە پىلانلىق يۇرۇش تەرەپكە يۈزلىنىۋاتىدۇ. بۇ ئۆزگىرىش ھەر خىل ساھەلەردە كۆرۈنۈۋاتقان مۇھىم تەرەققىياتنىڭ ئىپادىسىدۇر.

شۇڭا بىز ھەرخىل زامانىۋى ۋاستىلاردىن پايدىلىنىپ يېڭى يەھۇدىي دۆلىتى ھەققىدە ئىزدىنىش ئېلىپ بېرىشىمىز ۋە چوقۇم ئۇنى قولغا كەلتۈرۈشىمىز كېرەك. زېمىننى قولغا كەلتۈرگەن ھامان، جەمئىيىتىمىز كېمە بىلەن جەمئىيەت، شىركەت ۋە يەرلىك گۇرۇپپىلار-نىڭ ۋەكىللىرىدىن تەشكىل تاپقان بىر توپ كىشىنى ئەۋەتىدۇ، ئۇلارمۇ دەھال ئىگىلەيدۇ. بۇ كىشىلەرنىڭ ئۈچ ۋەزىپىسى بار بولۇپ، بىرىنچىسى، دۆلەتنىڭ بارلىق تەبىئىي بايلىقلىرى ئۈستىدە ئىلمىي تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىش، ئىككىنچىسى، كۈچلۈك مەركىزى تەشكىلات تەشكىللەش، ئۈچىنچىسى، زېمىن تەقسىملەش. بۇ ۋەزىپىلەر بىر-بىرى بىلەن كېسىشىدۇ ۋە ھەممىسى ھازىر بىزگە تونۇش بولغان نىشاننى كۆزدە تۇتقان ھالدا ئېلىپ بېرىلىدۇ. يەرلىك گۇرۇپپىلارغا ئاساسەن زېمىننى ئىگىلەشنىڭ قانداق ئېلىپ بېرىلىدىغانلىقى ھەققىدە ئىزاھلاشقا تېگىشلىك يەنە بىر مۇھىم مەسىلە. ئامېرىكىدا يېڭى ئېچىلغان زېمىننى ئىگىلەش ئادەتتىكى ئۇسۇلدا ئېلىپ بېرىلىدۇ. ئولتۇراقلاشقۇچىلار چېگرادا يىغىلىدۇ ۋە بەلگىلەنگەن ۋاقىتتا بىرلا ۋاقىتتا ئۆز ئۇلۇشلىرىگە قاراپ ھۇجۇمغا ئۆتۈشىدۇ.

بىز يەھۇدىيلارنىڭ يېڭى زېمىنغا بېرىش ئۇسۇلى ئەنئەنىۋى ئۇسۇلدىن پۈتۈنلەي پەرقلىق بولىدۇ. ئۆلكە ۋە شەھەرلەردىكى زېمىنلار ئەڭ يۇقىرى باھا بەرگۈچىگە سېتىلىدۇ. بۇ پىلاندا پۇل بىلەن تۆلەش ئەمەس، بەلكى ئەمگەك بىلەن تۆلەش ئاساسىي پرىنسىپ بولىدۇ. ئومۇمىي پىلان ئارقىلىق يوللار، كوچىلار، كۆۋرۈكلەر، سۇ ئامبارلىرى قاتارلىق بارلىق ئۇل-ئەسلىھە قۇرۇلۇشلىرى ئالدىن بېكىتىلىدۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسى ئۆلكىلەرگە مۇنتىزىم تەقسىمات قىلىنىدۇ. ھەر بىر ئۆلكە ئىچىدە شەھەرلەر ئۈچۈن ئورۇنلار ئوخشاش ئۇسۇلدا، يەنى ئەڭ يۇقىرى باھا بەرگۈچىگە سېتىلىدۇ. يەرلىك گۇرۇپپىلار تىجارەت مۈلكىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ۋەدىسىنى بېرىدۇ. ئۇلار ئۆزلىرى بەلگىلىگەن مىقدار بويىچە خىراجەتنى ئۈستىگە ئالىدۇ. جەمئىيەت يەرلىك گۇرۇپپىلارنىڭ ئىمكانىيەتلىرى ئۈچۈن پىداكارلىق قىلىپ قىلمايدىغانلىقى ئۈستىدە باھالاش ئېلىپ بېرىدۇ. چوڭ جامائەتلەر ئۆزلىرىنىڭ پائالىيەتلىرى ئۈچۈن چوڭ ئورۇنلارغا ئېرىشىدۇ. چوڭ پىداكارلىقلار ئۇنىۋېرسىتېتلار قۇرۇش، تېخنىكا مەكتەپلىرى قۇرۇش، ئاكادېمىيەلەر قۇرۇش ۋە تەتقىقات ئورگانلىرى تەسىس قىلىش قاتارلىق

مۇئەسسەسەلەر قۇرۇش ئارقىلىق مۇكاپاتلىنىدۇ. بۇ مۇئەسسەسەلەر پايتەختتىلا ئەمەس، مەملىكەتنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا قۇرۇلىدۇ.

سېتىۋالغۇچىلارنىڭ شەخسىي مەنپەئەتى ۋە زۆرۈر بولغاندا ئېلىپ بېرىلىدىغان يەرلىك باھالاشلار، ئۆتكۈزۈپ ئېلىنغان نەرسىلەرنىڭ توغرا ئىشلىتىلىشىنى كاپالەتلىك قىلىدۇ. ئوخشاش ئۇسۇلدا، بىز ئايرىم كىشىلەر ئارىسىدىكى پەرقلەرنى يوقىتالمىغاندەك ۋە ھەقىقەتەنمۇ ئۇلارنى يوقىتىشنى خالىمىغاندەك، يەرلىك گۇرۇپپىلار ئارىسىدىكى پەرقلەرمۇ داۋاملىشىدۇ. ھەممە نەرسە ئۆزلۈكىدىن شەكىللىنىدۇ. بارلىق قولغا كەلتۈرۈلگەن ھوقۇقلار قوغدىلىدۇ ۋە ھەر بىر يېڭى تەرەققىيات ۋە ئۆزگىرىشلەرگە يېتەرلىك دەرىجىدە ئەھمىيەت بېرىلىدۇ. بىزنىڭ خەلقىمىز بۇ ئىشلار بىلەن تولۇق تونۇشۇپ چىقىدۇ. بىز ئۆزىمىزنى ئالدىمىغاندەك، باشقىلارنىمۇ ئالدىمايمىز ياكى ئازدۇرمايمىز. ھەممە ئىش ئالدىن سىستېمىلىق ھالدا ھەل قىلىنىشى كېرەك. مەن بۇ پىلاننى پەقەت كۆرسىتىپ ئۆتىمەن: بىزنىڭ ئەڭ زېرەك پىكىر ئىگىلىرىمىز ئۇنى تەپسىلاتلاشتۇرۇش مەسىلىسىدە بىرلىشىدۇ. پىلانىمىزنىڭ ئاستا ئىجرا قىلىنىشى تاماملىنىشتىن ئىلگىرى دەۋرىمىزنىڭ ۋە يېڭى دەۋرنىڭ ھەر قانداق ئىجتىمائىي ۋە تېخنىكىلىق نەتىجىلىرى بۇ مەقسەت ئۈچۈن ئىشلىتىلىشى كېرەك. ھازىر مەۋجۇت بولغان ياكى كەلگۈسىدە پەيدا بولىدىغان ھەرقانداق قىممەتلىك كەشپىياتلار قوللىنىلىشى كېرەك. بۇ ۋاسىتىلەر بىلەن بىر مەملىكەتنى ئىشغال قىلغىلى، شۇنداقلا بىر دۆلەتنى تارىختا كۆرۈلۈپ باقمىغان ئۇسۇللار ۋە ۋە بۇرۇن يۈز بېرىپ باقمىغان مۇۋەپپەقىيەت مۇمكىنچىلىكلىرى بىلەن قۇرغىلى بولىدۇ.

بۇ پىلان ئەنئەنىۋى دۆلەت قۇرۇش ئۇسۇلىدىن پۈتۈنلەي پەرقلىق بولۇپ، ئىلىم-تېخنىكا ۋە ھەر تۈرلۈك ئىجادلاردىن پايدىلىنىش ئارقىلىق تارىختا مىسلى كۆرۈلمىگەن مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشىشنى نىشان قىلىدۇ.

## ئاساسىي قانۇن

يەھۇدىي جەمئىيىتى تەيىنلەيدىغان چوڭ كومىتېتلارنىڭ بىرى دۆلەت ھوقۇقشۇناسلىرى كېڭىشى بولىدۇ. بۇلار ئەڭ ياخشى، يەنى

مۇمكىن بولغان ئەڭ ياخشى زامانىۋى ئاساسىي قانۇننى فورمۇلا قىلىپ چىقىشى كېرەك. مەن ياخشى ئاساسىي قانۇن مۆتىدىل دەرىجىدە ئېلاستىكلىق تەبىئىتىگە ئىگە بولۇشى كېرەك، دەپ ئىشىنىمەن. باشقا بىر ئەسەردە مەن قايسى ھۆكۈمەت شەكىللىرىنى ئەڭ ياخشى دەپ قارايدىغانلىقىمنى تەپسىلىي چۈشەندۈردۈم. مەن دېموكراتىك پادىشاھلىق[1] ۋە ئېسىلزادە جۇمھۇرىيەت[2] تۈزۈملىرىنى دۆلەتنىڭ ئەڭ ياخشى شەكلى دەپ قارايمەن، چۈنكى ئۇلاردا دۆلەت شەكلى ۋە ھۆكۈمەت پرىنسىپى بىر-بىرىگە قارشى تۇرۇپ، ھەقىقىي كۈچ تەڭپۇڭلۇقىنى ساقلاپ قالىدۇ. مەن پادىشاھلىق ئىدارە سىستېمىسىنى قەتئىي قوللايمەن، چۈنكى بۇ ئۇزۇن مۇددەتلىك سىياسەتكە يول قويىدۇ، ئۇ ھەمدە دۆلەت ھۆكۈمرانلىقى ئۇچۇن تۇغۇلۇپ تەربىيەلەنگەن، ئۇلارنىڭ ئارزۇ-ھەۋەسلىرى دۆلەتنىڭ ساقلىنىپ قېلىشى بىلەن باغلانغان تارىخىي داڭلىق جەمەتنىڭ مەنپەئەتلىرىگە ۋەكىللىك قىلىدۇ. لېكىن بىزنىڭ تارىخىمىز ئۆزىمىزنى بىمەنە ئەيىبلەشلەرگە دۇچار قىلماستىن، كونا ئاساسىي قانۇن شەكىللىرىنىڭ ئىزچىللىقىنى سىناپ كۆرۈشىمىز ئۇچۇن ئۇزۇن مۇددەت ئۇزۇلۇپ قالدى.

پادىشاھسىز دېموكراتىيە بەك ھەددىدىن ئاشىدۇ. ئۇ كىشىلەرنى بەك ماختايدۇ ياكى بەك ئەيىبلەيدۇ. پارلامېنتلاردا قۇرۇق مۇنازىرىلەر كۆپ بولىدۇ. كەسپىي سىياسەتچىلەر پەيدا بولىدۇ. بۇ ياخشى ئەمەس. مىللەتلەر ھازىر چەكسىز دېموكراتىيەگە تەييار ئەمەس. كېيىنكى كۈنلەردە تېخىمۇ تەييار بولمايدۇ. ئاددىي دېموكراتىيە ئاددىي ئادەت-ئەنئەننى تەلەپ قىلىدۇ. لېكىن بىزنىڭ ئادەتلىرىمىز ھەر كۈنى مۇرەككەپلىشىپ كېتىۋاتىدۇ. چۈنكى بۇ ئەھۋال سودا ۋە مەدەنىيەتنىڭ تەرەققىياتى نەتىجىسىدە شەكىللىنىدۇ. مونتېسكيۇ ئاقىل ئادەم ئىدى. ئۇ دەيدۇ: «دېموكراتىيەنىڭ كۈچى ئەخلاقتۇر.» بۇ ئەخلاق قەيەردە؟ بۇ سىياسىي ئەخلاق قەيەردە تېپىلىدۇ؟ بىرىنچىسى، مەن بىزنىڭ سىياسىي ئەخلاقىمىزغا ئىشەنمەيمەن. چۈنكى بىز باشقا زامانىۋى ئادەملەردىن ياخشى ئەمەسمىز. ئىككىنچىسى، ئەركىنلىك ئالدى بىلەن كۆرەشچى خاسلىقىمىزنى نامايەن قىلىشىمىزغا تۈرتكە بولىدۇ

[1] democratic monarchy

[2] aristocratic republic

رېفېرېندۇم ياخشى ئۇسۇل ئەمەس، چۈنكى مەسىلىلەرنى قايىل بولغۇدەك ھەل قىلالمايدۇ. چۈنكى ياق ياكى ماقۇل جاۋابلىرى بىلەن ھەل بولىدىغان ئاددىي سىياسىي مەسىلىلەر ھېچ قانداق يەردە يوق. سىياسىي مەسىلىلەر ئاددىي ئەمەس. ھەر خىل ئىدىيە ۋە ئېتىقادلار ئالدىدا ئاۋام خەلق پارلامېنتتىنمۇ ئاسان ئالدىنىپ كېتىدۇ. ئۇلار ناتوغرا پىكىرلەرگە ئاسان ئەگىشىپ كېتىدۇ. خەلق مەجلىسىدە ئاقىلانە ئېچكى ۋە تاشقى سىياسەت فورمىلاسى تۈزۈپ چىقىش مۇمكىن ئەمەس. سىياسەت يۇقىرى قاتلامدا شەكىللىنىپ، ئاۋام خەلققە تارقىلىشى كېرەك. يەھۇدى دۆلىتىدە ھېچكىم زۇلۇم كۆرمەيدۇ. ھەر كىشى بۇ دۆلەتتە يۇقىرىغا چىقىشنى ئارزۇ قىلىدۇ ۋە ئارزۇسى ئەمەلگە ئاشىدۇ. بۇنداق بولغاندا خەلقىمىز ئارىسىدا زور ئىلگىرىلەش كۆرۈلىدۇ. ھەر بىر شەخس ئورنىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشكە تىرىشىدۇ ۋە بۇ جەرياندا باشقا كىشىلەرنىڭمۇ يۇقىرىغا كۆتۈرۈلۈشىگە شارائىت تەييارلايدۇ. بۇ ئەھۋال نورمال ھالەتتە بولىدۇ. دۆلەتكە پايدىلىق ۋە مىللى غايەگە خىزمەت قىلىدۇ. شۇڭا مەن ئېسىلزادە جۇمھۇرىيەت تۈزۈمىنى تاللايمەن. بۇ خەلقىمىزنىڭ ئۈمىد روھىنى قاندۇرىدۇ. بۇ روھ ھازىر كىچىكلا بىر كىبىرلىككە ئايلىنىپ كەتكەن.

ۋېنتسىيەنىڭ نۇرغۇن تەشكىلاتلىرىنى پات-پات ئويلاپ قالىمەن. لېكىن ۋېنتسىيەنى ھالاك قىلغان نەرسىلەردىن ساقلىنىشىمىز كېرەك. ئۆزىمىزنىڭ خاتالىقلىرىدىن ئۆگەنگىنىمىزدەك، باشقىلارنىڭ تارىخىي خاتالىقلىرىدىن ئۆگىنىمىز. چۈنكى بىز زامانىۋى مىللەتمىز، شۇنداقلا دۇنيانىڭ ئەڭ زامانىۋى مىللىتى بولماقچىمىز. يەھۇدىي جەمئىيىتىدىن يېڭى يۇرت ۋە زېمىن ئالغان خەلقىمىز يېڭى ئاساسىي قانۇنىمۇ مىننەتدارلىق بىلەن قوبۇل قىلىدۇ. ئەگەر قارشى چىقىلسا، جەمئىيەت دەرھال ھەرىكەتكە ئۆتىدۇ . جەمئىيەت ئۆز ۋەزىپىسىنى ئىجرا قىلغاندا نەزەر دائىرىسى تار ۋە يامان نىيەتلىك كىشىلەرنىڭ ھەر قانداق شەكىلدە ئارىلىشىشىغا يول قويمايدۇ.

## تىل

بەزىلەر دېيىشى مۇمكىن: ئورتاق تىلىمىز يوق، بۇ قىيىنچىلىق چىقىرىدۇ. بىز ئىبرانىي تىلىدا سۆزلىشەلمەيمىز. ئارىمىزدا كىم

ئىبرانىي تىلىدا پويىز بىلەتى سوراپ ئالالايدۇ؟ ھېچكىم ئالالمايدۇ. بۇ ئىشنى قىلىش مۇمكىن ئەمەس. لېكىن بۇ قىيىنچىلىقنى ھەل قىلىش ئاسان. ھەر كىشى ئۆي پىكىرلىرىنى قايسى تىلدا بىمالال ئىپادىلىيەلىسە شۇ تىلنى ساقلاپ قالسا بولىدۇ. شۋېتسارىيە بۇنىڭ ئىسپاتى، چۈنكى ئۇ يەردە تىللارنىڭ بىرلىكى مەۋجۇت. بىز يېڭى يۇرتتا ھازىرقى ھالىمىزنى ساقلايمىز. قوغلاپ چىقىرىلغان مەملىكەت ۋە يۇرتلارنىڭ خاتىرىلىرىنى ۋە ئەسلىمىلىرىنى قايغۇ ئەلەملەر بىلەن ئۇزۇقلاندۇرۇپ تۇرۇشتىنمۇ قەتئىي ۋاز كەچمەيمىز. ھېلىھەم ئىشلىتىۋاتقان ئاددىي، ناچار كوچا تىللىرىنى ئىشلىتىشتىن ۋاز كېچىمىز. چۈنكى بۇلار مەھبۇسلارنىڭ يوشۇرۇن تىللىرى ئىدى. بىزنىڭ مىللىي ئوقۇتقۇچىلار بۇ مەسىلىگە ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلىدۇ. ھەممە ئىشتا ئەڭ پايدىلىق بولغان تىل بىزنىڭ مىللىي تىلىمىز بولىدۇ. بۇ مەجبۇرىي ئەمەس، تەبىئىي تاللىنىدۇ. ئىرقىمىز ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىككە ئىگە بولۇپ، دۇنيادا يىگانە ۋە تەڭداشسىزدۇر، چۈنكى بىز پەقەت ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئېتىقادى بىلەن بىر-بىرىگە مەھكەم باغلانغانمىز.

## تېئوكراتىيە

بىز ئاخىرىدا تېئوكراتىيە[1] بىلەن يوقىلامدۇق؟ ياق، ئەلۋەتتە. ئېتىقاد بىزنى بىرلەشتۈرىدۇ، بىلىم بىزگە ئەركىنلىك بېرىدۇ. شۇڭا بىز روھانىيلىرىمىزنىڭ دىنىي ھاكىمىيەت قۇرۇش مايىللىقلىرىنىڭ گەۋدىلىنىپ قېلىشىنىڭ چوقۇم ئالدىنى ئالىمىز. بىز روھانىيلىرىمىزنى خۇددى مۇنتىزىم ئارمىيەمىزنى ئۇلارنىڭ ئىشتابلىرىدا دائىرىسىدە تۇتقىنىمىزدەك، ئۇلارنىڭ ئىبادەتخانىلىرى دائىرىسىدە تۇتىمىز. ئارمىيە ۋە روھانىيلىق ئۇلارنىڭ قىممەتلىك ۋەزىپىلىرىگە لايىق بولغان يۇقىرى ھۆرمەتكە ئېرىشىدۇ. ئەمما ئۇلار دۆلەتنىڭ باشقۇرۇشىغا ئارىلاشماسلىقى كېرەك، ئارىلاشسا ئىچكى ۋە تاشقى قىيىنچىلىقلار پەيدا قىلىدۇ. ھەر بىر ئادەم ئۆزىنىڭ ئېتىقادىدا ياكى ئېتىقادسىزلىقىدا ئەركىن ۋە داخىلسىز بولىدۇ. ئەگەر باشقا ئېتىقادلار

[1] Theocracy: دىنىي ھاكىمىيەت

ۋە ئوخشىمىغان مىللەتلەرگە مەنسۇپ كىشىلەر ئارمىزدا ياشاشقا كەلسە، بىز ئۇلارغا ھىمايە ۋە قانۇن ئالدىدا باراۋەرلىك بېرىمىز. بىز ياۋروپادا كەڭ قورساقلىقنى ئۆگەندۇق. بۇ كىنايە قىلىپ ئېيتىلغان ئەمەس. بۈگۈنكى يەھۇدىي دۈشمەنلىكى پەقەت ئاز ساندىكى جايلاردىلا كونا دىنىي قالاقلىق دەپ قارالسا بولىدۇ. بۇ ئەھۋال كۆپىنچە ئۆتمۈشنىڭ جىن ئەرۋاھلىرىنى قوغلاپ چىقىرىشق تىرىشىپ كېلىۋاتقان مەدەنىي مىللەتلەر ئارىسىدا ھەرىكەتتۇر.

## قانۇنلار

دۆلەت ئىدىيەسى ئەمەلگە ئاشۇرۇلۇشقا يېقىنلاشقاندا، يەھۇدىيلار جەمئىيىتى قانۇنچىلىقنىڭ تەييارلىق خىزمىتىنى قىلىشقا ھوقۇقشۇناسلار كېڭىشى تەيىنلەيدۇ. ئۆتكۈنچى مەزگىلدە، بۇلار ھەر بىر كۆچمەن يەھۇدىينىڭ ئۇ تاشلاپ كەتكەن دۆلەتنىڭ قانۇنلىرىغا ئاساسەن باھالىنىشى پرىنسىپى بويىچە ئىش كۆرۈشى كېرەك. ئەمما ئۇلار بۇ ھەر خىل قانۇنلارنى ئىلگىرىكى سىستېمىلارنىڭ ئەڭ ياخشى قىسىملىرىغا ئاساسلانغان زامانىۋىي قانۇنچىلىق سىستېمىسىنى شەكىللەندۈرۈش ئۈچۈن بىرلىككە كەلتۈرۈشكە تىرىشىشى كېرەك. بۇ بۈگۈنكى كۈننىڭ بارلىق ھەققانىي ئىجتىمائىي تەلەپلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئۈلگىلىك فورمىلالاشتۇرۇش بولۇپ قېلىشى مۇمكىن.

## ئارمىيە

يەھۇدىي دۆلىتى بىتەرەپ بىر دۆلەت سۈپىتىدە تەسەۋۋۇر قىلىنىدۇ. شۇڭا، بۇ دۆلەت پەقەت ئىچكى ۋە تاشقى تەرتىپنى ساقلاش ئۈچۈن زامانىۋى ئۇرۇش قوراللىرى بىلەن تەمىنلەنگەن مۇنتىزىم ئارمىيەگىلا موھتاج بولىدۇ.

## بايراق

بىزنىڭ بايرىقىمىز يوق، بىزگە بىر بايراق كېرەك. ئەگەر نۇرغۇن ئادەملەرگە يېتەكچىلىك قىلماقچى بولساق، ئۇلارنىڭ بېشىدا بىر

سىمۋولنى كۆتۈرۈشىمىز لازىم. مەن ئاق رەڭلىك، يەتتە ئالتۇن يۇلتۇزلۇق بايراقنى تەۋسىيە قىلىمەن. ئاق رەڭ بىزنىڭ پاك يېڭى ھاياتىمىزنى سىمۋول قىلىدۇ؛ يۇلتۇزلار بولسا خىزمەت كۈنىمىزدىكى يەتتە ئالتۇن سائەتنى بىلدۈرىدۇ. چۈنكى بىز شەرەپ بەلگىسىنى ئېلىپ ۋەدە قىلىنغان زېمىنغا قاراپ يۈرۈش قىلىمىز.

## ئۆزئارا كېلىشىم ۋە جىنايەتچىلەرنى قايتۇرۇش شەرتنامىلىرى

يېڭى يەھۇدىي دۆلىتى كەلگۈسىدىكى دۇنيادىكى كۈچلۈك ئورنىمىزنى نەزەردە تۇتقان ھالدا توغرا قۇرۇلۇشى كېرەك. شۇڭلاشقا، كۆچۈپ كېتىشتىن بۇرۇن كونا دۆلەتتىكى ھەر بىر مەجبۇرىيەت ئەستايىدىللىق بىلەن ئورۇندىلىشى لازىم. يەھۇدىيلار جەمئىيىتى ۋە يەھۇدىي شىركىتى پەقەت يەرلىك ھاكىمىيەتتىن ئۆز ئىشلىرىنى رەتلىك ۋە توغرا قالدۇرغانلىقىنى تەستىقلايدىغان رەسمىي گۇۋاھنامىنى كۆرسىتە-لەيدىغانلارغىلا ئەرزان قاتناش ئىمكانىيىتى ۋە يېڭى ماكاندا مەلۇم ئىمتىيازلارنى بېرىدۇ.

تاشلاپ كېتىلگەن دۆلەتلەردىن كەلگەن ھەرقانداق ئادىل شەخسىي دەۋاغا يەھۇدىي دۆلىتىدە باشقا ھەرقانداق يەردىكىدىن بەكرەك قولاق سېلىنىدۇ. بىز ئۆزئارا مۇئامىلىنى كۈتمەيمىز؛ بىز پەقەت ئۆز شەرىپىمىز ئۈچۈن ھەرىكەت قىلىمىز. قىسقىسى، كېيىنچە سوت مەھكىمىلىرى بىزنىڭ دەۋالىرىمىزنى ھازىر بەزى جايلاردا كۆرۈنگەندىن بەكرەك بىر تەرەپ قىلىشقا تەييار بولۇشى مۇمكىن.

ئالدىنقى بايانلاردىن، بىز يەھۇدىي جىنايەتچىلەرنى تاكى بىز جىنايىي قانۇننى ھەر بىر مەدەنىيەتلىك دۆلەت قوللىنىدىغان پرىنسىپلار بويىچە قوللانمايدىغان ۋاقىتقا كەلگۈچە، باشقا ھەرقانداق دۆلەتتىن بەكرەك تاپشۇرۇپ بېرىدىغانلىقىمىز چۈشەندۈرۈلىدۇ. شۇڭلاشقا بىر ئۆتكۈنچى مەزگىل بولىدۇ، بۇ جەرياندا بىز جىنايەتچىلىرىمىزنى پەقەت ئۇلار تېگىشلىك جازالارنى تارتقاندىن كېيىن قوبۇل قىلىمىز. ئەمما، گۇناھىنى يۇيۇپ بولغاندىن كېيىن، ئۇلار ھېچقانداق چەكلىمىسىز قوبۇل قىلىنىدۇ، چۈنكى بىزنىڭ جىنايەتچىلىرىمىزمۇ يېڭى ھاياتقا قەدەم قويۇشى كېرەك. قىسقىسى،

كۆچمەنلىك نۇرغۇن يەھۇدىيلار ئۈچۈن بەختلىك نەتىجە بىلەن تۈگەيدىغان كرىزىس بولۇپ قېلىشى مۇمكىن. نۇرغۇن كىشىلەرنى ۋەيران قىلىدىغان ناچار تاشقى شارائىتلار يوقىلىدۇ، بۇ ئۆزگىرىش يوقالغان نۇرغۇن كىشىلەرگە نىجادلىق بولۇشى مۇمكىن. بۇ يەردە مەن ۋىنتۋاتېرسراند ئالتۇن كانلىرى ھەققىدىكى بىر ھېكايىنى قىسقىچە سۆزلەپ بەرمەكچى. بىر كۈنى بىر ئادەم راندقا كەلدى، ئۇ يەرگە ئورۇنلاشتى، ئالتۇن قېزىشتىن باشقا ھەر خىل ئىشلارنى سىناپ كۆردى، ئاخىرى بىر مۇز زاۋۇتى قۇردى، بۇ زاۋۇت ياخشى ئىشلىدى. ئۇ تېزلا ئۆزىنىڭ ئىشى بىلەن ئومۇمىي ھۆرمەتكە سازاۋەر بولدى، ئەمما بىر نەچچە يىلدىن كېيىن تۇيۇقسىز قولغا ئېلىندى. ئۇ فرانكفۇرتتا بانكىر بولۇپ ئىشلىگەندە بەزى خاتالىقلارنى سادىر قىلغان، ئۇ يەردىن قاچقان ۋە باشقا بىر ئىسىم بىلەن يېڭى ھاياتنى باشلىغان ئىكەن. بىراق ئۇ مەھبۇس سۈپىتىدە ئېلىپ كېتىلگەندە، ئۇ جايدىكى ئەڭ ھۆرمەتلىك كىشىلەر ئىستانسىغا كېلىپ، ئۇنىڭ بىلەن سەمىمىي خوشلاشقان- چۈنكى ئۇنىڭ چوقۇم قايتىپ كېلىدىغانلىقىغا ئىشەنچ قىلغان.

بۇ ھېكايە نېمىدېگەن كۆپ نەرسىنى ئاشكارىلايدۇ! يېڭى ھايات ھەتتا جىنايەتچىلەرنىمۇ قايتا تەربىيەلىيەلەيدۇ، بىزدە بۇلارنىڭ سانى نىسبەتەن ئاز. بۇ ھەقتە بەزى قىزىقارلىق ستاتىستىكىلارنى ئوقۇشقا ئەرزىيدۇ، بېرلىندىكى دوكتور پ. ناتان تەرىپىدىن يېزىلغان «گېرمانىيەدىكى يەھۇدىيلارنىڭ جىنايەتلىرى» ناملىق ئەسەر، ئۇ «يەھۇدىي دۈشمەنلىكىگە قارشى مۇداپىئە جەمئىيىتى» تەرىپىدىن رەسمىي مەلۇماتلارغا ئاساسلانغان ستاتىستىكا توپلاشقا تەكلىپ قىلىنغان. بۇ، رەقەملەر بىلەن تولغان كىچىك كىتاب، يەھۇدىي دۈشمەنلىكىنى كۈچلۈك پاكىتلار بىلەن ئاغدۇرۇپ تاشلىغىلى بولىدۇ دېگەن خاتا چۈشەنچە تۈرتكىسىدە يېزىلغانلىقى راست. بىز ئېھتىمال خاتالىقلىرىمىز ئۈچۈن بولغاندەك تالانتلىرىمىز ئۈچۈنمۇ ياقتۇرۇلمايمىز.

## يەھۇدىيلارنىڭ كۆچۈپ كېتىشىنىڭ پايدىلىرى

مەن ھۆكۈمەتلەرنىڭ ئىختىيارى ياكى يەھۇدىي دۈشمەنلىرىنىڭ بېسىمى ئاستىدا، بۇ پىلانغا مەلۇم دەرىجىدە دىققەت قىلىدۇ، ھەتتا بۇنى بەزى جايلاردا يەھۇدىيلار جەمئىيىتىگىمۇ ھېسداشلىق بىلەن

قوبۇل قىلىدۇ، دەپ ئويلايمەن. مەن تەۋسىيە قىلغان كۆچۈش ھەرىكىتى ھېچقانداق ئىقتىسادىي كرىزىس كەلتۈرۈپ چىقارمايدۇ. ئەكسىچە، يەھۇدىيلارغا قارشى زىيانكەشلىك قىلىش سەۋەبىدىن ھەر جايدا كېلىپ چىققان كرىزىسلارنىڭ ئالدىنى مېنىڭ پىلانىمنى ئىجرا قىلىش ئارقىلىق ئېلىشقا بولىدۇ. ھازىر يەھۇدىي دۈشمەنلىكى كۈچلۈك بولغان دۆلەتلەردە گۈللىنىش دەۋرى باشلىنىدۇ. چۈنكى مەن قايتا-قايتا ئېيتقىنىمدەك، خرىستىئان پۇقرالار يەھۇدىيلار ئاستا-ئاستا ۋە سىستېمىلىق ھالدا بوشاتقان ئورۇنلارغا كۆچۈپ كېلىدۇ. ئەگەر بىز پەقەت تاقەت قىلىنىپلا قالماي، ئەمەلىيەتتە بۇنى قىلىشقا ياردەم بېرىلسە، بۇ ھەرىكەت ئومۇمەن پايدىلىق تەسىر كۆرسىتىدۇ.

نۇرغۇن يەھۇدىيلارنىڭ كېتىشىنى دۆلەتلەرنىڭ نامراتلىشىشى دەپ قاراش تار دائىرىلىك كۆز قاراش بولۇپ، بۇنىڭدىن قۇتۇلۇش كېرەك. بۇ زىيانكەشلىك قىلىنىش نەتىجىسىدىكى كېتىشتىن پۈتۈنلەي پەرقلىنىدۇ، چۈنكى ئۇ چاغدا مال-مۈلۈك خۇددى ئۇرۇش قالايمىقانچىلىقىدا ۋەيران بولغاندەك ۋەيران بولىدۇ. مۇستەملىكىچىلەرنىڭ تىنچ، ئىختىيارى ھالدا ئايرىلىشى بۇنىڭدىن پەرقلىنىدۇ، چۈنكى ئۇ يەردە ھەممە نەرسە قولغا كەلتۈرۈلگەن ھوقۇقلارغا ئەھمىيەت بېرىش بىلەن، قانۇنغا تولۇق ئۇيغۇن ھالدا، ئوچۇق-ئاشكارا، ھاكىمىيەتنىڭ كۆزى ئالدىدا ۋە ئاممىۋى پىكىرنىڭ نازارىتى ئاستىدا ئېلىپ بېرىلىدۇ. خرىستىئان پرولېتارىياتلارنىڭ دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا كۆچۈشى يەھۇدىي ھەرىكىتى سەۋەبىدىن توختىتىلىدۇ.

بۇ دۆلەتلەر ئېكسپورت سودىسىنىڭ زور دەرىجىدە ئېشىشى بىلەن تېخىمۇ كۆپ پايدىغا ئېرىشىدۇ. چۈنكى «ئۇ ياقتىكى» كۆچمەن يەھۇدىيلار ئۇزۇن ۋاقىتقىچە ياۋروپا مەھسۇلاتلىرىغا تايىنىدىغان بولغاچقا، ئۇلار بۇلارنى چوقۇم ئىمپورت قىلىشى كېرەك. يەرلىك گۇرۇپپىلار ئادىل تەڭپۇڭلۇقنى ساقلاپ قالىدۇ ۋە ئادەتتىكى ئېھتىياجلارنى ئۇزۇن ۋاقىتقىچە ئادەتلەنگەن جايلاردىن تەمىنلەشكە توغرا كېلىدۇ. يەنە بىر، بەلكىم ئەڭ چوڭ پايدىلارنىڭ بىرى، ئىجتىمائىي ياردەمنىڭ ئەگىشىپ كېلىشى بولىدۇ. يەھۇدىيلارنىڭ كۆچۈشى ئۈچۈن كېتىدىغان يىگىرمە ياكى ئۇنىڭدىن كۆپرەك يىللار جەريانىدا ئىجتىمائىي نارازىلىق پەسىيىدۇ ۋە بۇ پۈتۈن ئۆتكۈنچى مەزگىل داۋامىدا تىنچلاندۇرۇلىدۇ.

ئىجتىمائىي مەسىلىنىڭ قايسى خىل شەكىلگە ئىگە بولۇشى پۈتۈنلەي تېخنىكىلىق مەنبەلىرىمىزنىڭ تەرەققىياتىغا باغلىق. پار كۈچى كىشىلەرنى ماشىنىلارنىڭ ئەتراپىدىكى زاۋۇتلارغا مەركەزلەشتۈردى. ئۇ يەردە ئۇلار ھەددىدىن زىيادە توپلىشىپ، بىر-بىرىنى بەختسىز قىلدى. ھازىرقى زور، ئورۇنسىز ۋە سىستېمىسىز ئىشلەپچىقىرىش سۈرئىتى ھەم ئىش بەرگۈچىلەرنى ھەم خىزمەتچىلەرنى ۋەيران قىلىدىغان داۋاملىق ئېغىر كرىزىسلارنىڭ سەۋەبى بولدى. پار كۈچى كىشىلەرنى بىر يەرگە توپلىدى؛ ئېلېكتر كۈچى ئۇلارنى قايتىدىن تارقىتىشى ۋە ئەمگەك بازىرىنى قايتىدىن راۋاجلاندۇرۇشى مۇمكىن. ھەر قانداق ئەھۋالدا، ئىنسانىيەتنىڭ ھەقىقىي ياخشىلىق قىلغۇچىلىرى بولغان تېخنىكا ئىجادكارلىرىمىز يەھۇدىيلارنىڭ كۆچۈشى باشلانغاندىن كېيىنمۇ ئۆز خىزمەتلىرىنى داۋاملاشتۇرىدۇ. ئۇلار بىز ئاللىقاچان كۆرگەن ھەيران قالارلىق نەرسىلەردەك ياكى ھەتتا بۇلاردىنمۇ ھەيران قالارلىق نەرسىلەرنى كەشىپ قىلىدۇ.

«مۇمكىن ئەمەس» دېگەن سۆز تېخنىكىلىق پەن-تېخنىكا لۇغىتىدىن يوقالدى. ئەگەر ئۆتكەن ئەسىردە ياشىغان بىر ئادەم يەر يۈزىگە قايتىپ كەلسە، بۈگۈنكى تۇرمۇشنى چۈشىنىكسىز سېھىرگە تولغان ھالەتتە كۆرەتتى. زامانىۋى ئىجادىيەتلىرىمىز بىلەن بىز ھەر يەردە پەيدا بولۇپ، چۆل-باياۋاننى گۈلزارلىققا ۋە بوستانلىققا ئايلاندۇرىمىز. بىر شەھەر قۇرۇش ئۈچۈن بىزنىڭ دەۋرىمىزدە ئىلگىرى ئەسىرلەر كېتىدىغان ۋاقىت ھازىر پەقەت بىر قانچە يىللا كېتىدۇ. ئامېرىكا بۇنىڭغا سانسىزلىغان مىساللارنى بېرەلەيدۇ. ئارىلىق يەنى مۇساپە ئەمدى توسالغۇ بولمايدۇ. بىزنىڭ دەۋرىمىزنىڭ روھى ئۆز ئامبىرىغا چەكسىز گۆھەرلەرنى توپلىدى. بۇ بايلىق ھەر كۈنى ئاشماقتا. يەر شارىنىڭ ھەر بىر يېرىدە يۈز مىڭلىغان ئادەملەر نەزەرىيە ۋە تەتقىقات بىلەن مەشغۇل بولۇۋاتىدۇ. ھەر كىمنىڭ ئىجادىيىتى كېيىنكى ۋاقىتتا پۈتۈن دۇنياغا تەۋە بولىدۇ. بىز ئۆزىمىزمۇ يەھۇدىي زېمىنىمىزدا يېڭى ئىجادلارنى ۋۇجۇدقا چىقىرىشنى داۋاملاشتۇرىمىز. بىز ئىنسانىيەتنىڭ پايدىسى ئۈچۈن يەتتە سائەتلىك خىزمەت كۈنىنى سىناق سۈپىتىدە يولغا قويغىنىمىزدەك، باشقا ھەر بىر ئىشتىمۇ شۇنداق ئىنسانىي روھ بىلەن ئالغا بېسىپ، يېڭى زېمىننى سىناق زېمىنى ۋە ئۈلگىلىك دۆلەت قىلىپ قۇرىمىز.

يەھۇدىيلار كەتكەندىن كېيىن، ئۇلار قۇرغان كارخانىلار ئەسلىدىكى جايلىرىدا قالىدۇ. يەھۇدىي ئىگىلىك تىكلەش روھى خەلقلەر ئۇنى قارشى ئالىدىغان يەرلەردىمۇ مەۋجۇت بولىدۇ. چۈنكى يەھۇدىي كاپىتالىستلار ئۆزلىرى ئەتراپىدىكى شارائىتلارنى چۈشىنىدىغان يەرلەرگە مەبلەغ سېلىشتىن خۇشال بولىدۇ. نۆۋەتتە يەھۇدىي پۇللىرى زىيانكەشلىكلەر سەۋەبىدىن دۆلەتلەردىن چىقىرىلىپ، ئەڭ يىراق چەت ئەل كارخانىلىرىغا سېلىنغان. لېكىن بۇ تىنىچ ھەل قىلىش يولى نەتىجىسىدە ئۇلار قايتىپ كېلىدۇ ۋە يەھۇدىيلار كەتكەن دۆلەتلەرنىڭ تېخىمۇ تەرەققىي قىلىشىغا تۆھپە قوشىدۇ.

# 6-باپ: خۇلاسە

بۇ كىچىك كىتابتا مۇھىم مەزمۇن ۋە تېمىلار چۈشەندۈرۈلمەي قالمىسۇن، يېتەرسىزلىكلەر، يۈزەكى قاراشلار ۋە پايدىسىز تەكرارلاشلار بولۇپ قالمىسۇن، دېگەنلەر ئۈستىدە شۇنچە ئۇزۇن ئويلىدىم. لېكىن خاتالىقلاردىن ساقلىنىش تولىمۇ قىيىن. شۇڭا بۇ كىتابچىنى كۆپ قېتىم تەھرىرلىدىم.

لېكىن ئادىل پىكىرلىك ئوقۇرمەن، مېنىڭ سۆزلىرىمنىڭ روھىنى چۈشىنىشكە يېتەرلىك ئەقلى بار كىشى بۇ كەمچىلىكلەردىن نەپرەتلەنمەيدۇ. ئەكسىچە، ئۇ بىر ئادەمنىڭلا ۋەزىپىسى بولمىغان بىر ئىشتا ئۆزىنىڭ ئەقلى ۋە كۈچى بىلەن ھەمكارلىشىشقا ۋە ئۇنى ياخشىلاشقا ئىلھاملىنىدۇ. مەن ئاشكارا نەرسىلەرنى چۈشەندۈرمىدىممۇ؟ مۇھىم ئېتىرازلارنى ۋە تەنقىدلەرنى كۆرمەسكە سالدىممۇ؟ مەن بەزى ئېتىرازلارغا ۋە تەنقىدلەرگە جاۋاب بېرىشكە تىرىشتىم. لېكىن بىلىمەنكى، بۇ ئەسەرگە قارىتا تېخىمۇ كۆپ يۇقىرى ۋە تۆۋەن سەۋىيەلەردىكى تەنقىدلەر كېلىدۇ.

بىرىنچى تۈردىكى تەنقىدلەر ئىچىدە «يەھۇدىيلار دۇنيادا قىيىنچىلىق تارتقان بىردىنبىر خەلق ئەمەس» دېگەن قاراشلار بار. بۇ يەردە مەن بۇنىڭغا قارىتا جاۋاب بېرىمەن: گەرچە دەسلەپتە ئۆزگىلەرنىڭ بەختسىزلىكى بىزنىڭكىدىن تېخىمۇ ئېغىر بولمىسىمۇ، بىز بۇ بەختسىزلىكنىڭ ئازراقىنى يوق قىلىشتىن باشلىساق بولىدۇ. يەنە مۇنداق دېيىلىشى مۇمكىن: بىز ئىنسانلار ئارىسىدا يېڭى پەرقلەرنى يارىتىماسلىقىمىز كېرەك؛ يېڭى توسالغۇلارنى تىكلىمەسلىكىمىز، ئەكسىچە كونىلانى يوقۇتۇشىمىز كېرەك.

ئەمما بۇنداق ئويلايدىغان كىشىلەر مۇلايىم خىيالپەرەسلەر بولۇپ، ئۇلارنىڭ ۋەتەن ئىدىيىسى سۆڭەكلىرىنىڭ توپىسى شامالدا ئىزسىز يوقاپ كەتكەن ۋاقىتتىمۇ ياشىرىپ تۇرىدۇ. دۇنياۋى قېرىنداشلىق ھەتتا

گۈزەل چۈشمۇ ئەمەس. دۈشمەنلىك ئىنساننىڭ ئەڭ چوڭ تىرىشچانلىقلىرى ئۈچۈن زۆرۈردۇر.

يەھۇدىيلار بىر قېتىم ئۆز دۆلىتىگە ماكانلاشقاندىن كېيىن، ئېھتىمال دۈشمەنلىرى قالمايدۇ. كەينىدە قالغانلارغا كەلسەك، باياشاتلىق ئۇلارنى ئاجىزلاشتۇرۇپ ئازىيىشقا سەۋەب بولغاچقا، ئۇلار تېزلا پۈتۈنلەي يوقاپ كېتىدۇ. مېنىڭچە يەھۇدىيلارنىڭ خۇددى ھەر بىر مىللەتنىڭ بولغىنىدەك، ھەر دائىم يېتەرلىك دۈشمەنلىرى بولىدۇ. ئەمما بىر قېتىم ئۆز زېمىنىدا تۇراقلاشقاندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ پۈتۈن دۇنياغا تارقىلىشى مۇمكىن بولمايدۇ. دىئاسپورا قايتا تۇغۇلمايدۇ - پەقەت پۈتكۈل يەر يۈزى مەدەنىيىتى يىمىرىلسىلا بولىدۇ. بۇنداق ئاقىۋەتتىن پەقەت ئەخمەق ئادەملەرلا قورقىدۇ. ھازىرقى مەدەنىيىتىمىز ئۆزىنى قوغداش ئۈچۈن يېتەرلىك كۈچلۈك قوراللارغا ئىگە.

سانسىز ئىپتىراز ۋە تەنقىدلەر تۆۋەن سەۋىيىگە ئاساسلىنىدۇ، چۈنكى بۇ دۇنيادا ئىسىللەرگە قارىغاندا پەسكەش ئادەملەر كۆپرەك. مەن بۇ تار ۋە يۈزەكى پىكىرلىك قاراشلارنىڭ بەزىلىرىنى يوقىتىشقا تىرىشتىم. يەتتە يۈلتۈزلۈق ئاق بايرىقىمىزنىڭ كەينىدە تۇرۇشقا خالايدىغان ھەرقانداق كىشى بۇ ئاقارتىش ھەرىكىتىگە ياردەم بېرىشى كېرەك. بەلكىم بىز ئاۋۋال ئۆز ئىرقىمىزنىڭ نۇرغۇن نىيىتى يامان نىيەتلىك، كۆزى كىچىك ئەزالىرىغا قارشى كۈرەش قىلىشىمىزغا توغرا كېلىدۇ.

يەنە، كىشىلەر مېنى يەھۇدىي دۈشمەنلىرىنى قورال بىلەن تەمىنلەۋاتىدۇ ، دەيدۇ. نېمە ئۈچۈن؟ چۈنكى مەن ھەقىقەتنى ئېتىراپ قىلىمەنمۇ؟ چۈنكى مەن بىزگە قارشى پەقەت ئىسىل ئادەملەرلا بار دەپ تۇرۇۋالمايمەنمۇ؟ كىشىلەر مېنىڭ دۈشمەنلىرىمىزگە بىزگە زىيان يەتكۈزۈشنىڭ يولىنى كۆرسىتىۋاتقانلىقىمنى ئېيتامدۇ؟ مەن بۇنىڭغا پۈتۈنلەي قارشى.

مېنىڭ تەكلىپىم پەقەت كۆپ ساندىكى يەھۇدىيلارنىڭ ئەركىن رازىلىقى بىلەنلا ئەمەلگە ئاشۇرۇلىدۇ. شەخسلەرگە ياكى ھەتتا ئەڭ كۈچلۈك يەھۇدىيلارنىڭ گۇرۇپپىلىرىغا قارشى ھەرىكەت قىلىنىشى مۇمكىن، ئەمما ھۆكۈمەتلەر ھەرگىزمۇ بارلىق يەھۇدىيلارغا قارشى ھەرىكەت قىلمايدۇ. قانۇن ئالدىدا يەھۇدىيلارنىڭ باراۋەرلىك ھوقۇقى بىر

قېتىم بېرىلگەن بولسا قايتۇرۇۋېلىنمايدۇ. چۈنكى قايتۇرۇۋېلىشقا تۈنجى قېتىملىق ئۇرۇنۇش دەرھال بارلىق يەھۇدىيلارنى- باي- كەمبەغەللەرنى ئوخشاشلا - ئىنقىلابىي پارتىيەلەرنىڭ سېپىگە ئىتتىرىدۇ. يەھۇدىيلارغا قارشى ھەر قانداق رەسمىي ئادالەتسىزلىك ھەرىكەتلىرىنىڭ باشلىنىشى ھامان ئىقتىسادىي كرىزىسلارنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. شۇڭلاشقا، بىزگە قارشى ھېچقانداق قورال ئۈنۈملۈك قوللىنىلالمايدۇ، چۈنكى بۇلار ئۇلارنى ئوينىتىۋاتقان قوللارنى زەخىملەندۈرىدۇ. بۇ ئارىدا نەپرەت تېز كۆپىيىدۇ. بايلار بۇنى ئانچە ھېس قىلمايدۇ، ئەمما نامرات يەھۇدىيلىرىمىز ھېس قىلىدۇ. يەھۇدىي دۈشمەنلىكىنىڭ ئاخىرقى قېتىم يوقىلىشىدىن كېيىن ھەر قاچاندىكىدىن بەكرەك ئېغىر دەرىجىدە پرولېتارلاشتۇرۇلغان نامراتلىرىمىزدىن سورايلى.

باياشات تۇرمۇشتىكى بەزى كىشىلىرىمىز بېسىمىنىڭ كۆچۈشىنى ئاقلاشقا يېتەرلىك دەرىجىدە كۈچلۈك ئەمەسلىكىنى ۋە ھەر بىر مەجبۇرىي سۈرگۈننىڭ خەلقىمىزنىڭ قانچىلىك كېتىشىنى خالىمايدىغانلىقىنى كۆرسەتكەنلىكىنى ئېيتىشى مۇمكىن. توغرا، چۈنكى ئۇلار قەيەرگە بېرىشنى بىلمەيدۇ؛ چۈنكى ئۇلار پەقەت بىر قىيىنچىلىقتىن يەنە بىرىگە ئۆتىدۇ. ئەمما بىز ئۇلارغا ۋەدە قىلىنغان زېمىنغا بارىدىغان يولنى كۆرسىتىۋاتىمىز. قىزغىنلىقنىڭ ھەيۋەتلىك كۈچى قورقۇنچلۇق ئادەت كۈچىگە قارشى كۈرەش قىلىشى كېرەك.

زىيانكەشلىكلەر ئوتتۇرا ئەسىرلەردىكىدەك كونا ئەمەسمۇ؟ توغرا، ئەمما بىزنىڭ سەزگۈرلۈكىمىز ئاشقان، شۇڭا بىز ئازابلىرىمىزنىڭ ئازايغانلىقىنى ھېس قىلمايمىز. ئۇزاق مۇددەتلىك زىيانكەشلىك نېرۋىلىرىمىزنى ھەددىدىن زىيادە چىڭىتىۋەتكەن.

كىشىلەر يەنە: «ئەگەر بىز زېمىننى ۋە ئۇنىڭ ئۈستىدىكى ھۆكۈمرانلىقنى ئالساقمۇ، پەقەت نامراتلارلا بىز بىلەن بارىدىغانلىقى ئۈچۈن، بىزنىڭ تەشەببۇسىمىز ۋە تىرىشچانلىقلارنىڭ ئۈمىدسىز ئىكەنلىكىنى» ئېيتامدۇ؟ بىزگە دەسلەپتە دەل ئەڭ نامراتلار كېرەك. پەقەت ئۈمىدسىزلا ياخشى غالىب كېلىدۇ.

بەزىلەر: «ئەگەر ئەمەلگە ئاشۇرغىلى بولىدىغان بولسا، بۇرۇنلا قىلىنغان بولاتتى» دېيىشى مۇمكىنمۇ؟

بۇ ھېچقاچان مۇمكىن بولمىغان؛ ئەمدى مۇمكىن. يۈز - ياكى ھەتتا ئەللىك يىل ئىلگىرى، بۇ پەقەت بىر چۈش بولاتتى. بۈگۈن ئۇ رېئاللىققا ئايلىنىشى مۇمكىن. بارلىق تېخنىكىلىق مۇۋەپپەقىيەتلىرىمىزنى ياخشى بىلىدىغان بايلىرىمىز پۇلنىڭ قانچىلىك كۆپ ئىش قىلالايدىغانلىقىنى ناھايىتى ياخشى بىلىدۇ. ئاخىرىدا مۇنداق بولىدۇ: ئىنساننىڭ تەبىئەت كۈچلىرى ئۈستىدىن ئاللىقاچان قانچىلىك ھۆكۈمرانلىق يۈرگۈزەلەيدىغانلىقىنى بىلمەيدىغان دەل مۇشۇ نامرات ۋە ئاددىي كىشىلەر، يېڭى خەۋەرگە ئەڭ مۇستەھكەم ئىشەنچ قىلىدۇ. چۈنكى بۇلارنىڭ ۋەدە قىلىنغان زېمىنغا بولغان ئۈمىدى ھېچقاچان يوقالمىغان.

مانا يەھۇدىي قېرىنداشلىرىم! بۇ چۆچەكمۇ ئەمەس، ئالدامچىلىقمۇ ئەمەس! ھەر بىر ئادەم ئۇنىڭ رېئاللىقىنى ئۆزى سىناپ باقالايدۇ، چۈنكى ھەر بىر ئادەم ۋەدە قىلىنغان زېمىنىنىڭ بىر قىسمىنى ئۆزى بىلەن ئېلىپ بارىدۇ - بىرسى ئۆز بېشىدا، يەنە بىرسى ئۆز بىلەكلىرىدە، يەنە بىرسى ئۆزىنىڭ ئىگىلىگەن مال-مۈلكىدە ئېلىپ بارىدۇ.

ئەمدى، بۇلارنىڭ ھەممىسى چەكسىز ئۇزۇن بىر ئىش بولۇپ كۆرۈنۈشى مۇمكىن. ھەتتا ئەڭ پايدىلىق ئەھۋاللاردىمۇ، دۆلەت قۇرۇلۇشىنىڭ باشلىنىشىدىن بۇرۇن نۇرغۇن يىللار ئۆتۈشى مۇمكىن. بۇ ئارىلىقتا، مىڭلىغان ھەرخىل جايلاردىكى يەھۇدىيلار ھاقارەت، خورلۇق، تىللاش، ئۇرۇش، بۇلاڭ-تالاڭ ۋە ئۆلۈمگە ئۇچرايدۇ. ياق! ئەگەر بىز پىلانلارنى ئىجرا قىلىشنى باشلىساقلا، يەھۇدىي دۈشمەنلىكى دەرھال ۋە مەڭگۈ توختايدۇ. چۈنكى بۇ تىنچلىق كېلىشىمىنىڭ يەكۈنىدۇر.

يەھۇدىي شىركىتىمىزنىڭ قۇرۇلغانلىقى توغرىسىدىكى خەۋەر تېلېگراف سىملىرىمىزنىڭ چاقماق تېزلىكىدە بىر كۈن ئىچىدە يەر يۈزىنىڭ ئەڭ چەت-ياقىلىرىغا يەتكۈزۈلىدۇ ۋە دەرھال ياردەم كېلىدۇ.

ئوتتۇرا قاتلام كىشىلىرىمىزدە يېتىشىپ چىققان نۇرغۇن قابىلىيەتلىك كىشىلىرىمىز، تېخنىكلىرىمىز، ئوفىتسېرلىرىمىز، پروفېسسورلىرىمىز، ئەمەلدارلىرىمىز، ئادۋوكاتلىرىمىز ۋە دوختۇرلىرىمىز بولۇپ بىر چىقىش يولى تاپىدۇ. قىسقىسى، ھەرىكەت تېز ئەمما سىلىق ئىلگىرىلەشتە داۋاملىشىدۇ.

بىزنىڭ خىزمىتىمىزنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇشى ئۈچۈن ئىبادەتخانىلاردا ۋە چېركاۋلاردىمۇ دۇئالار قىلىنىدۇ؛ چۈنكى بۇ ھەممەيلەن ئازاب چەككەن كونا يۈكتىن خالاس بولۇشنى ۋۇجۇدقا چىقىرىدۇ.

لېكىن بىز ئالدى بىلەن كىشىلەرنىڭ زېھنىلىرىگە يورۇقلۇق ئېلىپ كېلىشىمىز كېرەك. بۇ پىكىر خەلقىمىز ياشايدىغان ئەڭ يىراق، پېقىر جايلارغىچە يېتىپ بېرىشى كېرەك. ئۇلار قاراڭغۇ خىياللاردىن ئويغىنىدۇ، چۈنكى ئۇلارنىڭ ھاياتى يېڭى مەنىگە ئىگە بولىدۇ. ھەر بىر ئادەم پەقەت ئۆزىنى ئويلىشى كېرەك، شۇنداق بولغاندا بۇ ھەرىكەت زور كۆلەملىك ھالەتكە كېلىدۇ.

بۇ ئىش ئۈچۈن پىداكارلىق بىلەن كۈرەش قىلغۇچىلارنى نېمىدېگەن ئالىي شان-شەرەپ كۈتمەكتە!

شۇڭا مەن يەھۇدىيلارنىڭ قالتىس بىر ئەۋلادىنىڭ پەيدا بولىدىغانلىقىغا ئىشىنىمەن. ماككابەللەر[1]قايتا باش كۆتۈرىدۇ.

مەن باشتا ئېيتقان سۆزلىرىمنى يەنە بىر قېتىم تەكرارلايمەن: دۆلەت قۇرۇشنى خالايدىغان يەھۇدىيلار ئۇنىڭغا ئېرىشىدۇ. بىز ئاخىرى ئۆز تۇپرىقىمىزدا ئەركىن ئادەملەر سۈپىتىدە ياشايمىز ۋە ئۆز ئۆيلىرىمىزدە تىنچ ئۆلىمىز. دۇنيا بىزنىڭ ئەركىنلىكىمىز بىلەن ئازاد بولىدۇ، بايلىقىمىز بىلەن بېيىيدۇ، ئۇلۇغلۇقىمىز بىلەن ئۇلۇغلىنىدۇ. بىزنىڭ ئۆز بەخت-سائادىتىمىز ئۈچۈن ئۇ يەردە قىلماقچى بولغان ھەر قانداق ئۇرۇنۇشىمىز، ئىنسانىيەتنىڭ مەنپەئىتى ئۈچۈن كۈچلۈك ۋە پايدىلىق تەسىر كۆرسىتىدۇ.

---

[1] سېلېۋكوس ئىمپېرىيەسىگە قاراشلىق يەھۇدىيا دۆلىتىنىڭ كونتروللۇقىنى قولغا كىرگۈزگەن يەھۇدىي ئاسىي قوشۇنىنىڭ نامىدۇر

# پايدىلانغان ماتېرىياللار:


- كونگرېس نۇتۇقلىرى. نيۇيورك، ئامېرىكا زىئونىستلار فېدېراتسىيەسى، 1917. 40 بەت.
- ھېرزىلنىڭ كۈندىلىكلىرىدىن تاللانمىلار. نيۇيورك، سكوپۇس نەشرىيات شىركىتى. 1941. 122 بەت
- گېسامېلتې شىرىفتېن (يىددىش تىلىدا). نيۇيورك، لىتېرارىشە ۋېرلاگ، 1920. 2 جىلد
- گېساممېلتې زىئونىستىشە ۋېركە. 3-نەشرى. بېرلىن. يۇدىشېر ۋېرلاگ (1934) 5 جىلد. مەزمۇنلىرى: 1-جىلد زىئونىستىشە شىرىفتېن؛ 2، 3، 4-جىلدلار، تاگېبۇچېر، 5-جىلد داس نويە گېتتو؛ ئالتنويلاند، ئاۋس دېم ناخلاس
- داس يۇدېنستاتات؛ يەھۇدىي مەسىلىسىنىڭ زامانىۋى ھەل قىلىش يولىغا ئۇرۇنۇش. ئوتتو ۋاربۇرگنىڭ كىرىش سۆزى بىلەن يېڭى نەشرى. بېرلىن، يۇدىشېر ۋېرلاگ، 1918. 88 بەت. ھەر خىل نەشرلەر.
- كونا-يېڭى زېمىن لوتتا لېۋېنسون تەرجىمىسى، ستېفېن س. ۋايسنىڭ كىرىش سۆزى بىلەن. نيۇيورك، بلوك نەشرىيات شىركىتى. 1941. 296 بەت.
- يەھۇدىي مۇھاجىرلىقنىڭ تراگېدىيەسى. 2-نەشرى. نيۇيورك، ئامېرىكا سىئونىست تەشكىلاتى، 1920. 47 بەت

# تېئودور ھېرزىل ھەققىدە


- بېين، ئالېكس. تېئودور ھېرزىل ماۋرىس سامۇئېل تەرجىمىسى. فىلادېلفىيە. يەھۇدىي نەشرىيات جەمئىيىتى، 1940. 545 بەت
- براينىن، رۇبېن. ھېرزىلنىڭ ھاياتى. 1-جىلد، نيۇيورك، 1919. (ئىبرانىيچە)
- بۆبېر، مارتىن ۋە ۋېلتىش، روبېرت. تېئودور ھېرزىل ۋە بىز. نيۇيورك، ئامېرىكا ھىتاكدۇت تەشكىلاتى، 1929. 28 بەت
- دې ھاس، ياكوب. تېئودور ھېرزىل، بىئوگرافىيەلىك تەتقىقات. نيۇيورك، 1927. 2 جىلد
- ھوففمان، مارتا. ياش ھېرزىل (ئىبرانىيچە) يېرۇسالېم، 1941. 103 بەت.
- نېۋمان، ئېمانۇئېل. دۆلەت ئادىمىنىڭ تۇغۇلۇشى؛ تېئودور ھېرزىلنىڭ ھاياتى ھەققىدە بىر ھېكايە، نيۇيورك، ئامېرىكا يەھۇدىي مىللىي فوندى ياشلار بۆلۈمى. 48 بەت
- يېڭى پەلەستىن. تېئودور ھېرزىل، خاتىرە كىتابى؛ مېيېر ۋ. ۋېيسگال تەھرىرلىگەن. نيۇيورك، 1929. 320 بەت
- زىسئونىست تەشكىلاتى ئىجرائىيە كومىتېتى. تېئودور ھېرزىل، ئېين گېدېنكبۇخ. بېرلىن، يۈدىشېر ۋېرلاگ، 1929. 79 بەت.

# يىلنامە

1860- ماي: ۋولف تېئودور (بېنيامىن زېۋ) ھېرزىل بۇداپېشتتىكى تاباكگاسسەدە، ياكوب ۋە جېئانېتتە (دىئامانت) ھېرزىلنىڭ ئوغلى بولۇپ تۇغۇلغان.

1885- ماي 27: تۇنجى فېئۇلېتون ۋيېنا ئالگېمېينې گېزىتىدە نەشر قىلىنغان.

1894- ئۆكتەبىر 21: درېيفۇسنىڭ قولغا ئېلىنىشى.

1894- ئۆكتەبىر 21 - نويابىر 8: «داس نېئۇې گېتتو» نى يازىدۇ. بۇ يەھۇدىي مەسىلىسى ھەققىدە ئۆزىنى ئىپادىلەش ئۇرۇنۇشى.

1895- ئىيۇن 2: بارون دې ھىرش بىلەن سۆھبەتلىشىدۇ، سىياسىي ھەركەت پىلانىنى تەقدىم قىلىدۇ. ياخشى قوبۇل قىلىنمىغان. بۇ سۆھبەتتىن كېيىنلا، كېيىنچە ئۇنى ئۆزىنىڭ سىئونىزم خىزمىتىنىڭ باشلىنىشى دەپ بەلگىلەيدۇ، ھېرزىل ئۆزىنىڭ كۈندىلىكلىرىنى باشلايدۇ.

1895- ئىيۇن-ئىيۇل: «دېر جۇدېنستاات» نىڭ تۇنجى قولىيازمىسىنى يازىدۇ.

1895- نويابىر 17: پارىژدا دوكتور نورداۋغا يەھۇدىي دۆلىتى ئىدىيەسىنى چۈشەندۈرىدۇ. دەرھال چۈشىنىشكە ئېرىشىدۇ. نورداۋ ھېرزىلغا زانگۋىل ۋە لوندون ماككابېئان كۇلۇبىغا تونۇشتۇرۇش بېرىدۇ.

1895- نويابىر 21: لوندون. زانگۋىل بىلەن تۇنجى كۆرۈشۈش.

1895- نويابىر 24: لوندون. ماككابېئان كۇلۇبى ئالدىدا تۇنجى سۆزلەش.

1896- فېۋرال 14: «دېر جۇدېنستاات» ۋيېنادا نەشر قىلىندى.

1896- ماي: ھېرزىل ۋيېنا سىئونىست ئوقۇغۇچىلىرى تەرىپىدىن يېتەكچى دەپ تونۇلدى.

1896- ئىيۇل 13: لوندون. ۋايتچاپېل يەھۇدىيلىرىنىڭ يىغىنىدا يەھۇدىيلارنىڭ يېتەكچىسى دەپ جاكارلاندى. چوۋېۋېي سىئون بىلەن زىددىيەت.

1896- ئىيۇل 18: پارىژ. بارون ئېدموند روتشىلد بىلەن كۆرۈشۈش، ئۇ پىلانىنى

ئەمەلىيەتسىز دەپ قارايدۇ.

1896- نويابىر 8: بىرىتانىيە سىئونىستلىرىغا مىللىي فوند توپلاشنى تەكلىپ قىلىپ خەت يازىدۇ.

1895- يىلى 18-ئىيۇل، پارىژ. بارون ئېدموند روچىلد بىلەن ئۇچرىشىش، ئۇ پىلاننى ئەمەلگە ئاشۇرغىلى بولمايدۇ دەپ قارايدۇ. نويابىر، بىرىتانىيەلىك سىئونىستلارغا مىللىي فوند توپلاشنى تەكلىپ قىلىپ خەت يازىدۇ. 8

1896-يىلى 6-مارت سىئونىستلار بىرلەشمىسى 25-ئاۋغۇستتا ميۇنخېندا سىئونىست قۇرۇلتىيى ئۆتكۈزۈشنى قارار قىلىدۇ. 4-ئىيۇن «دىي ۋېلت» نىڭ تۇنجى سانى نەشر قىلىنىدۇ. 17-ئىيۇن سىئونىست ھەرىكەت كومىتېتى قۇرۇلتاينى بازىلدا ئۆتكۈزۈشنى قارار قىلىدۇ. 29-31-ئاۋغۇست بىرىنچى سىئونىست قۇرۇلتىيى بازىلدا ئۆتكۈزۈلىدۇ.

1897-يىلى 28-30-ئاۋغۇست ئىككىنچى سىئونىست قۇرۇلتىيى بازىلدا ئۆتكۈزۈلىدۇ. 26-ئۆكتەبىر ھېرزىل گۇرۇپپىسى جاففاغا چۈشىدۇ؛ پەلەستىنىدىكى يەھۇدىي كولونىيەلىرىنى ئايلىنىدۇ. 2-نويابىر گېرمان ئىمپېراتورى بىلەن يېرۇسالېم سىرتىدىكى قارارگاھىدا رەسمىي ئۇچرىشىش. مۇستەملىكە قىلىش پروبلېمىلىرى مۇھاكىمە قىلىنىدۇ.

1898- يىلى 20-مارت يەھۇدىي مۇستەملىكە ئىشەنچە شىركىتى چەكلىك شىركىتى نامىنىڭ رويخەتكە ئېلىنىشى. 15-17-ئاۋغۇست ئۈچىنچى سىئونىست قۇرۇلتىيى بازىلدا ئۆتكۈزۈلىدۇ.

1899- يىلى 2-ئاۋغۇست تۆتىنچى سىئونىست قۇرۇلتىيى لوندوندا ئېچىلىدۇ. ھېرزىل ئېغىر كېسەلدىن ئارانلا ساقايغان بولسىمۇ، قۇرۇلتايغا قاتنىشىدۇ.

1901- يىلى 18-ماي يىلدىز كۆشكىدە ئابدۇل ھامىد 2-نچى بىلەن رەسمىي ئۇچرىشىش. ھېرزىلغا يەھۇدىيلارغا پايدىلىق جاكارنامە ئېلان قىلىش ۋەدىسى بېرىلىدۇ. بىرىنچى دەرىجىلىك مەجىدىيە ئوردېنى گىراند كوردونىنى قوبۇل قىلىدۇ. 29-31-دېكابىر بەشىنچى قۇرۇلتاي بازىلدا ئېچىلىدۇ. زانگۋىل ICA غا ھۇجۇم قىلىدۇ. ھېرزىل بىلەن رۇسىيەلىك «مەدەنىيەت» سىئونىستلىرى ئوتتۇرىسىدا توقۇنۇش. مىللىي فوند توغرىسىدا مۇزاكىرە.

1902- يىلى 17-فېۋرال كونستانتىنوپول. سۇلتان ھېرزىلغا بىر ئىمتىياز تەكلىپ قىلىدۇ، ئەمما پەلەستىن ئۈچۈن ئەمەس. 5-ئىيۇل لوندون. لورد

روچىلد بىلەن يىغىن. 7-ئىيۇل لوندون. ھېرزل چەت ئەللىكلەرنىڭ كۆچمەنلىكى توغرىسىدىكى پادىشاھلىق كومىسسىيەسى ئالدىدا كۆرۈندى. ئۆكتەبىر «ئالتىنېۋلاند» نىڭ نەشر قىلىنىشى.

1903- يىلى يانۋار ئەل ئارىش ئېكسپېدىتسىيەسى تەشكىللىنىدۇ. 11-ماي ئەل ئارىشتا مۇستەملىكە قۇرۇشقا مىسىر رۇخسەت قىلمايدۇ. 16-ئاۋغۇست ۋىلنا. چوڭ ئالقىشلار. شۇ يەردە بىرىتانىيە تاشقى ئىشلار ئىدارىسىنىڭ سىر كلېمېنت خىلدىن ئۇگاندانى تەكلىپ قىلغان خېتىنى تاپشۇرۇۋالىدۇ. 22-28-ئاۋغۇست ئالتىنچى سىئونىست قۇرۇلتىيى بازېلدا ئۆتكۈزۈلىدۇ. ئۇگاندا توقۇنۇشى.

1904- يىلى 16-ماي كۈندىلىكلەردىكى ئاخىرقى خاتىرە - شىففقا يېزىلغان خەت.

3-ئىيۇل تېئودور ھېرزلنىڭ ۋاپاتى.